التذاكر الجياد لأهل الجهاد

# مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئەسلەتمىلەر

ئابدۇللاھ خالىد ئەدەم

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيفۇررەھمان

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

التذاكر الجياد لأهل الجهاد

# مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئەسلەتمىلەر

ئابدۇللاھ خالىد ئەدم

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيفۇرراھمان

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز..........................................4
1ـ ئەسلەتمە: ئىخلاس ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ھەققىدە ........8
2ـ ئەسلەتمە: سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن بىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە..........................................36
3ـ ئەسلەتمە: بۆلۈنمەسلىك ھەققىدە ..........................48
4ـ ئەسلەتمە: ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش ..........61
5ـ ئەسلەتمە: الله يولىدا رىباتتا تۇرۇش ........................81
6ـ ئەسلەتمە: كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاش ........................89
7ـ ئەسلەتمە: مۇئمىنىدىكى ئىككى مۇھىم سۈپەت ............ 103
8ـ ئەسلەتمە: سابىق مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى ................ 108
9ـ ئەسلەتمە: ئەنسارىلارنىڭ پەزىلىتى ........................ 123
10ـ ئەسلەتمە: ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش.......... 132
11ـ ئەسلەتمە: غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ شەرتلىرى ................ 148
12ـ ئەسلەتمە: مۇئمىنلەر ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدۇ 157
13ـ ئەسلەتمە: ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش يوللىرى ............ 173
14ـ ئەسلەتمە: الله يولىدا ھىجرەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ پەزىلىتى..........................................180
15ـ ئەسلەتمە: غېرىبلارغا جەننەت بولسۇن.................... 186
16ـ ئەسلەتمە: باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ................ 192
17ـ ئەسلەتمە: مۇنازىرىنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى................. 200
18ـ ئەسلەتمە: جىھاد مەيدانىدا جىھادتىن سۇسلاشتۇرغۇچى ۋە الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلار ھەققىدە ................................ 210
19ـ ئەسلەتمە: تارقالغان خەۋەرلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئىش ئىگىلىرىدىن

سۇرۇشتۇرمەي تۇرۇپ ئۇنى تارقاتماسلىق ھەققىدە ............ 215
20ـ ئەسلەتمە: سىناق ۋە ئىمتىھان........................ 226
21ـ ئەسلەتمە: كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنىدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلەڭلار.. 241
22ـ ئەسلەتمە: دىن ــــ نەسىھەتتۇر......................... 248
23ـ ئەسلەتمە: رەھبەرلىك قاتلىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە.................. 257
24ـ ئەسلەتمە: الله يولىدا خىزمەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ......... 264
25ـ ئەسلەتمە: دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ........................ 269
26ـ ئەسلەتمە: غەيۋەتخورلۇقنىڭ زىيىنى ...................... 277
27ـ ئەسلەتمە: ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر ......... 292
28ـ ئەسلەتمە: تىلنى يىغىش ۋە كەم سۆزلۈكنىڭ پەزىلىتى....... 298
29ـ ئەسلەتمە: زىيان تارتىشقىمۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ..... 309
30ـ ئەسلەتمە: الله ئاچچىقىنى يۇتىدىغان ۋە باشقىلارنى كەچۈرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.............................. 313
31ـ ئەسلەتمە: ئۇمۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش .................. 326
32ـ ئەسلەتمە: سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر.................................. 332
33ـ ئەسلەتمە: قورال كۆتۈرۈشنىڭ ئەدەبلىرى ................. 340
34ـ ئەسلەتمە: دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىش..................... 344
35ـ ئەسلەتمە: ھىجرەتنىڭ مەقسىتى ھەققىدە.................. 359
36ـ ئەسلەتمە: غەلىبىنىڭ ماھىيىتى........................ 370
37ـ ئەسلەتمە: جىھادتا مۇسۇلمان خەلق بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقى ........................................ 377

38ـ ئەسلەتمە: ئەمىرنىڭ سۈپەتلىرى ........................ 381
39ـ ئەسلەتمە: جىھادنىڭ غايىسى ........................ 387
40ـ ئەسلەتمە: ھەقىقەتكە ئەگىشىش ........................ 392
41ـ ئەسلەتمە: ئۇممەتنىڭ ئىناقلىقى دىندىكى ئەڭ چوڭ مەنپەئەتتۇر
.............................................. 395
42ـ ئەسلەتمە: مۇجاھىدنىڭ ئەمىلى ........................ 401
43ـ ئەسلەتمە: چېگرا ئەھلىدىن سوراڭلار........................ 407
44ـ ئەسلەتمە: الله يولىدا (پۇل ـ مال) چىقىم قىلىش ھەققىدە.... 413

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار پەزلى-ئېھسانى ۋە نېئمەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز، سېخىيلىقتا يېگانە زات بولغان الله تائالاغا خاستۇر. الله نىڭ رەھمەت ۋە سالامى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، پەيغەمبەرلەر سەردارى، رەھمەت ئەلچىسى، مۇجاھىدلار قوماندانى مۇھەممەد ﷺ گە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، دىن ئۈچۈن ھېچنەرسىسىنى ئايىمىغان پىداكار ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، قاتمۇقات ئېغىر سىناقلار ۋە جىھاد مۇشەققەتلىرى تۈپەيلى غەم-ئەندىشىلەرنىڭ قارا كۆلەڭگىسى قەلبلەرنى ئوراپ، جاھانى پىتنە-پاساتلار قاپلاپ، دىن ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئۇشبۇ پەيتتە، الله يولىدا جىھاد قىلىشنى ئۆز بۇرچى ۋە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى دەپ بىلىپ، بۇ يول ئۈستىدىكى قۇربانلىقلارغا ھازىرلانغان مۇجاھىد ئۈچۈن قىممەتلىك ئەسلەتمە ۋە پايدىلىق نەسىھەت بولالايدىغان، ھەربىر مۇجاھىدنى جىھاد يولىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان پىتنىلەردىن ساقلاپ قېلىشقا سەۋەب بولالايدىغان بىرەر كىتاب يېزىپ چىقىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. بىراق خىزمەتنىڭ كۆپلۈكى ۋە تولا ئورۇن يۆتكىلىشكە ئوخشاش شارائىت قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن بۇنىڭغا ئىمكان تاپالمىغان ئىدىم. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتىكى ھالەتلىرىمىز پارتىزانلىق ئۇرۇش ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورنىمىز مۇقىم ئەمەس ئىدى. كۈندۈزى بىر يەردە تۇرغان بولساق كېچىسى يەنە بىر يەردە تۇرۇۋاتاتتۇق. بۇ خىل ھالەت تاكى الله خالىغان مۇددەتكىچە داۋاملاشتى. كېيىنچە شارائىت ئېھتىياجى بىلەن خالىي ماكاندا يالغۇز ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن كەسكىن ئىرادىگە كەلدىم ۋە جىھاد كارۋىنىغا ياردەم بېرىش، تەۋھىد ئوغلانلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش، ھەقتىن چەتنىگەن كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن الله قا تەۋەككۇل

قىلىپ بۇ ئاددىيغىنە ئەسلەتمىلىرىمنى يېزىشقا كىرىشتىم.

ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! ھۇزۇرىڭىزغا سۇنۇلماقچى بولغان ئۇشبۇ كىتاب گەرچە ئاددىي ۋە تولىمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدا مەنپەئەتلىك مەزمۇن ۋە قىممەتلىك نەسىھەتلەر بار.

مەن بۇ كىتابنىڭ الله يولىدىكى ھەربىر قېرىنداشلىرىمغا مەنىۋى ئوزۇق، قايمۇقۇش ۋە تېڭىرقاش ئىلىكىدە زارلىنىۋاتقان مەھزۇن قەلبلەرگە ھىدايەت ۋە تەسەللىي بولۇشى، شۇنىڭدەك ھەربىر مۇجاھىد يەلكىسىگە ئالغان بۈيۈك ئامانەتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلىپ يېتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ھىدايىتىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى، قەلبىدىكى ئىشەنچ ۋە جەزمىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئەسلەتمىلەرنىڭ بولۇشىنى ئەقىدە ۋە جىھاد قېرىنداشلىقى ئالدىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىم دەپ قارىدىم. الله توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! بۇ ئېسىل ئەسلەتمىلەر ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەرنىڭ سەمەرىسى، تالاي جەڭلەرنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇزۇن يىللىق ھىجرەت ۋە جىھاد سەپەرلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. الله تىن بىزلەرگە ئىخلاسنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

ئى قېرىندىشىم! جىھاد يولىنى مۇھىم بىلىڭ ۋە ئۇنىڭ تۇتقۇسىغا چىڭ ئېسىلىڭ!

قەغەز بىرلە تۇمەن ھېكمەت ئايان بولدى،
گۈزەللىك بابىدا تولغان قىران بولدى.

قەلەم تۈلپارىدىن چۇشمەي ئۆتەر كۈنلەر،
ۋاھالەنكى ئۆمۈر سۈدەك راۋان بولدى.

ھىدايەت نۇرلىرى چاچتى قەلبلەرگە،
سىراتەل مۇستەقىمدىن بىر نىشان بولدى.

مۇھىم بىلگىن جىھادىڭنى ئەزىز دوستۇم،
گۈزەل سۆز ۋە ھەقىقەتلەر بايان بولدى.

ئى قېرىندىشىم! ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دىققىتىڭىزغا سۇنىمەن: «قەدىرلىك ئوقۇرمەن! بۇ بولسىمۇ يوقسۇل كىشىنىڭ سىزگە سۇنغان ئاددىيغىنە تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ ئۆز چۈشەنچىسىنى سىزگە سۇندى. بۇنىڭدىن سىز پايدىلىنىڭكى، مەسئۇلىيىتىگە ئۇ ئۆزى ئىگىدۇر؛ ئۇنىڭ مېۋىسىنى سىز تېتىڭكى، جاپاسىغا ئۇ ئۆزى ئىگىدۇر. ئۇنى رەھمەت، تەشەككۈرگە لايىق دەپ قارىمىسىڭىزمۇ، ئۆزرىلىك ھېسابلاڭ. ئەگەر ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك دەپ قارىسىڭىز، ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇڭ. چۈنكى، الله تائالا بارچە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك، مەدھىيىلىنىشكە لايىق زاتتۇر، ئەمما ئىنسان كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەستۇر».

شۇنى بىلىڭكى مەن بۇ كىتابىمدا ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان تېزىسلارنى ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە الله ماڭا ئىلھام قىلغان ۋە زېھنىمدىن كەچكەن يارقىن پىكىرلەرنى قەلەمگە ئالدىم. يېگانە الله تىن بۇ ئەسلەتمىلەردىن كۆزلىگەن مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزۈشىنى سورايمەن.

مەن بۇ يەردە پەزىلەتلىك شەيخ ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەتيەتۇللاھ جامال ئىبراھىم ئىشتىيوۋى مىسراتىنىڭ كىتابىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بەرگەنلىكىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. كىتاب مەزمۇننىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن شەيخنىڭ كىتابقا يېزىپ بەرگەن بىر قىسىم ئىزاھاتلىرىنى نۇرغۇن ئورۇنلاردا قىستۇرۇپ ئۆتتۇم. الله ئۇنى كۆپلەپ ياخشىلىقلار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن، ئەمەللىرىنى تارازا ـ مىزاندا ئېغىر قىلىپ بەرسۇن!

ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن بۈيۈك زات الله قا يېلىنىپ بىزدىن بۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلىشىنى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى، شۇنداقلا زېمىندا الله نىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشكە ئىشتىياق

باغلىغان مۇجاھىد ئوغلانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك كىتاب قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

ئى قېرىندىشىم! بۇ پەقەت بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقىدۇر، خالاس. ئۇنىڭ توغرا بولغان تەرەپلىرى شېرىكى يوق يېگانە الله تەرەپتىن، خاتا كەتكەن تەرەپلىرى ئۆزۈمدىن ۋە شەيتاندىندۇر. الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى خاتالىقتىن پاكتۇر. الله تىن خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەن.

سۆزلىرىمىزنى ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ھىجرىيە 1429- يىلى 3- ئاينىڭ 14-كۈنى، مىلادىيە 2008- يىلى 3- ئاينىڭ 21-كۈنى جۈمە، ئىسلام چېگرالىرىنىڭ بىرىدە تاماملاندى.

# 1 ـ ئەسلەتمە

## ئىخلاس ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ھەققىدە

الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ بىلىشى تولىمۇ زۆرۈر بولغان، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇنداق مۇھىم ئىككى شەرت بار: ئۇنىڭ بىرى، نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش؛ يەنە بىرى، پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشتۇر. بۇ ئىككى شەرت ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئەمەل مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلغاندەك بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَدِمْنَا إِلَىٰ مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَنْثُورًا﴾ «بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)»[①].

❖ **بىرىنچى، نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش**

ئىخلاس ـــ بارچە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى، الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئالىملار «ئىماننىڭ يىلتىزى» ۋە «تەۋھىد كەلىمىسى» دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بۇ «ئىخلاس» كەلىمىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھاتلارنى بەرگەن.

ئەبۇ مۇھەممەد سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [ئالىملار «<ئىخلاس> ـــ ئىنساننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارچە پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى ۋە دۇنياۋى غەرەزلەردىن خالىي بولۇشىدۇر» دېگەن].[②]

ھۇزەيفە مەرئەشى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس ـــ بەندىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشىدۇر». ھەۋارىن

---

① سۈرە فۇرقان 23 ـ ئايەت.

② «تفسير التستري لأبي محمد سهل بن عبد الله التُستري» 1 ـ توم 451 ـ بەت.

قۇشەيرى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ مەشھۇر رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس ـــ تائەت ـ ئىبادەتتە پەقەت الله رىزالىقىنى كۆزلەش ۋە الله قا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئۆزىنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئارقىلىق بەندىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىش، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ياكى مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرۈشتەك دۇنيالىق مەقسەتلەردىن يىراقلىشىشتۇر».[①]

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن (داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ياخشى) ئەمەلنى تەرك قىلىش رىيا، باشقىلارنى كۆرسۇن دەپ ئەمەل قىلىش شېرىك، الله نىڭ سېنى ھەر ئىككىلىسىدىن ساقلاپ قېلىشى بولسا ئىخلاستۇر».[②]

ئىخلاسنىڭ چۈشەندۇرۇلۇشى يۇقىرىدا ئالىملار بايان قىلغاندەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تائەت ـ ئىبادەتتە پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەش؛ مەيلى الله قا يېقىن پەرىشتىلەر ياكى مۇرسەل پەيغەمبەرلەر بولسۇن، مەيلى يېقىن دوست ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمىر ـ مەسئۇللار بولسۇن، قەلبىدە الله رازىلىقىدىن باشقىسىغا ھېچبىر ئورۇن قويماسلىق، الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىرنەرسە بېرىشىگە قىزىقماسلىق، بەرمەسلىكىدىن قورقماسلىق، بىرەر گۇرۇھنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشقا ھېرىسمەن بولماسلىق ۋە بىرەر جامائەتنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلىشقا ئوخشاش ئىخلاسنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

ئەمەلنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تارازا ـ مىزاندا ئىخلاسسىز ئەمەلنىڭ قىلچىلىك ۋەزنى يوقتۇر. شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەتىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ـ سۈننەتنىڭ دەلىللىرى ۋە ئۈممەتنىڭ ئىجماسى ئىخلاسنىڭ سۆز ۋە

[①] «الرسالة القشيرية» 2 ـ توم 359 ـ بەت.

[②] «بستان العارفين» 1 ـ توم 23 ـ بەت.

ئەمەللەردىكى مۇھىم شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ». ①

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللَّهَ مُخْلِصًا لَهُ الدِّينَ﴾ «ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله قا ئىبادەت قىلغىن»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى»⑤. فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ ﴿أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ ياخشى» دېگەن ئايەتنى «قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا» دەپ تەپسىرلىگەن. ئۇنىڭدىن ئىخلاسنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «ئەگەر ئەمەل خالىس

① «شرح الحقائق» 1ـ توم 10ـ بەت.
② سۈرە بەييىنە 5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ئەنئام 162ـ ۋە 163ـ ئايەت.
④ سۈرە زۇمەر 2ـ ئايەت.
⑤ سۈرە مۇلك 2ـ ئايەت.

بولۇپ توغرا بولمىسا ياكى توغرا بولۇپ خالىس بولمىسا، تاكى خالىس ھەم توغرا بولمىغۇچە ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. الله ئۈچۈن بولغان ئەمەل خالىس، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغان ئەمەل توغرا ئەمەلدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن كېيىن الله نىڭ: ﴿فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان.[2]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إنما الأعمال بالنيات وإنما لكل امرئ ما نوى، فمن كانت هجرته إلى اللّٰه ورسوله فهجرته إلى اللّٰه ورسوله، ومن كانت هجرته لدنيا يصيبها أو امرأة ينكحها فهجرته إلى ما هاجر إليه» «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ: كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل-مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ».[3]

مەناۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ئىخلاسنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ھەققىدىكى يىغىنچاق، مەزمۇنى ئومۇمىي بولغان ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ھېچبىر ئەمەل بۇ ھەدىسنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار تەرىپىدىن مۇتەۋاتىر شەكىلدە نەقىل

[1] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] خالىد سەبتىنىڭ «أعمال القلوب» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 49 ـ بەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنغان. ئەبۇ ئۇبەيدە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە بۇ ھەدىستىنمۇ ئومۇمىيراق، مەنپەئەتى ۋە پايدىسى كۆپ بىرەر ھەدىس يوق».①

ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەدىنى، ئىبنى مەھدى، ئەبۇ داۋۇد ۋە دارىقۇتنى قاتارلىق ئالىملار بۇ ھەدىس ئىلىمنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ دېسە، يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئىلىمنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قال اللَّه تبارك وتعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك، من عمل عملا أشرك فيه معي غيري، تركته وشركه» «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت زاتتۇرمەن، كىمكى ماڭا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئەمەلنى قىلسا، مەن ئۇ كىشىنى ئۇنىڭ شېرىكى بىلەن بىللە تاشلاپ قويىمەن».②

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «اللە ھەقىقەتەن شېرىكلىشىشتىن بىھاجەتتۇر. كىمكى اللە قا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىرەر ئەمەلنى قىلىدىكەن، اللە ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەمەلنى شېرىك كەلتۈرۈلگۈچىگە تاشلاپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن رىياخورنىڭ ئەمىلىنىڭ ھېچقانداق ئەجرگە ئېرىشەلمەيدىغان باتىل ئەمەل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇ ئەمەلنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئازاب بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ».③

ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ فۇزالە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إذا جمع اللَّه عز وجل الأولين، والآخرين ليوم لا ريب فيه، نادى مناد: من كان أشرك في عمل عمله للَّه أحدا،

① «فيض القدير شرح الجامع الصغير» 5- توم 83- بەت.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ «شرح مسلم للنووي» 10- توم 114- بەت.

فليطلب ثوابه من عند غير اللّٰه عز وجل، فإن اللّٰه أغنى الشركاء عن الشرك» «بولۇشى مۇقەررەر بولغان قىيامەت كۈنى، ﷲ بارلىق خالايىقنى توپلىغاندا بىر جاكارچى نىدا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: <كىمكى ﷲ ئۈچۈن قىلغان ئەمىلىگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان بولسا، ساۋابىنى شۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن! چۈنكى، ﷲ شېرىكلەردىن ئەڭ بىھاجەت زاتتۇر>».[1]

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ﷲ پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر ئەمەللىرىڭلاردا پەقەت ﷲ نىڭ رىزالىقىنى كۆزلەڭلار. بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ﷲ نىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلغان سالىھ ئەمەللىرىڭلار ـــ ﷲ نىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارىدىغان تائەت-ئىبادەت، ئېرىشكەن نېسىۋە ۋە ئادا قىلغان مەجبۇرىيىتىڭلاردۇر. دېمەك، ﷲ ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمىلىڭلار سىلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان نەرسەڭلاردۇر».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئىخلاس ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «دىنىنى ﷲ ئۈچۈن خالىس قىلىش بولسا ﷲ نىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلغان، مۇئمىنلەرنىڭ ئىماملىرى ئۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەن دىنغا ئەگىشىش بولۇپ، مانا بۇ ـــ پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنىڭ مەركىزىي ئىددىيىسىدۇر».[2]

ئەبۇ ئالىيە رەھىمەھۇللاھ ﷲ تائالانىڭ ﴿**شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا**﴾ «ﷲ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى»[3] دېگەن ئايىتىنى تەپسىرلەپ: «ﷲ ئۇلارغا تەۋسىيە قىلغان نەرسە ئىخلاس ئىدى» دېگەن.

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] «مجموع الفتاوى» 10- توم 49- بەت.

[3] سۈرە شۇرا 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىخلاس بولسا ۋەزنى ئېغىر، اللە قا ئەڭ سۆيۈملۈك، مەرتىۋىسى ئەڭ ئۈستۈن ئەمەل بولۇپ، اللە ئۇنى شۇنىڭغا لايىق بولغان بەندىلەرگىلا ئاتا قىلىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «قىسقىغىنە ۋاقىت ئىخلاس قىلىش مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولىدۇ. لېكىن ئىخلاس قىلىش بەكمۇ قىيىندۇر».

سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تۇستەرى رەھىمەھۇللاھتىن «نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ئىخلاستۇر. چۈنكى، نەپسىنىڭ ئىخلاستىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق».[1]

يۇسۇف ئىبنى ھۇسەين رازى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش ئىخلاستۇر، مەن قەلبىمدىن رىياخورلۇقنى چىقىرىۋېتىشكە شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ، ئۇ قەلبىمدە باشقا بىر ھالەتتە بىخلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ».[2]

اللە يولىدىكى مۇجاھىدلار جانلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ ياراتقۇچىسىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ جانلىرىنى پىدا قىلىشقا دائىم تەييار تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ئىخلاسقا ئەڭ موھتاج كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە قەلبىدە ئىخلاسنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. «سەھىھ مۇسلىم»دا ئۆزىنىڭ جىھادىدا رىياخورلۇق قىلغان كىشى ھەققىدىكى تەھدىت ھەدىس نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرەتتىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر كىشىنىڭ رىياخورلۇق ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان (اللە قا سېغىنىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

[1] «تزكية النفوس» 1 ـ توم 6 ـ بەت.

[2] خالىد سەبتىنىڭ «أعمال القلوب» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 56 ـ بەت.

مۇنداق دېگەن: «إن أول الناس يقضى يوم القيامة عليه رجل استشهد، فأتي به فعرفه نعمه فعرفها، قال: فما عملت فيها؟ قال: قاتلت فيك حتى استشهدت. قال: كذبت، ولكنك قاتلت لأن يقال: جريء! فقد قيل، ثم أمر به فسحب على وجه حتى ألقي في النار» «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشى <شەھىد> بولغان كىشىدۇر. الله ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. الله ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: <سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدۇم> دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ ۋە بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ».[1]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ۋە نام ـ ئاتاقنى كۆزلەپ غازات قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئۇ ئاخىرەتتە نېمىگە ئېرىشىدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <لا شيء له> <ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم بۇ سوئالنى قايتا ئۈچ قېتىم سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا: <لا شيء له> <ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق> دېدى ۋە ئاندىن: <إن الله تعالى لا يقبل من العمل إلا ما كان له خالصًا، وابتغي به وجه> <شۈبھىسىزكى، الله تائالا پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ> دېدى».[2] بۇ ھەقتىكى ھەدىس ۋە ئەسەرلەر تولىمۇ كۆپتۇر.

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، گەرچە سىز قەلبىڭىزدىن غاپىل قالسىڭىز ياكى خاتالاشسىڭىزمۇ، شەيتان سىزدىن غاپىل قالمايدۇ. ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ «تلبيس إبليس» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئىبلىس نۇرغۇن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كىشىلەرنى ئازدۇرۇۋەتكەنلىكتىن، كىشىلەر <پالانى غازى، پالانى باتۇر> دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ياكى رىياخورلۇق قىلىش ۋە ياكى بولمىسا غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈنلا جىھادقا چىقتى. ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىق بولىدۇ».[1]

شۇنداق بولغان ئىكەن سىز جىھادىڭىزدا باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە مەدھىيىلىشىنى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش نەپسى-خاھىشىڭىزنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن يىراق تۇرۇشىڭىز كېرەككى، مەلۇم بىرەر تەشكىلات ياكى جامائەتكە تەۋە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا باشقا بىر تەشكىلات ياكى جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئويلىماڭ. مانا بۇلار كىشىلەرنى جىھادنىڭ ئەسلى غايىسىدىن بۇرۇۋېتىدىغان خەتەرلىك ئامىللاردۇر. سىزنىڭ شوئارىڭىز ھەرۋاقىت الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بولسۇن: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ۝ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ۝﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر [162]. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن> [163]» [2].

پەقەت الله قا تەسلىم بولغان، ئەمىلىنى الله ئۈچۈنلا خالىس قىلغان مۇۋەھھىد قەلب ئىگىسىلا ئىخلاس بەخش ئەتكەن ئىمانىي ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بەندە الله قا ئىخلاسمەن بولسا، رەببى ئۇنىڭ قەلبىنى تىرىلدۇرۇپ، ئۆزىگە يېقىن بەندە قىلىپ تاللىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ كىشى ئىخلاسقا زىت بولغان ناچار قىلمىشلاردىن ئايرىلىدۇ ۋە ئىخلاسقا زىت

[1] «تلبيس إبليس» 1- توم 179- بەت.
[2] سۈرە ئەنئام 162- 163- ئايەتلەر.

بولغان نەرسىلەردىن ئەندىشە قىلىدىغان بولىدۇ». ①

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ھالەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىخلاستىن مەھرۇم بولغان قەلب ئىگىسى نەپسى-خاھىشىغا بويسۇنغانلىقتىن، شامال قايسى تەرەپكە ئەگسە شۇ تەرەپكە مايىل بولىدىغان يۇمران نوتىغا ئوخشاش ھەرقانداق بىرنەرسىگە قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھالال-ھارام ئۆلچىمى بولمايدۇ. ئۇنى بەزىدە شان-شۆھرەت ۋە ھوقۇق-مەنسەپ ھېرىسمەنلىكى چىرمىۋالسا، بەزىدە تەڭگە-تىللا ۋە مال-دۇنيا ھېرىسمەنلىكى چىرمىۋالىدۇ. ئەسەبىي ھېرىسمەنلىكنىڭ تەسىرىدە ئۇ بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن مەمنۇن بولسا، بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن غەزەپلىنىدۇ. خۇشامەتچىلەرنىڭ ياغلىما ۋە خاتا سۆزلىرىگە ئەسىر بولۇپ، ئاچچىق نەسىھەت ئىگىسىنى دۈشمەن تۇتىدۇ. مانا بۇ نەپسى-خاھىشىنى ئىلاھ قىلىپ، الله نىڭ يولىنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئومۇمىي ھالىدۇر». ②

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىخلاسمەن كىشى الله قا قانچە ئىخلاسمەن، سەمىمىي ۋە تەقۋادار بولسا، الله ئۇنى باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى، ھۆرمىتى ۋە قەلب مايىللىقىغا شۇنچە سازاۋەر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، رىياخور بولسا خورلۇق ۋە غەزەپ-نەپرەتكە دۇچار قىلىدىغان ساختىپەزلىك كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويىدۇ. دېمەك، ئىخلاسمەن كىشى باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولسا، رىياخور كىشى باشقىلارنىڭ ئۆچ كۆرۈشى ۋە دۈشمەن تۇتۇشىغا دۇچار قىلىنىدۇ. مانا بۇ الله نىڭ بىر تۇرلۇك ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر». ③

ئىخلاسنىڭ قارشىسى رىيا ۋە باشقىلارغا ئاڭلىتىش بولۇپ، ئۇ ئىبادەتنى

---

① «العبودية» 1- توم 51- بەت.

② «العبودية» 1- توم 51- بەت.

③ «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 4- توم 153- بەت.

ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئاپەت ۋە يوشۇرۇن كېسەللىكتۇر، شۇڭلاشقا ئۇ شەرىئەتتە كىچىك شېرىك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ رىيانى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «رىيانىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى — ئەمەل-ئىبادەتلىرى ۋە قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئىزدەشتۇر. رىياخورلۇق بولسا ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىشتۇر. رىيانىڭ ئالامىتى بولسا الله قا قىلىنىدىغان ئىبادەتتە بەندىلەرنى مەقسەت قىلىشتۇر». ①

رىيا مۇقەررەر ھالدا ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ ئۆز تەپسىرىدە ئۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، شۇنداقلا قىلىنىۋاتقان ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ئۇ مەخپىي بولۇپ، جاھىل ۋە ھاماقەت كىشىلەر ئۇنى بىلەلمەيدۇ». ②

رىيانىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تەھدىت تۈسىدىكى ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر بار بولۇپ، بۇلاردىن رىيادىن ساقلىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)،

---

① «إحياء علوم الدين» 3- توم 297- بەت.

② «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 5- توم 181- بەت.

ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[1].

ئىمام ماۋەردى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بارلىق تەپسىرشۇناس ئالىملار الله تائالانىڭ: ﴿وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ <پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — ئەمەللىرىدە ھېچبىر كىشىگە رىيا قىلمىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ قارىغان.[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَمْكُرُونَ السَّيِّئَاتِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَكْرُ أُولَئِكَ هُوَ يَبُورُ﴾ «(پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە-مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ»[3]. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، شەھرى ئىبنى ھەۋشەبلەر مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كىشىلەرگە الله قا ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا الله قا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان كىشىلەردۇر. الله تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ <ئۇلار الله نى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ>[4]».

ئابدۇللاھ ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سمع سمع اللّه به، ومن يرائي يرائي اللّه به» «كىمكى باشقىلارغا ئاڭلىتىش غەرىزىدە بىرەر ئەمەلنى قىلسا، الله تائالا (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ رەسۋا قىلىدۇ. كىمكى باشقىلارغا كۆرسىتىش غەرىزىدە بىرەر ئەمەلنى قىلسا، الله تائالا (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ رەسۋا قىلىدۇ».[5]

---

[1] سۈرە كەھف 110- ئايەت.

[2] «أدب الدنيا والدين للماوردي» 1- توم 106- بەت.

[3] سۈرە فاتىر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە نىسا 142- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: [كىمكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرەر ئەمەلنى قىلسا، الله ئۇنىڭ قەلبىدە يوشۇرغانلىرىنى ئاشكارا قىلىش ئارقىلىق جازالايدۇ. بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ ئەمىلىدە الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن، خالايىقلار ئارىسىدا يۈز-ئابرۇي ۋە مەرتىۋە تېپىشنى مەقسەت قىلسا، الله ئۇ كىشىنى كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىگە مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «يرائي اللّه به» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: <الله ئۇ كىشىنىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلمىغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويىدۇ> دېگەنلىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ ۞ أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۞﴾** <(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ [15]. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ [16]> [1]. يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ھۆرمەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە ئىبادەت قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئىبادىتىنىڭ مۇكاپاتى دۇنيادىلا نەقلەشتۇرۇلۇپ بېرىلگەچكە، ئاخىرەتتە ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ>»] [2].

---

[1] سۈرە ھۇد 15 - ۋە 16 - ئايەتلەر.

[2] «فتح الباري» 11 - توم 336 - ۋە 337 - بەت.

مەھمۇد ئىبنى لۇبەيدتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «إن أخوف ما أخاف عليكم الشرك الأصغر» «مەن سىلەرگە كىچىك شېرىكتىن بەك ئەنسىرەيمەن» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ‹كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الرياء، يقول اللّٰه عز وجل لهم يوم القيامة إذا جزي الناس بأعمالهم ‹اذهبوا إلى الذين كنتم تراءون في الدنيا فانظروا هل تجدون عندهم جزاء›» «كىچىك شېرىك دېگەن رىيادۇر، قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپات ئالىدىغان ۋاقىتتا، اللە تائالا ئۇلارغا: ‹سىلەر دۇنيادا رىيا قىلغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىڭلار! ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات بارمىكەن؟ قاراپ بېقىڭلار! دەيدۇ›» دەپ جاۋاب بەرگەن. [1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سمع الناس بعمله، سمع اللّٰه به سامع خلقه، وصغره وحقره» «كىمكى ئەمىلىنى كىشىلەرگە ئاڭلاتسا، اللە ئۇنى ئاڭلىغۇچىلارغا ئاڭلىتىپ قويىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى شەرمەندە قىلىۋېتىدۇ». [2]

غەززالى رەھىمەھۇللاھنىڭ «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا مۇنداق ئەسەر نەقىل قىلىنغان: [بىر كىشى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «مەن اللە نىڭ رازىلىقىنى ھەم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن اللە يولىدا ئۇرۇش قىلسام ماڭا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇبادە: «ساڭا ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئۇ كىشى بۇنى قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم سورىۋېدى، ئۇبادە ھەر قېتىمدا: «ساڭا ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى ۋە ئۈچىنچى قېتىمدا: «اللە تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا: ‹مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت زاتتۇرمەن...› دېگەن تۇرسا» دەپ جاۋاب بەردى].

بىر كىشى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن: «‹باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ۋە

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش دۇرۇسمۇ؟› دەپ سورىغانىدى، سەئىد ئۇنىڭغا: ‹سەن غەزەپكە ئۇچراشنى ياخشى كۆرەمسەن؟› دېدى. ئۇ: ‹ياق، ياخشى كۆرمەيمەن› دېۋىدى، سەئىد ئۇنىڭغا: ‹ھەرقانداق ئەمەلنى الله ئۈچۈن خالىس قىلغىن› دەپ جاۋاب بەردى. زەھھاك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹ئاراڭلاردا ھېچكىم ‹بۇ ئەمەل الله نىڭ رازىلىقى ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈندۇر› دېمىسۇن؛ شۇنداقلا ‹الله ئۈچۈن ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئۈچۈن›مۇ دېمىسۇن. چۈنكى، الله نىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر». [1]

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىياخورلۇقنىڭ ئالامەتلىرىنى مۇنۇ ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلىغان: بىرىنچى، يالغۇز قالغاندا ئەمەللەرگە سۇسلۇق قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئادەملەر ئارىسىدا ئىبادەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، باشقىلار ئۇنى ماختىسا ئەمەلنى كۆپ قىلىدۇ، ناۋادا ئەيىبلىنىشكە ئۇچرىسا ئەمىلى ئازىيىپ قالىدۇ.

خۇددى ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، الله رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچقانداق كىشى قەلبىدىن كەچكەن كىچىككىنە رىيادىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ياخشىلىقلارنى بىكار قىلىۋېتىدىغان، قارا چۈمۈلىدىنمۇ مەخپىي بولغان رىيانىڭ خەتەرلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن رىيادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لا أَعْلَمُ» «ئى الله! بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈشۈمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، بىلمەي شېرىك كەلتۈرۈپ سالغان بولسام سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن› دېگەن مۇنۇ

[1] «إحياء علوم الدين» 3- توم 296- بەت.

دۇئانى ئۈچ قېتىم دېگىن»[1] دېگەن.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىككى مۇھىم مەسىلە بار بولۇپ، بىرىنچىسى، جىھادتا الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىرگە غەنىيمەتنى مەقسەت قىلىش؛ ئىككىنچىسى، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىرگە شۆھرەت، مەدھىيىلىنىش ۋە مال-دۇنيانى مەقسەت قىلىشتۇر.

- **بىرىنچى مەسىلە، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىرگە غەنىيمەتنى مەقسەت قىلىش**

بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار: «بۇنداق نىيەت خاتا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كىشى ئەنە شۇ نىيىتى ئۈچۈن ئاخىرەت ئازابىغا دۇچار بولىدۇ» دېگەن بولسا، يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ قاراشلارنىڭ ئەكسىچە: «بۇنداق نىيەت قىلىش توغرا بولۇپ، ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق دەلىل يوق» دېگەن. ئىمام ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ «مشارع الأشواق» ناملىق كىتابىدا بۇنداق نىيەت قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئالىملار بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نىيەتلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار: ‹بۇ ناتوغرا نىيەتتۇر، بۇ خىل نىيەت بىلەن جىھاد قىلغۇچى ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ دۇنيا ئارزۇلىرىنى ئاخىرەت ئەمىلىگە ئارىلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ› دېگەن قاراشنى قوللىغان. ئەمما كۆپچىلىك ئالىملار: ‹بۇ خىل نىيەت توغرا، بۇ نىيەت بىلەن جىھاد قىلغۇچى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ› دېگەن قاراشتا بولغان. مانا بۇ توغرا قاراش بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇيغۇندۇر».[2]

[1] ئىمام بۇخارى «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دىگەن.

[2] «مشارع الأشواق» 203- بەت.

بۇنداق نىيەت قىلىش دۇرۇس دەپ قارىغان ئالىملارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىبنى رەجەب ھەنبەلى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇجاھىد مەلۇم بىر ئەمەلنى قىلماقچى بولغاندا ئۇنىڭ نىيىتىگە رىيا ھەمدە قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن ھەق ئېلىش ياكى غەنىيمەت ئېلىش ۋە ياكى تىجارەت قىلىشقا ئوخشاش باشقا نىيەت ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان جىھادىدىكى ئەجرى كېمىيىپ كەتسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: <سىلەرنىڭ بىرىڭلار غازات قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئاندىن الله ئۇنىڭغا (غەنىيمەت)نى رىزىق قىلىپ بەرسە ئۇنىڭ ھېچ كارايىتى يوق. ئەمما دەرھەم بېرىلسە غازات قىلىدىغان، بېرىلمىسە غازاتتىن توختايدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق>».[①]

قەرافىي مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى جىھادتا الله قا ئىتائەت قىلىش ۋە غەنىيمەت مالغا ئېرىشىشنى بىرگە نىيەت قىلسا، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ھېچبىر زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھارام ئەمەسلىكى بىرلىككە كېلىنگەن. چۈنكى، الله غەنىيمەتنى جىھاد ئىبادىتى ئارقىلىق ئۇ كىشىگە رىزىق قىلىپ بەرگەن. ئەمما، شۆھرەت قازىنىش ياكى ئەمىرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ بەيتۇلمالدىن كۆپرەك نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش بولسا رىياخورلۇقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. بۇ قىلمىش بىلەن دۈشمەنىنىڭ قول-چۆرىلىرىنى ۋە قورال-ياراقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۇنداق نىيەتتە جىھادقا چىققان كىشى گۇناھكارمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇ

① «جامع العلوم والحكم» 3- توم 34- بەت.

رىياخورلۇق ھېسابلانمايدۇ». [1]

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇرەيش سودا كارۋىنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىقىشى غەنىيمەت ئۈچۈن جىھادقا چىقىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھالال كەسىپ بىلەن ئېرىشكەن مالدۇر. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ <غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش مال-دۇنيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىقتۇر> دېگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ئەمەلىيىتى ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ: <غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش مەكرۇھ> دېگەن سۆزىگە ئەڭ ياخشى رەددىيەدۇر. پەقەتلا الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغىنى پەقەت غەنىيمەتنىلا كۆزلەپ ئۇرۇش قىلغان، ئەمما دىنغا ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىگەن كىشىدۇر>». [2]

ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرتۇبىنىڭ بۇ دەلىلى ئاجايىپ ياخشى دەلىلدۇر». [3] ئالىملار غەنىيمەت ئېلىپ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من غازية، أو سرية تغزو، فتغنم وتسلم، إلا كانوا قد تعجلوا ثلثي أجورهم، وما من غازية أو سرية تخفق وتصاب إلا تم لهم أجورهم» «ھەرقانداق جەڭگە قاتنىشىپ، غەنىيمەت بىلەن ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەن قوشۇن (ئاخىرەتتە) بېرىلىدىغان ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ. جەڭ قىلىپ غەنىيمەت ئالماي، يارىلانغان ھالەتتە

---

[1] «الفروق» 3- توم 22- بەت.

[2] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 7- توم 276- بەت.

[3] «مشارع الأشواق» 204- بەت.

قايتىپ كەلگەن قوشۇن (ئاخىرەتتە) بېرىلىدىغان ئەجىرنى تولۇق ئالىدۇ». ①

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئەگەر مۇجاھىدلار ساق-سالامەت قايتىپ كەلسە ياكى غەنىيمەت ئېلىپ قايتىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئەجرى ساق-سالامەت قايتىمىغان ياكى ساق-سالامەت قايتىپ غەنىيمەت ئالمىغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىدىن ئاز بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئېلىنغان غەنىيمەت جىھادتا ئېرىشىدىغان ئەجىرنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەگەر ئۇلار غەنىيمەتكە ئېرىشسە، ئۆزلىرىنىڭ جىھادىغا بېرىلىدىغان ئەجىرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولغان بولىدۇ، بۇ غەنىيمەت بولسا (ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان) ئەجىرنىڭ قاتارىدىندۇر. مانا بۇ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ‹ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە يېمەي (يەنى جىھادنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەي) ۋاپات تاپقانلارمۇ، مېۋىسى پىشىپ ئۇنى ئۈزگەن (يەنى جىھادنىڭ دۇنيالىق نەتىجىسىنى كۆرگەن) لەرمۇ بار› دېگەن سۆزىگە ئوخشاش ساھابىلەردىن نەقىل قىلىنغان مەشھۇر، سەھىھ ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۈبھىلاشقا بۇ ھەدىس بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ». ②

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى»غا يازغان شەرھىسىدە بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغان، ئەمما ئۇ بۇ ھەقتە كېسىپ ھۆكۈم چىقارمىغان. شەۋكانى رەھىمەھۇللاھمۇ «نيل الأوطار» ناملىق كىتابىنىڭ «جىھادتا نىيەتنى خالىس قىلىش» دېگەن بابىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ كېسىپ ھۆكۈم چىقارمىغان.

ئۇستازىمىز شەھىد ئەبۇ مۇنزىر سالىم تىرابلىسى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسى بويىچە چۈشۈنۈلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ خىل ئەھۋالدا ئەسلى ئەجىر ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە ئەجىر

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح صحيح المسلم» 5- توم 53- بەت 13- توم 52- بەت.

كېمىيىدۇ». ئىبنى مۇناسىپ رەھىمەھۇللاھمۇ ئۆزىنىڭ «الإيجاد في أحوال الجهاد» ناملىق كىتابىدا بۇ قاراشنى قوللىغان (الله ئەڭ ياخشى بىلگۇچىدۇر).

● **ئىككىنچى مەسىلە، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىرگە شۆھرەت، مەدھىيىلىنىش ۋە مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلىش.**

شۈبھىسىزكى، جىھادىدا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ماختىنىش ۋە مەدھىيىلىنىشتەك ئىشلارنى نىيەت قىلغان كىشى قىلغان جىھادى ئارقىلىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى جازالىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈن الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇ تۆردىكى كىشىلەر سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، قىيامەت كۈنى دوزاخقا تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىلەردۇر.

ئەمما، قىلغان جىھادىدا ئەجىر ـ ساۋاب ۋە مەدھىيىلىنىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، بۇ تۆردىكى كىشىلەر ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ دەلىلى بويىچە ئەجىرگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان، گۇناھكارمۇ بولمايدىغان بولۇپ، الله تائالانىڭ ئۇنىڭ جىھادىنى بىكار قىلىۋېتىشى ئۇنىڭ جازاسىغا يېتەرلىكتۇر. ئۇنداق كىشى جېنىنى بەدەلسىز سەرپ قىلغان بولىدۇ. مەن تىلغا ئالغان بۇ ھالەتنى ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ «مشارع الأشواق» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان. الله ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

ئەمما، توغرا نىيەت بىلەن جىھادقا چىقىپ، كېيىن ئۆزىدە رىيا پەيدا بولغان كىشىگە كەلسەك، ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ «مشارع الأشواق» ناملىق كىتابىدا ئۇنى ئايرىم بىر بۆلۈمدە بايان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ بايان قىلغان بۆلۈمنىڭ خۇلاسىسىدۇر:

كىشىنىڭ نىيىتىگە رىيا ئارىلىشىپ قېلىشتىن بۇرۇن قىلغان تائەت ـ ئىبادەت ۋە سالىھ ئەمەللەرگە ئەجىر بېرىلىدۇ. رىيا ئارىلىشىپ قالغاندىن كېيىن قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىگە ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ. ئەگەر رىيا پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ھېچبىر سالىھ ئەمەل قىلمىغان، بەلكى ئۇ

كىشى جىھادقا چىققان ۋاقىتتىلا رىيا پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، رىيا ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى خالىس نىيەت بىلەن جىھادقا چىققان، كېيىن ئۇرۇشقا سەپ تۈزگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ خالىس نىيىتى يوقالمىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى رىيا ياكى پەخىرلىنىش ئىگەللىمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نىيىتى كۇپايە قىلىدۇ. مۇجاھىد ئۇچۇن جىھادتىكى ئومۇمىي نىيەتنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولۇپ، ھەربىر باسقۇچ، ھەربىر ئەمەلىيەت ۋە ھەربىر لەھزىدە نىيەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى جىھادىدا نىيىتىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىش يۈز بەرمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ باشتىكى نىيىتى كۇپايە قىلىدۇ.

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى (الله ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ ئاخىرقى جۈملە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا ئۇنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىشكە ۋە شەرھلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك». ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھنىڭ «نىيەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش» دېگەن سۆزىدىن ھەربىر باسقۇچ، ھەربىر ئەمەلىيەت ۋە ھەربىر لەھزىدە نىيەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ، چۈنكى قەلب ھەربىر باسقۇچ، ھەربىر ئەمەلىيەت ۋە ھەربىر لەھزىدە نىيەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن غەپلەتتە قالىدۇ ۋە ئۇنتۇيدۇ. شۇڭلاشقا الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە گۈزەل ئېھسانى ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋېتىش ھەمدە ئۇنى ئەسلىدە بار بولغان ئومۇمىي نىيەتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ نىيەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇش، يېڭىلاش ۋە ئۇنى ھەردائىم ئەسلەپ تۇرۇش قىزىقتۇرۇلغان ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئىشتۇر.

بىر كىشى باشقىلارنىڭ ئۇنى ئىززەتلىشى، ھۆرمەتلىشى ۋە ياخشى باھا بېرىشىنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ، قىلغان خىزمىتى تۈپەيلى باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىپ قەلبى خۇشاللانغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى سەھىھ ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك، مۇئمىنگە بېرىلىدىغان خۇش بېشارەتتۇر.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ دىن: <بىر ئادەم ياخشى ئەمەل قىلسا، ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىنى ماختىسا قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <تلك عاجل بشرى المؤمن> <بۇ مۇئمىن ئۇچۇن ئالدىنئالا بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر> دېدى».[①]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار مۇنداق دېگەن: <ھەدىستىكى مۇئمىنگە ئالدىنئالا بېرىلگەن بۇ خۇش بېشارەت ئۇ بەندىدىن الله نىڭ رازى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىستە زىكىر قىلىنغىنىدەك، الله ئۇ كىشىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈش زېمىندا قوبۇل قىلىنىدۇ. مانا بۇ خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىشنى مەقسەت قىلماستىن، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر ھەققىدە بولۇپ، ئەمما كىشىلەرنىڭ مەدھىيىلىشىنى تەمە قىلىش ئەيىبلىنىدۇ>».[②]

ئىخلاس ۋە ئۇنىڭغا زىت بولغان مەسىلىلەر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئەمدى سۆزىمىزنى الله ئۇنىڭسىز بەندىنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىككىنچى ئاساسقا يۆتكەيمىز.

**❖ ئىككىنچى، بارلىق ئەمەللەردە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش**

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش دېگىنىمىزدە ھەربىر ئىشلاردا ئۇنى ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا ئەگىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مانا بۇ ئەگىشىش ـــ تەۋھىدنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولغان «مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىدىندۇر.

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح صحيح المسلم» 16- توم 189- بەت.

ئىبنى ئەبۇ ئىززى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تەۋھىد ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بۇلارسىز الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ الله نى بىر دەپ ئەقىدە قىلىش تەۋھىدى ۋە پەيغەمبەرگە ئەگىشىش تەۋھىدىدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەردىن باشقىسىغا ھۆكۈم تەڭلەنمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھۆكمىگە رازىلىق بىلدۈرۈلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇستازى، ئىمامى، مەزھەب پېشۋالىرى، جامائىتىنىڭ سۆزلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە خەۋرىنى تەستىق قىلىشتىن مۇھىم بىلىنمەيدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[1]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككىسى قوبۇل قىلىنىغان ئەمەلنىڭ ئىككى رۇكنى بولۇپ، ئۇ ئەمەل چوقۇم الله ئۈچۈن خالىس بولغان ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى لازىم».

ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىزنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن

[1] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»①. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر قۇرئاندا ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أحدث في أمرنا هذا ما ليس منه فهو رد» «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە رەت قىلىنىدۇ». ②

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەر ‹الرد› دېگەن سۆزنى ‹رەت قىلىنىدۇ› دېگەن مەنىدە ئىشلىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ ئەمىلى خاتا، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. چۈنكى، ئۇ ھەدىس ھەرقانداق بىدئەتكە ئوچۇق رەددىيەدۇر». ③

ھاپىز ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي رەھىمەھۇللاھ «جامع العلوم والحكم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شەرىئەت بۇيرۇقى بولمىغان ھەرقانداق ئەمەلنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، مەزمۇنى شەرىئەت بۇيرۇغان ھەرقانداق ئەمەلنىڭ رەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ‹شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقى› دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغىنى الله نىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «من عمل عملا ليس عليه أمرنا فهو رد» «كىمكى بىز بۇيرۇمىغان بىر ئەمەلنى قىلىدىكەن، ئۇ ئەمەل رەت قىلىنىدۇ» دېگەن④سۆزىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەك، ھەدىسنىڭ مەنىسى كىمنىڭ ئەمىلى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولماي ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئەمەل رەت قىلىنىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹بىز بۇيرۇمىغان› دېگەن

---

① سۈرە نىسا 65- ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح صحيح المسلم» 12- توم 16- بەت.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سۆزى بارلىق ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى دائىرىسىدە بولۇشى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۆزىنىڭ بۇيرۇق-چەكلىمىلىرى بىلەن ئۇ ئەمەلگە ھۆكۈم قىلغۇچى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بىر كىشىنىڭ ئەمىلى شەرىئەت ئەھكاملىرى يول قويغان دائىرىدە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلغان بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن بولسا رەت قىلىنىدۇ».[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان ئەمەل الله ئۈچۈن خالىس بولۇشى، پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا (يەنى مۇھەممەد ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسىگە) مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى شەرتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەرقانداق ئەمەل الله نىڭ نەزىرىدە قەتئىي ئېتىبارغا ئېلىنمايلا قالماستىن، بەلكى قىلغۇچىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. قىيامەت كۈنى الله بۇ كىشىنىڭ نە پەرز، نە نەپلە ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا بىز دىندا بىدئەت پەيدا قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان قىلمىشلاردىن ساقلىنىپ، ھەممە ئىشتا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىدىغان ئۈممەت بولۇشىمىز كېرەك.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [دىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى الله قا پەقەت شەرىئەت دائىرىسىدىلا ئىبادەت قىلىش ۋە بىدئەتتىن يىراق تۇرۇشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا**﴾ «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى»[2].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ «أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا» «قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ ياخشى» دېگەن ئايەت ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ — قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭدىن ئىخلاسنىڭ

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 7- توم 2- بەت.
[2] سۈرە مۇلك 2- ئايەت.

مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ «ئەگەر ئەمەل خالىس بولۇپ توغرا بولمىسا ۋە توغرا بولۇپ خالىس بولمىسا، تاكى خالىس ھەم توغرا بولمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ، خالىس ئەمەل اللہ ئۈچۈنلا بولغان ئەمەلنى كۆرسەتسە، توغرا ئەمەل سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغان ئەمەلنى كۆرستىدۇ دېگەن»].①

بىز بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، اللہ نىڭ دىنىدا ئەقىل ئۇنى ياخشى دەپ قارايدىغان، نەپسى چىرايلىق كۆرستىدىغان، قەلب مايىل بولىدىغان، ئاندىن كېيىن شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى اللہ نىڭ بېكىتىپ بېرىشىگە تايانماي تۇرۇپ، اللہ قا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق.

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەتلەرگە كەلسەك، اللہ ۋە اللہ نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىدىن چىقىپ كەتكەن ئەمەللەر ئومۇمەن ئۇنى قىلغۇچىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر اللہ تائالا مۇنۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ وَلَوْلَا كَلِمَةُ الْفَصْلِ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ﴾ <ئۇلارنىڭ اللہ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (اللہ نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى>②. كىمكى، شەرىئەت بېكىتمىگەن بىر ئەمەل بىلەن اللہ قا يېقىنلاشماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئەمىلى باتىلدۇر. بۇ ئەمىلى ئارقىلىق ئاخىرەتتە ھېچبىر نىسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىسقىرتىش ۋە چاۋاك چېلىش ئارقىلىق اللہ قا ئىبادەت قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ».③

---

① «مجموع الفتاوى» 11- توم 585- بەت.
② سۈرە شۇرا 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «جامع العلوم والحكم» 7- توم 3- بەت.

رەببىنىڭ ئەپۇسىنى ئۈمىد قىلغۇچى ئى قېرىندىشىم! شۇنى بىلىڭكى، ﷲ نىڭ دىنىدا ياخشى بىدئەت ۋە يامان بىدئەت دەپ (ئىككى خىل) بىدئەت يوق. سەھىھ ھەدىستە نەقىل قىلىنغىنىدەك، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇق، ھەرقانداق ئازغۇنلۇق دوزاخقا ئېلىپ بارغۇچىدۇر. ئەمما، بىر قىسىم سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بەزى بىدئەتلەرنى ياخشى بىدئەت دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ (ھاپىز ئىبنى رەجەب تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك) شەرئىي مەنىدىكى بىدئەت بولماستىن، بەلكى لۇغەت مەنىسىدىكى بىدئەتتۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاراۋىھ نامىزىنى مەسجىدتە بىر ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ئاندىن: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت ـ ھە!» دېگەنلىكى ئۇنىڭ مىسالىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئەگەر بۇ بىدئەت بولىدىغان بولسا، بەك ياخشى بىدئەت بولغۇدەك» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆمەرگە: «شۈبھىسىزكى، بۇ بىدئەت ئەمەس ئىدى» دېگەنلىكى، ئاندىن ئۆمەرنىڭ: «سەن راستىنلا بىلىپسەن، لېكىن ئۇ (بىدئەت بولۇپ قالسا) ياخشى بىدئەت بولغۇسى» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. دېمەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدە لۇغەت مەنىسىدىكى بىدئەت كۆزدە تۇتۇلغان. بىراق ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ شەرئەتتە ئاساسى بار بولۇپ، شەرئەتتە دەلىلى بار بولغان نەرسە بىدئەت دېيىلسە، ئۇ شەرئىي جەھەتتىكى ئەمەس، بەلكى لۇغەت مەنىسىدىكى بىدئەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، شەرئىي ئاتالغۇدىكى بىدئەت شەرئەتتە ئاساسى يوق نەرسىلەرگە قارىتىلىدۇ (ﷲ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

ھەربىر مۇجاھىد ئۆزىنىڭ دىنىنى بىلىش، ئىلمىنى ئۆز ئورنىدىن تەلەپ قىلىش، نىجاتلىق يولىنى تېپىش ئۈچۈن سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئەگىشىشى كېرەك. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىدىن چەتنىگەن ھەرقانداق كىشى ئېزىپ كېتىدۇ. توغرا يولدىن چەتنەپ ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالغان گۇرۇھ ۋە تەشكىلاتلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئېزىپ كەتكەن.

بىز بۇگۇن پەيغەمبەر ﷺ ئالىلىبۇرۇن خەۋەر بەرگەن ئىشلارغا شاھىد بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. پەيغەمبەر ﷺ دۇنيادىن ۋىدالىشىش ئالدىدا ئۇممىتىگە كۆرسەتمە بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئازغۇنلۇق ھاڭلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «أوصيكم بتقوى اللَّه، والسمع والطاعة، وإن تأمر عليكم عبد حبشي، وإنه من يعش منكم فسيرى اختلافا كثيرا، فعليكم بسنتي وسنة الخلفاء الراشدين المهديين، عضوا عليها بالنواجذ، وإياكم ومحدثات الأمور، فإن كل بدعة ضلالة» «مەن سىلەرگە الله تىن قورقۇشنى، گەرچە سىلەرگە قارا قۇل باشلىق قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن. ئاراڭلاردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا، كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. (شۇ ۋاقىتتا) سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە ئۆزى توغرا يولدا بولغۇچى ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار. ئۇنى ئېزىق چىشلىرىڭلار بىلەن چىشلەڭلار (يەنى چىڭ تۇتۇڭلار). (دىندا) يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر».[1]

❖ ❖ ❖

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

## 2 ـ ئەسلەتمە

## سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن بىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله يولىدىكى جىھاد ئىبادىتى بولسا ئۆلۈم ۋە قان ئاققۇزۇشلار ئارقىلىق بەندىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت يارىتىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىبادەتتۇر. ھالبۇكى، جىھاد يولىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ئىنسانىيەتنى ئۆز رەببىگە بويسۇندۇرۇش، يەر شارىدا الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق (ساختا) مەبۇدلارنى يوقۇتۇپ جان، مال ۋە يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىلەر مەقسەت قىلىنغان مانا بۇ مۇقەددەس جىھاد ئىبادىتى الله نىڭ مۇجاھىدلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان مۇئمىن ئۈچۈن تومۇز ۋاقتىدىكى مۇزدەك سوغۇق سۇدىنمۇ بەكرەك لەززەتلىكتۇر.

ئىنساننىڭ قىلماقچى بولغان ئەمەلىنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلىشى ئەڭ مۇھىم پەرزدۇر. ئۇممەت ئالىملىرى قىلماقچى بولغان ئەمەلنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىجماغا كەلگەن. ئىمام شىھابۇددىن قەرافى مالىكي رەھىمەھۇللاھ بۇ ئىجمانى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ ‹إحياء العلوم الدين› ناملىق كىتابىدا، ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ ئۆز رىسالىسىدە ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ قىلماقچى بولغان ئەمەلنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قەدەم بېسىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سودا ـ سېتىق قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ بۇ ھەقتە الله ئۇنىڭغا بېكىتكەن ۋە پەرز قىلغان ھۆكۈملەرنى بىلىشى ۋاجىب بولغىنىدەك، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭمۇ نامازنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلىشى

ۋاجىبتۇر. تاھارەت ۋە بارلىق سۆز-ئەمەللەرمۇ ھەم شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر». [1]

قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھۆكمىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «صحيح البخاري» ناملىق كىتابىدا «سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھۆكمىنى بىلىش ھەققىدە» دەپ مەخسۇس بىر باب كەلتۈرگەن.

ئىبادەتلەرنىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنى بىلىش ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ۋاجىب بولغان يەردە، جان ۋە مالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جىھاد ئىبادىتىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشمۇ ھەربىر مۇجاھىد ئۈچۈن ئېھتىمۇ ۋاجىبتۇر. يەنە كېلىپ جىھاد ئىبادىتى ئۆزىگە خاس ھۆكۈم ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى شەرئىي ھۆكۈملەرنى بىلىشكە ئېھتىمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىقمىز.

ئۇستازىمىز ئەبۇ مۇسئەب سۇرىي (الله ئۇنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزسۇن) ئۆزىنىڭ «الدعوة المقاومة الإسلامية» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى جىھادقا چىقىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جىھادنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، جىھاد قان، مال، ھەق-ھوقۇق، ھالال ۋە ھارامغا مۇناسىۋەتلىك ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە شەرئىي ئەھكاملىرىنى بىلمەي تۇرۇپ قارىغۇلارچە ئىش قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىدقا جىھادنىڭ مەقسەت-غايىلىرى ۋە ئەدەبلىرىنى بىلىش ئەڭ ئاۋۋال ۋاجىب بولىدۇ».

شۇنى بىلىڭكى، قان ۋەماللار مەسىلىسى الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ مەسىلىدۇر. بىر-بىرىنىڭ قېنى ۋە مېلىغا چېقىلىش ئەسلىدە ھارام قىلىنغان ئىش بولۇپ، ئۇ پەقەت الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ رۇخسىتى ئارقىلىقلا ئاندىن ھالال بولىدۇ. سالام قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن

---

[1] «الفروق» 2- توم 148- بەت.

ئەنە شۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە الله تائالا تاكى قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا ضَرَبْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَتَبَيَّنُوا وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ أَلْقَى إِلَيْكُمُ السَّلَامَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَعِنْدَ اللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ كَذَلِكَ كُنْتُمْ مِنْ قَبْلُ فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوا إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ــ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ ــ سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۇلۇشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)، الله نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[1].

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار سەپىرىدە ساتىدىغان بىر تۆگىسى ۋە ئازغىنە قويلىرى بار بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇ كىشى ئۇلارغا سالام قىلغان ۋە ‹لا إله إلا اللّٰه محمد رسول اللّٰه› دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بىر كىشى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزۈلگەندە بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ناھايىتى ئېغىر كەلگەن. بۇ تۈپەيلى يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغان».

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار ئازغىنە قويلىرى بار بىر كىشى بىلەن

---

[1] سۈرە نىسا 94 ـ ئايەت.

ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارغا ‹السلام عليكم› دەپ سالام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قويلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا ضَرَبْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَتَبَيَّنُوا وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ أَلْقَى إِلَيْكُمُ السَّلَامَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ‹ئى مۇئمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ــ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ ــ سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)› دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىنغان». [1]

بۇ ۋەقەدىكى ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئالىملار ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلاردا بولغان. زور كۆپچىلىك ئالىملار ئۆلتۈرگۈچى مىھلەم ئىبنى جۇسامە، ئۆلتۈرۈلگۈچى بولسا ئامىر ئىبنى ئەزبەت دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ مىھلەمگە بەددۇئا قىلغان، نەتىجىدە مىھلەم بەددۇئا قىلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ دەپنە قىلىنغاندا زېمىن ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالمىغان، كېيىن يەنە دەپنە قىلىنغان، زېمىن يەنە ئۆز قوينىغا ئالمىغان، ئۈچىنچى قېتىم يەنە دەپنە قىلىنغاندا زېمىن يەنىلا ئۆز قوينىغا ئالمىغان، ئاندىن ئۇلار زېمىنىنىڭ ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ جەسىتىنى شۇ ئەتراپتىكى جىلغىلارنىڭ بىرىگە تاشلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ﷺ: «ئەمەلىيەتتە زېمىن ئۇنىڭدىنمۇ ئەسكى كىشىلەرنى ئۆز قوينىغا ئالاتتى» دېگەن. [2]

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىلىپ قويۇڭلاركى، زېمىن

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن» 5 ـ توم 336 ـ بەت.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئۇنىڭدىنمۇ ئەسكى كىشىلەرنى ئۆز قوينىغا ئالاتتى، لېكىن كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىقىغا ۋەز-نەسىھەت بولۇشى ئۈچۈن زېمىن ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالمىغان».

ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك، قان مەسىلىسى بولسا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ مۇشرىكلارغا سۇغۇرۇلغان الله نىڭ قىلىچى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ بەنى جۇزەيمە قەبىلىسىگە قىلغان قىلمىشىدىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى بەنى جۇزەيمە قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلار «ئىسلام كەلتۈردۇق» دېگەن سۆزنى ياخشى ئىپادىلىيەلمەي «بىز دىنىدىن ياندۇق، دىنىدىن ياندۇق» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خالىد شۈبھىلىنىپ، ئۇلار ئىسلامدىن ياندۇق دېگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغاچقا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ماللىرىنى غەنىيمەت ئالغانىدى.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [«خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلارنىڭ <بىز دىنىدىن ياندۇق> دېگەن سۆزىدىكى مەقسەتنى ئايدىڭلاشتۇرماستىنلا ئالدىراقسانلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا كايىغان»].[1]

پەيغەمبەر ﷺ سۆيۈملۈك دوستى، سۆيۈملۈك دوستىنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر مۇشرىكنى (ئۇ قىلىچتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان دەپ قاراپ) شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ناھايىتى كايىغان ئىدىكى، ئۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇنچىۋالا نارازى بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «مەن

---

[1] «فتح الباري» 8- توم 57- بەت.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇسۇلمان بولسام بولۇپتىكەن» دەپ ئارزۇ قىلىپ قالغان.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىبنى تىين مۇنداق دەيدۇ: <بۇ ئەيىبلەش بولسا تەۋھىد كەلىمىسىنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن ھەزەر ئەيلەش ۋە بۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش ھەققىدىكى كۈچلۈك ۋەز-نەسىھەتتۇر. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنى قايتا-قايتا ئەيىبلىشى ۋە ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماسلىقى بۇنداق ئىشلارغا قەدەم بېسىشتىن ئۇنى قەتئىي چەكلىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ>».①

يېشىپ يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ پەتىۋا بېرىشتىن ئەنسىرەيدىغان كاپىر، پاسىق، ئازغۇن، بىدئەتچىگە چىقىرىشقا ئوخشاش ۋەزنى ئېغىر ھۆكۈم مەسىلىلىرىگە، شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغان كىشىلەرنىڭ دەلىل-پاكىتسىز ۋە چولتا مەلۇماتلار ئارقىلىقلا شەرئىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇشىمىز ھەمدە «سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشتىن ئاۋۋال بىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى»نى بىلدۇرۇپ قويۇشىمىز لازىم.

شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دېگەن: «يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆز ئاخىرەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى يېتەرلىك دەلىل-پاكىتلارغا تايانماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسى ھەققىدە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە ئەقلىگە تايىنىپلا بىر كىشىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. چۈنكى، بىر كىشىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىش ياكى ئۇنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىش دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنىڭغا

① «فتح الباري لابن حجر» 12- توم 195- بەت.

پەقەت اللە تەرەپتىن ئۇچۇق ھۆججەت بولغاندىلا قەدەم بېسىشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلە سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئېزىپ كەتكەن. نەتىجىدە بىر بۆلۈك كىشىلەر بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ ئىسلام شەرىئىتىدە كاپىرلىقى ئېنىق بولغان كىشىلەرنى مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلسا، يەنە بىر قىسىملىرى چەكتىن ئېشىپ، ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمان دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقارغان».①

ئۇستازىمىز ئەبۇ ئەمىر ئابدۇلھەكىم ھەسسان (اللە ئۇنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزسۇن!) «التبيان في أهم مسائل الكفر والإيمان» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «كاپىرلىقى ئېنىق بولغان كىشىنى كاپىر دېمەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندەك، مۇسۇلمانلىقى (دەلىل بىلەن) ئىسپاتلانغان كىشىنى كاپىرغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىشتىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇلغان. مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدىغان دەلىل ئىسپات يوق تۇرۇپ كاپىر دېيىشتىن توسىدىغان نۇرغۇن ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلانماقچى بولغانلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، اللە نامىدىن ئىلىمسىز سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىش. كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئىلىمسىز سۆزلىمەسلىكى ئەسلى قائىدە بولغاچقا، كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسىدە ئىلىمسىز سۆزلىمەسلىكى تېخىمۇ ۋاجىب بولىدۇ.

ئىككىنچى، اللە قا يالغاننى چاپلاشتىن ئېھتىيات قىلىش. بۇ بارلىق ئۈممەتلەرگە ھارام قىلىنغان ئىش بولۇپ، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِمْ مِيثَاقُ الْكِتَابِ أَنْ لَا يَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ﴾ «كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) اللە قا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ

① «الدرر السنية» 10- توم 374-ۋە 375- بەت، «منهاج أهل الحق والاتباع في مخالفة أهل الجهل والابتداع» 1- توم 77- بەت.

ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟»[1]. اﷲ تائالا بىزدىن ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ﴾ «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، اﷲ نىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى اﷲ قا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار)»[2].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بولسا بىر كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە ئالاقىدار مۇھىم ئىشلاردۇر. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، (كىشىلەرنى) كاپىرغا، پاسىققا چىقىرىش مەسىلىلىرى بولسا ئاخىرەتتىكى جازا ۋە مۇكاپاتلارغا ئالاقىدار ئىسىم ۋە ئەھكاملار مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دوست تۇتۇش ياكى دۈشمەن تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش ياكى قېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئوخشاش دۇنيالىق ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ھۆكۈملەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا اﷲ جەننەتنى مۇئمىنلەرگە ۋاجىب قىلىپ كاپىرلارغا ھارام قىلدى. مانا بۇ ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ئومۇمىي بولغان ھۆكۈملەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[3].

ئۆز نەپس-خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ ئالدىراقسانلىق قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى تەھدىت مەزمۇنىدا كەلگەن ھەدىسلەر اﷲ نى ھەقىقىي تونۇغان مۇئمىن ئۈچۈن يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ مەسىلىگە قەدەم ئېلىش گوياكى بىپايان دولقۇنلۇق دېڭىز قايناملىرىغا قەدەم ئالغانغا ئوخشاش خەتەرلىكتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا قال الرجل لأخيه يا كافر فقد باء به أحدهما» «بىر كىشى ئۆزىنىڭ

---

[1] سۈرە ئەئراف 169- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 171- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «مجموع الفتاوى» 12- توم 468- بەت.

مۇسۇلمان قېرىندىشىنى <ئەي كاپىر!> دېسە، ئىككىيلەننىڭ بىرى چوقۇم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ». ①

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا يرمي رجل رجلا بالفسق أو الكفر، إلا ارتدت عليه، إن لم يكن صاحبه كذلك» «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىقلىق ياكى كاپىرلىق بىلەن تىللىسا، ئەمما ئۇ ئادەمدە ئۇنداق سۈپەت تېپىلمىسا، ئۇ سۆز (دېگۈچىنىڭ) ئۆزىگە قايتىدۇ». ②

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليس من رجل ادعى لغير أبيه وهو يعلمه إلا كفر، ومن ادعى ما ليس له، فليس منا، وليتبوأ مقعده من النار، ومن دعا رجلا بالكفر، أو قال: عدو اللَّه، وليس كذلك إلا حار عليه» «ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىر ئادەمنى <بۇ مېنىڭ دادام> دەپ دەۋا قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى مېنىڭكى دەپ دەۋا قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس، ئۇنداق كىشى جەھەننەمدىن ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلاپ قويسۇن! كىمكى بىراۋنى <كاپىر> ياكى <الله نىڭ دۈشمىنى> دەپ چاقىرسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزلەر دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ». ③

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە تىلغا ئالغاندەك، گەرچە ئالىملار <كۇفۇرلۇقنىڭ دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە قايتىشى> توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار كاپىرغا چىقىرىش توغرىسىدىكى ئىلىملەرنى ياخشى بىلمەيدىغان ۋە بۇ ھەقتە ئۆزى بىلگەنچە سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىنى نەقىل

① بۇخارى توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «خۇلاسە شۇكى، ئەگەر كاپىرغا چىقىرىلغۇچى شەرئىي ھۆكۈمدە راستىنلا كاپىر بولغان بولسا، (ئۇ سۆزنى) ئېيتقۇچى راستچىل دەپ قارىلىپ، ئۇ سۆز كاپىرغا چىقىرىلغان كىشىگە قايتىدۇ. ئەگەر كاپىرغا چىقىرىلغۇچى (شەرىئەتتە كاپىر) بولمىسا، بۇ سۆزنىڭ گۇناھى ئېيتقۇچىغا قايتىدۇ».①

ئىبنى دەقىق ئەيد بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمانلاردىن كاپىرلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن بىرەر كىشىنى كاپىرغا چىقارغان كىشى ئۈچۈن زور تەھدىت بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى سۈننەتكە ۋە ئەھلى ھەدىسكە نىسبەت بەرگۈچى بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قارشى يول تۇتقۇچىلارنى كاپىرغا چىقىرىشتىن ئىبارەت ھالاكەتكە قەدەم قويىدى. شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان زاھىرى مەزھىبىگە تەۋە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆز رەقىبلىرىنى دەلىلسىز كاپىرغا چىقىرىشتىن قىلچە ھېيىقمىدى. مانا بۇ تەھدىت ئۇلارغا كۆپايىدۇر».②

ھەنەفىي مەزھەب پېشۋالىرىدىن ھاپىز ئەبۇ جەئفەر تەھاۋىي رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ ھەدىسلەردىن نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندۇق. نەتىجىدە كىمكى ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى <ئى كاپىر!> دېسە، ئەگەر ھەمراھىدا روشەن كۇفۇرلۇق بولغان بولسا ھەمراھىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ھەمراھى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ سۆزنى دېگۈچى ئىمانىنى ئىنكار قىلغۇچى ھېسابلىنىپ، شۇ سەۋەبلىك اللە قا كاپىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق. چۈنكى، اللە قا بولغان ئىمانىنى ئىنكار قىلغۇچى اللە قا كاپىر بولغان بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ يَكْفُرْ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ**﴾ <ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان

---

① «فتح الباري» 10- توم 466- بەت.

② «إحكام الأحكام شرح عمدة الأحكام» 2- توم 210- بەت.

تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ>[1]. مانا بۇ بىز ئەڭ توغرا دەپ قارىغان قاراشتۇر».[2]

«فتاوى الهندية» ناملىق كىتابتا فەقىھ ئەبۇبەكرى ئەئمەش بەلخىدىن باشقا بىر قىسىم ھەنەفىي ئالىملىرى «كىمكى بىر مۇسۇلماننى ھېچبىر دەلىلسىز <ئى كاپىر!> دېسە، سۆزنى ئېيتقۇچىنىڭ ئەمەلىي ھالىتىگە قارىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى مۇسۇلماننى كاپىر دەپ ئەقىدە قىلماي تىللاشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان كىشىنى كاپىر دەپ ئەقىدە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ ئەقىدىسىگە ئاساسەن ئۇنى كاپىر دەپ چاقىرغان بولسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. «الذخيرة» ناملىق كىتابتىمۇ شۇنداق دېيىلگەن.[3]

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ (الله ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلسۇن) يۇقىرىقى پەتىۋانى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردىكى <ئەگەر كاپىر دەپ ئەقىدە قىلىپ تۇرۇپ> دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىجتىھاد ئەمەستۇر».

يۇقىرىدىكى دەلىلسىز كاپىرغا چىقىرىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرى ھەققىدىكى تەھدىت ھەدىسلەر ھەربىر مۇجاھىدنىڭ ئىلىمسىز ۋە قارىغۇلارچە ھالدا ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىگە تىل ئۇزىتىشىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾** «بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن

---

[1] سۈرە مائىدە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «بيان مشكل الآثار» 2- توم 203- بەت.

[3] «الفتاوى الهندية» 2- توم 278- بەت.

سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[1].

مەن بۇ ئەسلەتمىنى پېشقەدەم ئۇستاز ئۆمەر ئابدۇراھمان رەھىمەھۇللاھنىڭ «ئىسلام شەرىئىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل شەرىئەتتۇر» دېگەن تېمىدا سۆزلىگەن مۇنۇ نۇتۇقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق كىشىلىرى بارلىقىنى بىلىمىز، ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بولمايدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئىسلامنى ھەممىگە ئېچىۋېتىلگەن يايلاقتەك ھەركىم ئۆزى خالىغانچە سۆزلەيدىغان، بىلمىگەن نەرسىنى بىلجىرلايدىغان، اللہ قا ۋە اللہ نىڭ كىتابىغا قارشى سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئەركىن يايلاق دەپ قارايمىز؟!».

❖ ❖ ❖

[1] سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت.

# 3 ـ ئەسلەتمە

## بۆلۈنمەسلىك ھەققىدە

بىرلىشىش ۋە ئۇيۇشۇشنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتى تولىمۇ كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىگە قادىر الله ئىسلام ئۈممىتىنى بىرلىشىشكە بۇيرۇغان ۋە بۆلۈنۈپ ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىشتىن توسۇپ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭا ئۆز دىنى ۋە ئەقىدىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر مۇۋەھھىد بۇ نۇقتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ «ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «(پۈتۈن سۆزـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[3].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 105 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت.

قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بىرلىشىش ۋە ئۇيۇشۇشقا بۇيرۇپ، ئىختىلاپلىشىش ۋە بۆلگۈنچىلىكتىن توسقان نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

بىرلىشىش بولسا اللہ ۋە اللہ نىڭ رەسۇلى مۇسۇلمانلارنى بۇيرۇغان ئەڭ چوڭ ۋاجىبلارنىڭ بىرىدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللہ نىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىش ۋە بۆلۈنمەسلىك قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، اللہ قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنى بىرلىشىشكە چاقىرغان ۋە ئۇنى تەرك قىلغان ئەھلى كىتاب ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنى ئەيىبلىگەن. پەيغەمبەر ﷺ ھەرقانداق ئورۇنلاردا بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «عليكم بالجماعة فإن يد اللّٰه على الجماعة و إن الشيطان مع الواحد و هو من الإثنين أبعد» <جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇڭلار، چۈنكى اللہ نىڭ قولى جامائەتنىڭ ئۈستىدىدۇر. شەيتان بىر ئادەم بىلەن بىللە، ئىككى ئادەمدىن يىراقراق>».[1][2]

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قەۋم بۆلۈنسە بۇزۇلىدۇ ۋە ھالاك بولىدۇ، ئەگەر بىرلەشسە تۈزىلىدۇ ۋە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، بىرلىشىش رەھمەت، بۆلۈنۈش ئازابتۇر».[3]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ «ولا تفرقوا» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «اللہ ئۇلارنى بىرلىشىشكە بۇيرۇپ، بۆلۈنۈشتىن چەكلىگەن».

تەبەرى رەھىمەھۇللاھ ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ «ھەممىڭلار اللہ نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اللہ نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)»[4] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ —

---

[1] بەيھەقى توپلىغان.
[2] «مجموع الفتاوى» 22- توم 359- بەت.
[3] «مجموع الفتاوى» 3- توم 421- بەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ ئۆز كىتابىدا سىلەردىن ئەھدە ئالغان ۋە چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ھەق دىن ئۈستىگە بىرلىشىڭلار، ﷲ نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ئارغامچىغا ئېسىلىڭلار دېگەنلىكتۇر». بۇ ئارغامچا غايە مەقسەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﷲ تائالانىڭ ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا﴾ «ھەممىڭلار ﷲ نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ﷲ نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار»[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: <ئۇ بولسىمۇ جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇشتۇر> دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﷲ تائالانىڭ: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ﴾ «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار»[2] دېگەن سۆزى ۋە قۇرئاندىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: <ﷲ ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ﷲ نىڭ دىنىدا ئىختىلاپلاشقانلىقى ۋە جېدەللەشكەنلىكى سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى بىرلىشىشكە بۇيرۇدى، ئىختىلاپلىشىش ۋە بۆلۈنۈشتىن توستى»[3].

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم شەئبىدىن سابىت ئىبنى قىتنەتۇل مۇزەنىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئى ئىنسانلار! ئىتائەت قىلىش ۋە جامائەت بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ئىككىسى ﷲ ئېسىلىشقا بۇيرۇغان ئارغامچىدۇر»[4].

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، سەمماك ئىبنى ۋەلىد ھەنەفىنىڭ مۇنداق

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «جامع البيان في تأويل القرآن للطبري» 7 ـ توم 93 ـ بەت.

[4] «تفسير ابن أبي حاتم» 14 ـ توم 150 ـ بەت.

دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: [مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئۇستىمىزدىكى بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان، ھاقارەت قىلىۋاتقان، زاكاتلىرىمىزدا بىزگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانلارغا قانداق قارايسەن؟ ئۇلارغا زاكاتنى بەرمەي قارشىلىق كۆرسەتسەك بولامدۇ؟» دېسەم، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلما، ئۇلارغا زاكاتنى بەرگىن. جامائەتنى مۇھىم بىل، چۈنكى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن ھالاك بولغان، سەن الله تائالانىڭ: ﴿وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا﴾ <ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)>[1] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟»].[2]

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر بۆلۈنۈپ كەتكەندەك بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللَّه يرضى لكم ثلاثا، ويسخط لكم ثلاثا: يرضى لكم أن تعبدوه ولا تشركوا به شيئا، وأن تعتصموا بحبل اللَّه جميعا ولا تفرقوا، وأن تناصحوا من ولاه اللَّه أمركم، ويسخط لكم ثلاثا: قيل وقال، وكثرة السؤال، وإضاعة المال» «الله تائالا سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولۇپ، ئۈچ ئىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ: سىلەرنىڭ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ھەممىڭلارنىڭ الله نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ بۆلۈنمەسلىكىڭلاردىن ۋە الله سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ:

[1] سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير ابن أبي حاتم» 3 ـ توم 724 ـ بەت.

(پالانى ـ پۇكونى مۇنداق دەپتىمىش دېگەندەك) ئەپقاچتى سۆزلەرنى قىلىشىڭلاردىن، كۆپ سوئال سورىشىڭلاردىن ۋە پۇل ـ مالنى بۇزۇپ چېچىۋېتىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ». ①

دېمەك، الله رازى بولىدىغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرى ـــ الله نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىش ۋە بۆلۈنمەسلىكتۇر. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى مۇھىم بىلىش ۋە ئۆزئارا بىرلىششكە بۇيرۇغان ھەدىس بولۇپ، ئىسلامدىكى مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «عليكم بالجماعة وإياكم والفرقة، فإن الشيطان مع الواحد وهو من الاثنين أبعد، من أراد بحبوحة الجنة فليلزم الجماعة» «جامائەت بولۇڭلار، بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىڭلار. شۈبھىسىزكى، شەيتان بىر ئادەم بىلەن بىللە، ئىككى ئادەمدىن يىراقراق. كىمكى جەننەتنىڭ گۈزەل باغلىرىغا كىرىشنى ئىرادە قىلسا، جامائەتنى مۇھىم بىلسۇن». ②

توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يېگەنگە ئوخشاش جامائەتتىن ئايرىلىۋالغان كىشىگە شەيتان ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ. جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش شەيتانغا قارشىلىشىش بولۇپ، ئۇ كىشىنى ھەقتىن بۇرۇلۇپ ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالاش ـ تارتىش ۋە ئىچكى ئىختىلاپتىن يىراق تۇرۇپ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتقان كىشىلەرگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ساراي بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

تەمىم دارى مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە كىشىلەر ئۆي ـ ئىمارەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەتكەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا مۇنداق دېگەنىدى: ‹ئى ئەرەب خەلقى! يەر ـ زېمىن بىلەن پەخىرلىنىشتىن ساقلىنىڭلار! شۈبھىسىزكى، ئىسلام جامائەتسىز

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

مۇكەممەل بولمايدۇ، جامائەت ئەمىرلىكسىز مۇكەممەل بولمايدۇ، ئەمىرلىك ئىتائەتسىز مۇكەممەل بولمايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، قايسى بىر قەۋم ئۆزىگە ئىلىملىك بىر كىشىنى ئەمىر قىلىپ سايلىغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ۋە شۇ كىشىنىڭ بەخت-سائادىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قايسى بىر قەۋم ئۆزىگە ئىلىمسىز بىر كىشىنى ئەمىر قىلىپ سايلىغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ۋە شۇ كىشىنىڭ ھالاكىتى بولغان بولىدۇ>».①

ئىمام ئەۋزائى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلار جامائەت بولۇش، سۈننەتكە ئەگىشىش، مەسجىدنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن».②

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، جىھاد ئىبادىتى جامائەت خاراكتېرلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت بولۇپ، بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش ئارقىلىق كۈچ-قۇۋۋەتلەر كېتىپ قالىدۇ ۋە نۇسرەت كېچىكىپ كاپىرلارنىڭ زورىيىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە جىھاد بەدەلنى كۆپ تۆلەيدىغان نەتىجىسىز بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىدلارنىڭ جامائەت بولۇپ بىرلىشىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ**﴾ «(پۈتۈن سۆز ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»③.

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دېگەن: «تالاش-تارتىش ۋە ئىختىلاپلىشىش مەغلۇبىيەتكە ھەمدە كۈچ-قۇۋۋەت، غەلىبە-نۇسرەت ۋە

① «جامع بيان العلم وفضله» 1- توم 63- بەت.

② «روح البيان» 3- توم 466- بەت. «شرح أصول الاعتقاد» 1- توم 71- بەت.

③ سۈرە ئەنفال 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھاكىمىيەتنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ».

جەسساس رەھىمەھۇللاھ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملار ئېيتقاندەك، جىھاد ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىكى ئەڭ چوڭ ۋاسىتىدۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن ئۆزئارا دوستلۇق، ھەمكارلىق، ياردەملىشىش، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەمىرلىكنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ﴾ «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[1]. شۇنىڭدەك، جىھادنىڭ الله ياخشى كۆرگۈدەك ۋە رازى بولغۇدەك مۇكەممەل ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن چوقۇم كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۆزئارا دوستلۇق، ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن مۇسۇلمانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، يەر يۈزىدە الله خالىغان كىشىلەردىن باشقىلار تەۋھىد سايىسىدا ياشىيالمايدۇ.

بىلىڭكى، مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرا، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلار دىن دۈشمەنلىرىگە تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا دىن دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل پىلانلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن مۇجاھىدلار جامائىتىنى بۆرە ئۇۋنى كۆزەتكەندەك پايلاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىدۇ. دەرۋەقە توپتىن ئايرىلغان قوي مۇقەررەر ھالدا بۆرىگە يەم بولىدۇ.

مۇجاھىدلار جامائىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۇقكى، ئۇلار بۆرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلانغان يالغۇز قويدەك شەيتاننىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ دىندىكى نېسىۋىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى (الله بىزنى ئۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن

[1] سۇرە تەۋبە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساقلىسۇن). پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من ثلاثة في قرية، ولا بدو، ولا تقام فيهم الصلاة إلا قد استحوذ عليهم الشيطان، فعليك بالجماعة، فإنما يأكل الذئب من الغنم القاصية» «قايسى بىر يېزا ياكى قىشلاقتا ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناماز جامائەت بىلەن ئادا قىلىنمايدىكەن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا سەن (مۇسۇلمانلار) جامائىتىدىن ئايرىلما. چۈنكى، توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ».[1]

تەيىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <شۇڭلاشقا سەن (مۇسۇلمانلار) جامائىتىدىن ئايرىلما> دېگەن بۇ سۆزى پەقەت ئاڭلىغۇچىغىلا قارىتىلغان مەخسۇس خىتاب بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي (ئۇممەتكە قىلىنغان) خىتابتۇر. پەيغەمبەر ﷺ (بۇ سۆزىدە) شەيتاننىڭ قىزىقتۇرۇشى سەۋەبلىك جامائەتتىن ئايرىلىپ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن كىشىنى پادىچىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ توپتىن ئايرىلغان ۋە شۇ سەۋەبلىك بۆرىگە يەم بولغان قويغا ئوخشاتقان».[2]

شۇڭلاشقا ھەربىر مۇجاھىد نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇجاھىد قېرىنداشلىرىغا بىھۇدە گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ھەربىر مۇجاھىد سەپنى بىرلەشتۈرۈشكە ۋاستە، قەد كۆتۈرۈۋاتقان جىھاد بىناسىغا كېرەكلىك كېسەك بولۇشى، شۇنداقلا جامائەت ئىچىدە تۈرۈپ كۆڭۈل ياقتۇرمىغان ئىشنىڭ، بۆلۈنۈپ تۇرۇپ جەملىگەن نەرسىلەردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دېگەن: «سىلەر جامائەت ئىچىدە تۇرۇپ ياقتۇرمىغان بىر قىسىم ئىشلار بۆلۈنۈپ تۇرۇپ ئېرىشكەنلىرىڭلاردىن كۆپ ياخشىدۇر». الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] «فيض القدير شرح الجامع الصغير» 476 ـ بەت.

دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ»①.

شۇنىسى ئېنىقكى، مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىش، مەنپەئەتلىك ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پاكى ھەق ئۈستىدىكى بىرەر جامائەت بىلەن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا بەيئەت بېرىشكە ئوخشاش ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش ۋاجىب بولغان ئەھدۇپەيمانلارنى شەرئىي ئۆزرىسىز بۇزۇشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ئەكسىچە بەرگەن ئەھدىلەرنى بۇزغان كىشى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ھېسابلىنىپ، الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولًا﴾ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان-قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر»②. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەر كىشىلەر بىلەن قىلىشقان ئەھدىلەرگە ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، ئەھدىلەشكەن ۋە كېلىشىم تۈزۈشكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھدىلىرى ۋە كېلىشىملىرى (يەنى ئۇنىڭغا ۋاپا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى) ھەققىدە سورىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايىتىدۇر»③.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ إِذَا عَاهَدْتُمْ وَلَا تَنْقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللَّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلًا﴾ «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، الله نىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر الله نى گۇۋاھچى قىلدىڭلار»④. ئىمام قۇرتۇبى

---

① سۈرە سەپ 4- ئايەت.

② سۈرە ئىسرا 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «مختصر تفسير ابن كثير» 3- توم 377- بەت.

④ سۈرە نەھل 91- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «<وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ> <اللە نىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار> دېگەن بۇ ئايەت تىل ئارقىلىق پۈتۈشكەن، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھەرقانداق سودا-سېتىق، مۇئامىلە ۋە ئەھدىلىشىشتىن ئىبارەت ئىنسانغا زۆرۈر بولغان بارلىق ئەھدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».①

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»②. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: [مۇئمىنلەر ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلمايدۇ. ئەھدىلەشسە، ئەھدىنى بۇزمايدۇ. مانا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ مۇناپىقلاردىن پەرقلىنىدىغان گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «آية المنافق ثلاث إذا حدث كذب، وإذا وعد أخلف، وإذا اؤتمن خان» «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ خىل بولىدۇ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»③]. ④ اللە نىڭ كىتابىدا ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇپ، ئەھدىنى بۇزۇشتىن توسىدىغان بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قال اللَّه تعالى: ثلاثة أنا خصمهم يوم القيامة: رجل أعطى بي ثم غدر، ورجل باع حرا ثم أكل ثمنه، ورجل استأجر أجيرا فاستوفى منه ولم يعطه أجره» «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: <قىيامەت كۈنى مەن ئۇلار بىلەن دەۋالىشىدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. بىرىنچىسى، ماڭا ۋەدە بېرىپ ۋەدىسىنى بۇزغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى خەجلىگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن

---

① «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 10- توم 169- بەت.
② سۈرە مۇئمىنۇن 8- ئايەت.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ «تفسير القرآن العظيم لابن كثير» 8- توم 227- بەت.

كىشى>». ①

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە خائىن ۋە ئالدامچى كىشىلەرنى ئەيىبلىگەن. ۋەدىلەشكەن شەرتلەرنى ئادا قىلمىغان كىشى خىيانەتچى ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئىسلام شەرىئىتى ئەھدە قىلىشقان شەرت ۋە كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىشقا، ئامانەتلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىققا بۇيرۇپ، ئالدامچىلىق قىلىش، ئەھدىنى بۇزۇش ۋە خىيانەت قىلىشتىن توسقان ۋە شۇنداق قىلغانلارغا تەنبىھ بەرگەن». ②

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لكل غادر لواء يوم القيامة يعرف به» «قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدىغان بولۇپ، خىيانەتچى شۇ بايراق بىلەن تونۇلىدۇ».③

يەنە بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الغادر ينصب له لواء يوم القيامة، فيقال: ألا هذه غدرة فلان بن فلان» «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى ھەرقانداق بىر خىيانەتچى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدۇ. ئاندىن <بۇ پالانىنىڭ ئوغلى، پالانىنىڭ خىيانىتى> دېيىلىدۇ». ④

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: [مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق بىر ئەھدىگە خىيانەت قىلىشى ھارام بولۇپ، گەرچە كاپىرلار بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدە بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان

---

① بۇخارى توپلىغان.

② «الفتاوى الكبرى» 4ـ توم 88ـ بەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قتل نفسا معاهدا بغير حقها لم يرح رائحة الجنة، وإن ريحها ليوجد من مسيرة أربعين عاما» «كىمكى ئاردا كېلىشىم بولغان (يەنى ئامانلىق بېرىلگەن) كاپىرنى ناھەق ئۆلتۈرسە، جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇريالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ھىدى 40 يىللىق مۇساپىگىچە يېتىپ بارىدۇ». الله تائالا ئۆز كىتابىدا مۇشرىكلار ئەھدىسىنى بۇزمىسىلا، مۇسۇلمانلارنى ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇغان].[1]

ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا تۈزۈشكەن ئەھدىلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش بەكرەك تەكىتلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى بۇزۇشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئەھدىلەرنى بۇزۇش گۇناھلىرى ئىچىدە ئۆزى بەيئەت قىلغان ۋە رازى بولغان ئەمىرگە بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ يوقتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاثة لا يكلمهم اللّٰه يوم القيامة ولا ينظر إليهم ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم: رجل على فضل ماء بفلاة يمنعه ابن السبيل، ورجل بايع رجلا سلعة بعد العصر فحلف باللّٰه لأخذها بكذا وكذا فصدقه فأخذها وهو على غير ذلك، ورجل بايع إماما لا يبايعه إلا للدنيا، فإن أعطاه منها ما يريد وفى له، وإن لم يعطه لم يف» «ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، چىرايلىرىغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، چۆل - باياۋاندا ئارتۇق سۈيى بار تۇرۇپ، يولۇچىغا سۇ بەرمىگەن كىشى؛ يەنە بىرى، ئەسىر ۋاقتىدىن كېيىن مال ساتقان ۋە مالنى مۇنداق، مۇنداق پۇلغا ئالدىم دەپ الله نىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلىپ (ئالمىغان پۇلغا) خېرىدارنى ئىشەندۈرگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىرەر ئىمامغا مال - دۇنيانى كۆزلەپ بەيئەت قىلغان، ئەگەر ئىمام مال بەرسە بەيئىتىگە ۋاپا قىلىدىغان، مال بەرمىسە ۋاپا قىلمايدىغان كىشىدۇر».[2]

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 2- توم 487- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەيئەت، نىكاھ قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا رازىلىشىپ تۈزۈشكەن ئەھدىلەر ۋاپا قىلىش ۋاجىب بولغان، خىيانەت قىلىش ھارام بولغان ئەھدىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇستازىمىز شەھىد ئەبۇ مۇنزىر سالىم تىرابلىسى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەھدىگە خىيانەت قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپچىلىك ئالىملار: <خىيانەتچى ئەمىر بىلەن بىرگە جىھاد قىلماسلىق كېرەك> دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۆز زىممىسىدە بىرەر بەيئەت ياكى ئەھدە بولغان ۋە ياكى بىرەر ئىشقا ئەھدە بېرىپ ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن كىشى بەيئەت-ئەھدىلىرىدە الله تىن قورقۇشى لازىم. شۇنداقلا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان شەرئىي زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنى بۇزماسلىقى، شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشىدىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم. چۈنكى، شەيتان (ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك) بىر كىشىگە يېقىن، ئىككى كىشىدىن يىراقراقتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ كىشى قانداقتۇر بىرەر جېدەل ياكى تالاش-تارتىش ۋە ياكى پىكىر ئىختىلاپىنى ئەھدىنى بۇزۇشنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماسلىقى، الله بۇيرۇغان ئىشلاردا الله تىن قورقۇشى لازىم. قانداق بىر كىشى ئۆز ئەمىرىدىن كۆڭلى خالىمايدىغان بىرەر ئىشنى بايقىسا، ئۇنىڭغا سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن. پىتنە-پاسات كۆپەيگەن دەۋردە الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرلەشكەن جامائەتنىڭ سېپىنى پارچىلاشقا ۋاستە بولۇپ قېلىشتىن ساقلانسۇن. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپات ئەڭ ياخشىدۇر.

❖ ❖ ❖

# 4 ـ ئەسلەتمە
# ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز ئەمىر ـ مەسئۇللىرىنىڭ شەرىئەت دائىرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى بەندىنى اللە قا يېقىنلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىش ئۈستىدىكى مۇسۇلمان ئەمىرلەرگە قىلىنغان ئىتائەت اللە قا ۋە اللە نىڭ رەسۇلىغا قىلىنغان ئىتائەتتۇر. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار اللە قا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە ئىجماغا كەلگەن. بۇ ئىجمانى قازى ئىياز ۋە باشقا ئالىملار نەقىل قىلغان».[①]

ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىن ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللە قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللە قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللە نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[②].

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتە اللە تائالا ئىش ئۈستىدىكى ئەمىر ـ مەسئۇللارنى

[①] «شرح النووي على مسلم» 22 ـ توم 222 ـ بەت.
[②] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

ئامانەتلەرنى ئادا قىلىشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، كېيىنكى بۇ ئايەتتە قول ئاستىدىكىلەرنى ئاۋۋال الله قا ئىتائەت قىلىشقا (يەنى الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاپ، چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا)، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ گە، ئۇنىڭدىن قالسا ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەر ۋە زور كۆپچىلىك ئالىملار مۇشۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن».①

ئالىملار بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئىش ئىگىلىرى»نىڭ كىملەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ‹ئىش ئىگىلىرى› نىڭ كىملىكى ھەققىدە تەپسىرشۇناسلار ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇتتۇر. بەزىلىرى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقىل قىلىپ تۇرۇپ: ‹ئۇلار ئەمىرلەرنى كۆرسىتىدۇ› دېسە، بەزىلىرى: ‹ئۇلار ئالىملاردۇر› دېگەن، يەنە بەزىلەر: ‹ئۇلار ئىلىملىك دىيانەتلىك ۋە دانىشمەن كىشىلەر› دېگەن».②

تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن مەنپەئەت يېتىدىغان ئىشلاردا ئالىملار ۋە ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئىش ئىگىلىرىنىڭ ئەمىرلەر ۋە ۋالىيلار ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرگەن. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ قاراش ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى زور كۆپچىلىك فىقھشۇناس ۋە تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر».

ئىمام جەسساس ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئالىملار ۋە قوشۇن ئەمىرلىرىنىڭ

① «الجامع لأحكام القرآن» 5 ـ توم 259 ـ بەت.

② «جامع البيان في تأويل القرآن» 8 ـ توم 496 ـ بەت.

ھەممىسى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان ئىش ئىگىلىرى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەمىرلەر قوشۇننى رەتكە سېلىش ۋە دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسا، ئالىملار شەرىئەتنى ساقلاش ۋە دۇرۇس بولىدىغان نەرسىلەرنى دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىلەردىن ئايرىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە بولغاچقا (ئىش ئىگىلىرى دېگەن) ئىسىم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله كىشىلەرنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇغان».①

مۇسۇلمان ئەمىر-مەسئۇللارغا ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. پەيغەمبەر ﷺ ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئىتائەتسىزلىكتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أطاعني فقد أطاع اللّه، ومن عصاني فقد عصى اللّه، ومن يطع الأمير فقد أطاعني، ومن يعص الأمير فقد عصاني، وإنما الإمام جنة يقاتل من ورائه ويتقى به، فإن أمر بتقوى اللّه وعدل فإن له بذلك أجرا، وإن قال بغيره فإن عليه منه» «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى الله قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلغان كىشى ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلغان كىشى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەمىر — ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىلىنىدىغان بىر قالقاندۇر. ئەگەر ئۇ الله قا تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇسا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقا بۇيرۇسا، جاۋابكارلىقى ئۇنىڭ ئۈستىگە

---

① «أحكام القرآن» 3- توم 177- بەت.

يۈكلىنىندۇ». [1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اسمعوا وأطيعوا وإن استعمل عليكم عبد حبشي كأن رأسه زبيبة» «ناۋادا سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك (كۆرۈمسىز) قارا تەنلىك بىر قۇل ئەمىر بولۇپ تەيىنلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار». [2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ماڭا گەرچە پۇت-قوللىرى كېسىلگەن، قارا تەنلىك قۇل ئەمىر قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى». [3]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «السمع والطاعة على المرء المسلم فيما أحب وكره، ما لم يؤمر بمعصية، فإذا أمر بمعصية فلا سمع ولا طاعة» «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ، ئەمىر ئۇنى گۇناھقا بۇيرۇمىسىلا، مەيلى ئۇ ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا، ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ». [4]

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئەمىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ-ئىتائەت قىلىشقا كەلسەك، ئۇنىڭدا دۇنيالىق بەخت-سائادەت باركى، ئۇ ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ ھاياتلىقتىكى مەنپەئەتلىرى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى ئاشكارىلىيالايدۇ ۋە ئۆز رەببىگە قۇللۇق قىلالايدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى پاسىق بولسۇن، ئەمىر بولغاندىلا كىشىلەر ئىسلاھ بولىدۇ. گەرچە ئەمىر پاسىق بولسىمۇ، بەندە ئۇنىڭ ئىتائىتىدە رەببىگە ئىبادەت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلالايدۇ، ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئۆزىگە بولىدۇ>».[1]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب. كىمكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله ئۈستىگە ئالىدۇ. لېكىن، ھوقۇق-مەنسەپ ۋە مال-دۇنيا توپلاش كويىدا، ئەمىرلەر ھوقۇق ياكى مال-دۇنيا بەرسە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان؛ بەرمىسە ئىتائەتسىزلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋە (يەنى ئەجىر) گە ئېرىشەلمەيدۇ».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاثة لا يكلمهم اللّٰه يوم القيامة ولا ينظر إليهم ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم: رجل على فضل ماء بفلاة يمنعه ابن السبيل، ورجل بايع رجلا سلعة بعد العصر فحلف باللّٰه لأخذها بكذا وكذا فصدقه فأخذها وهو على غير ذلك، ورجل بايع إماما لا يبايعه إلا للدنيا، فإن أعطاه منها ما يريد وفى له، وإن لم يعطه لم يف» «ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، چىرايلىرىغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، چۆل-باياۋاندا ئارتۇق سۈيى بار تۇرۇپ، يولۇچىغا سۇ بەرمىگەن كىشى؛ يەنە بىرى، ئەسىر ۋاقتىدىن كېيىن مال ساتقان ۋە مالنى مۇنداق، مۇنداق پۇلغا ئالدىم دەپ الله نىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلىپ (ئالمىغان پۇلغا) خېرىدارنى ئىشەندۈرگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىرەر ئىمامغا مال - دۇنيانى كۆزلەپ بەيئەت قىلغان، ئەگەر ئىمام مال بەرسە، بەيئىتىگە ۋاپا قىلىدىغان، مال بەرمىسە، ۋاپا قىلمايدىغان كىشىدۇر».[3]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 1- توم 262- بەت.

[2] «مجموع الفتاوى» 35- توم 16- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىدىغان بولساق سۆزىمىز تولىمۇ ئۇزىراپ كېتىدۇ. دېمەك، ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىش شەرئىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەندە رەببىگە يېقىنلىشىدۇ، مۇسۇلمانلاردىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بولۇپمۇ الله نىڭ دىنىنى ھاكىم قىلىشقا تىرىشىۋاتقان ھەربىر مۇجاھىد ئۆز ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشىدىغان ئىتائەتمەن قەلبنى ئۆزىدە ھازىرلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىدە رەببىنىڭ ئىتائىتىگە تەييار تۇرىدىغان ئىماني لەززەتنى ھېس قىلىشى كېرەك.

ئۇستازىمىز ئەتيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ نۆۋەتتىكى بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەمىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا بەرگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى چىقماسلىقنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن مانا بۇ ھەدىسلىرى ۋە بىر قىسىم شەرئىي دەلىللەر دەۋرىمىزدىكى ئىسلام دىيارلىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا قىسمەن تەمكىنلىككە ئېرىشكەن جىھادىي جامائەتلەرنىڭ (ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان تالىبان دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر) ئەمىرلىرىگە ئوخشاش خەلىپىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك بارلىق ئەمىرلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ جامائەتلەرگە ئۆز دائىرىسىدە خەلىپىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، بەرگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بۇ جامائەتلەرگە تەتبىقلىنىدۇ.

ئەمما، خەلىپىلىك ھەققىدىكى بارلىق ھۆكۈملەر بۇ جىھادىي جامائەتلەرگە تەتبىقلانمايدۇ. ھۆكۈملەردە كەلگەن خىلاپەتنىڭ ھەممە ھۆكۈملىرى بېرىلمەيدۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى كەتكۈزۈشنىڭ ئومۇمەن ھارام

ئىكەنلىكى، ئەكسىچە ھەق ئۇستىدە بىرلىشىش، ئىمكانقەدەر بىر ئەمىر ئاستىغا ئۇيۇشۇشنىڭ ئومۇمەن ۋاجىب ئىكەنلىكىدەك شارائىت ئېھتىياجلىرى بىلەن قىسمەن ھۆكۈملەردە خەلىپىلىك ھۆكمىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

يالغۇز جىھاد قىلىشنىڭ ئەسلى ھۆكمى شەرىئەتتە دۇرۇس بولسىمۇ، جىھاد پەقەت جامائەت ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۇنىڭسىز مۇكەممەل بولمايدىغان بولغاچقا جامائەت بولۇش ۋاجىب. چۈنكى، ۋاجىب ئۇنىڭسىز ئورۇندالمايدىغان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ ۋاجىبتۇر. جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش شەرئىي جەھەتتىن دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ۋاجىب ئەمەل بولۇپ، خەلىپىلىك ھەققىدە كەلگەن نۇرغۇن ھۆكۈملەر زۆرۈرىيەت ئېھتىياجى بىلەن جىھادىي جامائەتلەرگە تەتبىقلىنىدۇ. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدىكى بايانلار خەلىپە، ئەمىر، شۇنداقلا سەپەر ۋە جەڭ ئۇستىدىكى ۋاقىتلىق ئەمىرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىتائەت قىلىش پەقەت الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەردە ھەمدە تاقەت يېتىدىغان ئىشلاردىلا بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى ۋە قوشۇندىكىلەرنىڭ ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنى قاتتىق تاپىلىغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر جايغا ئەۋەتتى. قوشۇن سەركەردىسى (بىر ئىش توغرىسىدا) غەزەپلىنىپ:

— پەيغەمبەر ﷺ سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟! — دېۋىدى، ئۇلار:

— شۇنداق، ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان، — دېيىشتى. سەركەردە:

— ئۇنداقتا، ھەممىڭلار ئوتۇن يىغىپ كېلىڭلار! — دېدى، ئوتۇن يىغىلغاندا سەركەردە:

— ئوت يېقىڭلار! — دېدى، ئوتمۇ يېقىلدى. ئاندىن سەركەردە:

— ئوتقا كىرىڭلار! — دېدى. ئۇلار ئوتقا كىرىشنى ئويلىدى-يۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئوتتىن قېچىپ بارغان ئەمەسمىدۇق؟! — دېيىشتى. ئۇلار بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ئوت ئۆچۈپ قالدى، سەركەردىنىڭمۇ ئاچچىقى ياندى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ:

— ‹لو دخلوها ما خرجوا منها إلى يوم القيامة، إنما الطاعة في المعروف› ‹ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا، تاكى قىيامەتكىچە ئوتتىن چىقالمايتتى. ئىتائەت قىلىش دېگەن توغرا ئىشلاردا بولىدۇ›، — دېدى». [1]

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس پەقەت تائەت-ئىبادەت ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلاردىلا ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى، ھارام ۋە گۇناھ ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، پەقەت شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ياكى مۇباھ ئىشلاردىلا ئىتائەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىس بىزگە ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ھەدىسلەردىكى ئومۇمىي ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرۇپ بېرىدۇ». [2]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس گۇناھ ئىشلاردا ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ اللە قا ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىغا، گۇناھلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش ۋەجىدىن اللە چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆزرە

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] «عون المعبود شرح سنن أبي داود» 7- توم 208- بەت.

بولالمايدىغانلىقىغا، ئەگەر ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بولمىسا ئۇنداق قىلمايدىغان تەقدىردىمۇ گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ (الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر)». [1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق كىشى الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئەمىرگە ئىتائەت قىلماسلىقى، الله نى نارازى قىلىش بەدىلىگە ئىنسانلارنى رازى قىلماسلىقى كېرەك. الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئەمىرگە ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ الله ئالدىدا ھېچقانداق ئۆزرىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى بۇ قىلمىشى تۈپەيلى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنى بىلىڭكى، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش ئېنىق دەلىل بولمىغان ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە بولىدۇ. ئىبنى ئەبۇلئىز ھەنەفىي مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ـ سۈننەت ۋە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئىجماسى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ناماز ئىمامى، ھاكىم، جەڭ ئەمىرى، زاكات خادىملىرىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى ھېسابلانغان كىشىلەرگە ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە ئىتائەت قىلىنىدۇ، قول ئاستىدىكىلەر ئەمىرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. چۈنكى، شاخچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ ئېرىشىلىدىغان پايدىغا قارىغاندا كېلىپ چىقىدىغان زىيان ئېغىر بولىدۇ». [2]

جەڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، جەڭ قىلىشقا مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە ئورۇنلارنى بەلگىلەش، قايتۇرما ھۇجۇم، مۇداپىئە ۋە چېكىنىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش تەجرىبە ۋە قابىلىيەت تەلەپ قىلىدىغان ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە جەڭ ئەمىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش

---

[1] «عون المعبود وحاشية ابن القيم على سنن أبي داود» 7 ـ توم 208 ـ بەت.

[2] «شرح العقيدة الطحاوية» 2 ـ توم 534 ـ بەت.

كېرەك.

ئەگەر مۇشۇنداق ئىشلاردا ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىش يولغا قويۇلمىغان بولسا، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىمام جۇۋەينى ئېيتقاندەك بولۇپ قالاتتى. جۇۋەينى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولمىغان بولسا، ھەربىر كىشى ئۆز مەزھىبى ۋە ئۆز غايىسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلەردىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ ئايىغى چىقمىغان بولاتتى».[1]

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىشىگە ئېغىر كېلىدىغان، ئورۇنداش قىيىن تۇيۇلىدىغان، شۇنداقلا كىشىنىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلاردىلا ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش پرىنسىپى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا شارائىت سۇرۇشتۇرمەستىن ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «عليك السمع والطاعة في عسرك ويسرك، ومنشطك ومكرهك، وأثرة عليك» «مەيلى شارائىت ساڭا قولايلىق ياكى قولايسىز بولسۇن، مەيلى سەن ياقتۇرغان ياكى ياقتۇرمىغان ھالەتتە بولسۇن، مەيلى تېگىشلىك ھەققىڭ ساڭا بېرىلمىگەن بولسۇن، ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشىڭ ۋاجىبتۇر».[2]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇ ھەدىس نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان، نەپسى ياقتۇرمايدىغان ۋە گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ-ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى، ئەگەر گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلسا، ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ-ئىتائەت قىلىشقا

[1] «غياث الأمم في التياث الظلم» 1- توم 217- بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ>». [1]

بۇ ھەدىستىكى «أثرة» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئەمىرلەر دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ سىلەرنىڭ تېگىشلىك ھەققىڭلارنى بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ھەدىسلەر بىزنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىختىلاپلار يوقىلىدۇ، بىرلىك ۋە ئىناقلىق روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى، ئىختىلاپلىشىش دىن ۋە دۇنيالىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

دېمەك، الله سىزنىڭ ئاسايىشلىقتا ئىتائەت قىلغىنىڭىزدەك، قىيىنچىلىقتىمۇ ئىتائەت قىلغانلىقىڭىزنى، كۆڭلىڭىز خالىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلغىنىڭىزدەك، كۆڭلىڭىز خالىمىغان ئىشلاردىمۇ ئىتائەت قىلغانلىقىڭىزنى كۆرسۇنكى، شۇ چاغدىلا الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسىز. ئەھۋالىڭىز پەيغەمبەر ﷺ مۇنۇ ھەدىستە بايان قىلغاندەك بولسۇن! ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «... طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل اللّه، أشعث رأسه مغبرة قدماه، إن كان في الحراسة كان في الحراسة، وإن كان في الساقة كان في الساقة، إذا استأذن لم يؤذن له، وإن شفع لم يشفع» «... چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇ (ئالدىنقى سەپلەردە) قاراۋۇللۇق خىزمىتىگە قويۇلسا، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدۇ؛ ئارقا سەپ خىزمىتىگە قويۇلسا، ئۇنىمۇ تولۇق ئادا قىلىدۇ؛ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؛ ئەگەر (بىرەر كىشىگە) شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ». [2]

---

[1] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 12- توم 224- بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

### ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى

اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى جانلىق بىر مىسالنى بايان قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئوقياچىلارغا: «جەڭنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار، گەرچە بىزنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلارمۇ، بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلمەڭلار» دېگەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئورۇننى تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈك غەلىبە مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار ئوقياچىلار قىسمىنىڭ ئىتائەتسىزلىكى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى.

اللہ تائالا ئۇھۇد غازىتىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ «اللہ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ اللہ نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، اللہ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن اللہ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. اللہ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[①].

ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار

---

① سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەت.

تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپ قىلمىغاندا الله نىڭ ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، گەرچە پەيغەمبەر ﷺ ئوقياچىلار قىسمىنى بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئايرىلماسلىققا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى دەپ ئويلاپ، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشتى ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئورۇنلىرىدىن ئايرىلدى. نەتىجىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئارقا تەرەپتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئوقياچىلار قىسمىدىكى مانا بۇ ئىتائەتسىزلىك نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىد قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە ئىتائەت قىلغان ۋاقىتتا الله نىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتىگە مۇيەسسەر بولغان بولسا، ئىتائەتسىزلىك قىلغان ۋاقىتتا مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. مانا بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

بۇ تارىخىي ۋەقەلىك ـــ دۈشمەنگە قارشى جىھادتا الله تەرەپتىن كېلىدىغان غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا الله نىڭ ياردىمىنىڭ مۇشۇ قانۇنىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ».[1]

بۇ ۋەقەلىكتە ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك قىلىشتىن ساقلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىبرەت ۋە نەسىھەت بار، چۈنكى بەزىدە بىر شەخسنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلى ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ قىسسىدە، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان ئىكەنلىكى ۋە ئۇ ئىشنى قىلمىغانلارغىمۇ زىيىنى يېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُوا فِتْنَةً لَا تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْكُمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ <سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا

---

[1] «أحكام القرآن» 2 ـ توم 326 ـ بەت.

چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر>①. ئاخىرەتنى قويۇپ دۇنيا ھاياتىنى تاللىغان كىشى دۇنيالىقتا بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرەتلىكىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ>» .②

ئى الله يولىدا جىھادقا ئاتلانغان مۇجاھىد! ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈممىتىگە ياكى ئۈممەت بىلەن بىرلىكتە كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىۋاتقان جامائەتلەرگە زىيان سالغۇچى بولۇپ قېلىشىڭىزدىن قەتئىي ئېھتىيات قىلىڭ. چۈنكى، ئەمىر ياكى خەلىپىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

## ئەمىرنى ھۆرمەتلەش

توغرا مەنھەج ئاساسىدىكى خىلاپەت بىناسىنى قايتا قۇرۇش غايىسىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان، بۇنىڭ ئۈچۈن بارچە تاقىتىنى چىقىرىۋاتقان ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! ئەمىر بولسا الله نىڭ زېمىندىكى سايىسىدۇر. ئەمىرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئەمىر ھەققىدە ياخشى دۇئا قىلىش بولسا مەدھىيىلىنىدىغان گۈزەل خىسلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەمىرنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ھەدىسلىرى يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ھىمیەر قەبىلىسىدىن بىر كىشى بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى بۇنىڭدىن توستى، ئۇ ۋاقىتتا خالىد ئۇلارنىڭ ئەمىرى ئىدى. كېيىن ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ

① سۈرە ئەنفال 25 ـ ئايەت.

② «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 7 ـ توم 353 ـ بەت.

بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ خالىدقا: «ما منعك أن تعطيه سلبه؟» ‹سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى بەرمىدىڭ؟› دېگەنىدى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا جىق كېتىدۇ دەپ قارىغان ئىدىم› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ خالىدقا: «ادفعه إليه» ‹ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بەرگىن› دېدى، ئاندىن خالىد ئەۋفنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېدى، ئەۋف خالىدنىڭ تونىنى تارتىپ تۇرۇپ: ‹پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسەن، ئەمدىغۇ بېرەرسەن؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «لا تعطه يا خالد، لا تعطه يا خالد، هل أنتم تاركون لي أمرائي؟ إنما مثلكم ومثلهم كمثل رجل استرعي إبلا، أو غنما، فرعاها، ثم تحين سقيها، فأوردها حوضا، فشرعت فيه فشربت صفوه، وتركت كدره، فصفوه لكم، وكدره عليهم» ‹ئى خالىد، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ھەرگىز بەرمىگىن! سىلەر مېنىڭ قوماندانلىرىمنى نېمە ئۈچۈن ھۆرمەت قىلمايسىلەر؟ سىلەر بىلەن ئەمىرلەرنىڭ مىسالى تۆگە ياكى قويغا مەسئۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ كىشى تۆگە-قويلارنى سۇغۇرىدىغان ۋاقىتتا، كۆل بويىغا ئېلىپ كېلىدۇ، تۆگە-قويلار سۇنىڭ سۈزۈكلىرىنى ئىچىدۇ، دۇغلىرىنى قالدۇرىدۇ. سۈزۈكىنى سىلەر ئىچىسىلەر، دۇغلىرى ئۇلارغا قالىدۇ› دېدى».[①]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز ئەمىرلىرىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ خورلىنىشىغا رازى بولمايدىغانلىقى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزى تەيىنلىگەن ئەمىرى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ كۆڭلىنى قانداق خۇرسەن قىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ. شۈبھىسىزكى، ئەمىرلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈممەتكە مەنپەئەتلىكتۇر.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «پۇقرالار ئاسان ئىشلارنى قىلىپ، تەمىناتلىرىنى تولۇق ئالىدۇ.

① مۇسلىم توپلىغان.

ئەمىرلەر بولسا مالنى ئۆز يولىدىن تېپىپ لايىقىدا سەرپ قىلىش، پۇقرالارنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنى قوغداش، بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئېغىر ئىشلار بىلەن سىنىلىدۇ. شۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىدە بىرەر نۇقسان كۆرۈلسە، بۇ تۈپەيلى باشقىلار ئەمەس، دەل ئەمىر-مەسئۇللار ئەيىبلىنىدۇ».[1]

شەمسۇلھەق ئابادى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <مېنىڭ قوماندانلىرىمنى نېمە ئۈچۈن ھۆرمەت قىلمايسىلەر؟> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — مەن سىلەرگە تەيىنلىگەن ئەمىرلەرنىڭ ئىچىدە خالىد ئىبنى ۋەلىدمۇ بار. ئەمىرلەر سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا قوشۇلمىسا، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمامسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ئەمىرلەرنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشتۇر دېگەنلىك بولىدۇ».[2]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خمس من فعل واحدة منهن كان ضامنا على الله عز وجل: من عاد مريضا، أو خرج مع جنازة، أو خرج غازيا، أو دخل على إمامه يريد تعزيزه وتوقيره، أو قعد في بيته فسلم الناس منه وسلم من الناس» «بەش تۈرلۈك ئىش بار، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرنى قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە كېپىل بولىدۇ. ئۇلار: كېسەل يوقلاش، جىنازا بىلەن بىرگە چىقىش، غازاتقا چىقىش، ئەمىرنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىش، كىشىلەرگە زىيان سالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىدە ئولتۇرۇش».[3]

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «السلطان ظل الله في الأرض فمن أكرمه أكرمه الله، ومن

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 65- بەت.
[2] «عون المعبود شرح سنن أبي داود» 7- توم 278- بەت.
[3] تەبەرانى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

أهانه أهانه اللَّه» «سۇلتان الله نىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسىدۇر. كىمكى سۇلتاننى ھۆرمەتلىسە، الله ئۇ كىشىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ؛ كىمكى سۇلتاننى خارلىسا، الله مۇ ئۇ كىشىنى خار قىلىدۇ».①

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أكرم سلطان اللَّه تبارك وتعالى في الدنيا، أكرمه اللَّه يوم القيامة، ومن أهان سلطان اللَّه تبارك وتعالى في الدنيا، أهانه اللَّه يوم القيامة» «كىمكى بۇ دۇنيادا الله سۇلتانلىقنى ئىگە قىلغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسە، قىيامەت كۈنى الله مۇ ئۇ كىشىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ؛ كىمكى بۇ دۇنيادا الله سۇلتانلىققا ئىگە قىلغان كىشىلەرنى خارلىسا، قىيامەت كۈنى الله مۇ ئۇ كىشىنى خارلايدۇ».②

تىرمىزى توپلىغان نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أهان سلطان اللَّه في الأرض أهانه اللَّه» «كىمكى الله نىڭ زېمىندىكى سۇلتانلىرىنى خارلايدىكەن، الله ئۇ كىشىنى خار قىلىۋېتىدۇ».③

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن من إجلال اللَّه إكرام ذي الشيبة المسلم وحامل القرآن غير الغالي فيه ولا الجافي عنه، وإكرام السلطان المقسط» «ياشىنىپ قالغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى ئاشۇرۇۋەتمەستىن ۋە تاشلىۋەتمەستىن (يەنى ئەمەل قىلدىم دەپ بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمەي ئۇنى ئوقۇماستىن تاشلاپمۇ قويماي) ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن كىشىنى ھۆرمەتلەش، ئادىل (مۇسۇلمان) سۇلتاننى ھۆرمەتلەش الله نى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر».④

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن

① تەبەرانى، بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ تىرمىزى توپلىغان ۋە بۇ ھەدىسنى «ھەسەن غەرىب» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

④ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سەھىل ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: <كىشىلەر سۇلتان ۋە ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغانلا بولسا، ھەمىشە ياخشىلىقتا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككىسىنى ھۆرمەتلىسە، اللە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىگە تەڭلا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا، اللە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ».[1]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىرتتىن كىرگەن كىشىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەتلەشكە كەلسەك، بىز تاللىغان توغرا قاراش شۇكى، ئىلىملىك، ئەخلاقلىق ياكى ئىش ئۇستىدىكى ئەمىرلەرنى ھۆرمەتلەش مۇستەھەبتۇر. بۇنداق كىشىلەرگە خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېھتىرام قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا دۇرۇس بولىدۇ. مانا بۇ سەلەف-سالىھلارنىڭ تۇتۇپ كەلگەن يولىدۇر».[2]

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ ‹فتح الباري› ناملىق كىتابىدا، ئىبنى ھاج مالىكي رەھىمەھۇللاھ ‹المدخل› ناملىق كىتابىدا ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ سۆزگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ قاراشقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىبنى قەييىم ۋە باشقا بىر بۆلۈك ئالىملارمۇ بار. ئەمما، ئادىل سۇلتاننى ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشكە كەلسەك، ئۇنىڭ دىنىدا اللە ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك-شۈبھە يوق، بەلكى ئۇ دىنىدا بۇيرۇلغان ئىشتۇر».

ئەمىر ۋە سۇلتاننى ھۆرمەتلەش — ئۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىق، ئاممۋى سورۇنلاردا ئەمىرلەرگە ھۆرمەتسىزلىك

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 5- توم 260- بەت.

[2] «الأذكارليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 268- بەت.

قىلماسلىق، پاراڭلاشقاندا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك، نەسىھەت قىلماقچى بولسا مۇناسىپ ۋاقىتتا يوشۇرۇن نەسىھەت قىلىش، ئىنكار قىلماقچى بولسا ھەيۋىتىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈرمەسلىك قاتارلىق ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر ـ مەسئۇللارغا يوشۇرۇن نەسىھەت قىلىش كار قىلمىغان، ۋەزىيەت ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەقەززا قىلىدىغان ئالاھىدە ئەھۋاللاردىلا ئاشكارا نەسىھەت قىلىش ۋە سۆز ـ قىلىقلىرىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما، ئەسلى قائىدە يوشۇرۇن نەسىھەت قىلىشتۇر. ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى سەلەف ـ سالىھلار دەل مۇشۇ يوسۇندا ئىش ئېلىپ بارغان».

مۇسۇلمان ئەمىرلەرگە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئادىشىپ قالغان ۋە غەپلەتتە قالغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، خاتالىشىپ كەتكەندە ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويماسلىق، سەپنى بىرلەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش، قەلبلەردىكى شۈبھىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ قويۇشىدىن چېرايلىق ئۇسلۇب بىلەن توسۇش قاتارلىقلار شەرئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلار ھېسابلىنىدۇ.

**ئىش ئۈستىدىكىلەرنى خورلاش ۋە كەمسىتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى**

ئەمىرنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەش، ئەيىبلىرىنى سۆزلەش، خاتالىقلىرىنى تارقىتىش، مەنسىتمەسلىك، مەسخىرە قىلىش، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلماسلىق، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۈركۈتۈش، ياخشىلىقتا ياردەملەشمەسلىك، كىشىلەر ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىدلەش قاتارلىقلار ئەمىرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

ئەمىرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىش مۇئمىنلەرنىڭ

مەجبۇرىيەتلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ مۇھىم تەلىماتلىرىدۇر. ئۇنى ھەرىكەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش (يەنى ئەمىرنى ھۆرمەتلەش) بۇ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ۋە مۇجاھىدلار سېپىنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەسلىكىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەممىي ئىپادىسىدۇر. الله يولىدىكى ھەربىر مۇجاھىد ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان خېيىم-خەتەرلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك.

ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشكە مۇناسىپ بولىدىغان ئەمىر-مەسئۇللار قول ئاستىدىكىلەر ئۈستىدە ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان كىشىلەردۇر، ئەگەر ئەمىر-مەسئۇللار ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتسە، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى لايىقىدا تۈزىتىپ قويۇش ۋاجىب بولىدۇ.

۞ ۞ ۞

# 5 ـ ئەسلەتمە

## الله يولىدا رىباتتا تۇرۇش

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاۋۋال خاتىرجەم مۇھىت ھازىرلىنىشى كېرەك. مانا بۇ خاتىرجەم مۇھىت الله يولىدا رىباتتا تۇرۇش، چېگرالارنى قوغداش ۋە دۈشمەنىنىڭ خۇپپىيانە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىنى بەربات قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رىباتنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر يېتىپ كەلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش مەن ئۈچۈن قەدىر كېچىسى ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ يېنىدا بىر كېچە قىيامدا تۇرۇشتىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر».[1] رىبات الله يولىدىكى جىھادنىڭ بىر تۈرى بولغاچقا، ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەجدىنمۇ كاتتىدۇر. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇشنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىنمۇ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئالىملار الله يولىدا رىباتتا تۇرۇشنىڭ ئىككى ھەرەم ۋە بەيتۇل مۇقەددەستە تۇرۇپ ئېتىكاپ قىلغاندىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەلىللەرنى بايان قىلغان.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رىبات ـــ مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ چېگرادا تۇرۇشتۇر. چېگرا دېگىنىمىز دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ دۈشمەنلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ھەرقانداق ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. <رىبات> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئات باغلاش دېگەنلىكتۇر. گەرچە ھازىر رىبات ئورۇنلىرىدا ئات بولمىسىمۇ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلار ئاتلىرىنى باغلاپ تەييار تۇرىدىغان، كاپىرلارمۇ ئاتلىرىنى

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان ۋە «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

باغلاپ تەييار تۇرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن <رىبات> دەپ ئاتالغان».[1]

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ، ئەبۇ خەتتاب، ئىبنى جەۋزى قاتارلىق ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا كۆرە، رىباتنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇددىتى بىر سائەت رىباتتا تۇرۇشتۇر. «الإنصاف» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ شۇ قاراشتا بولغان. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر ۋە نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىباتنىڭ تولۇق مۇددىتى قىرىق كۈن ئىكەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئەڭ ئەۋزەل رىبات خەتەرلىك چېگرالاردا رىباتتا تۇرۇشتۇر. چۈنكى شۇ رايوندىكىلەر قوغدىلىشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردە رىباتتا تۇرۇشنىڭ مەنپەئەتى ئەڭ چوڭدۇر. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ خەتەرلىك ئورۇندا رىباتتا تۇرۇش — ئەڭ ئەۋزەل رىباتتۇر».

بۇ ئىبادەتنىڭ ئۈممەتكە كەلتۈرىدىغان مەنپەئەتى ناھايىتى زور ھەمدە قىيىنچىلىققا تولغان ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ كۆپ ئورۇنلاردا رىباتنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى ھەققىدە توختالغان. ھەدىسشۇناس ئالىملار بۇ ئىبادەت ھەققىدە مەخسۇس بابلارنى تۈزگەن.

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «رباط يوم في سبيل اللّٰه خير من الدنيا وما عليها، وموضع سوط أحدكم من الجنة خير من الدنيا وما عليها، والروحة يروحها العبد في سبيل اللّٰه، أو الغدوة خير من الدنيا وما عليها» «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، بىرىڭلارنىڭ ئەتىگىنى ياكى كەچلىكى بىر قېتىم الله يولىدا مېڭىشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[2]

---

[1] «المغني» 9- توم 203- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «رباط يوم وليلة خير من صيام شهر وقيامه، وإن مات جرى عليه عمله الذي كان يعمله، وأجري عليه رزقه، وأمن الفتان» «بىر كېچە-كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش بىر ئاي (كۈندۈزى) روزا تۇتۇپ، (كېچىسى) قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى رىباتتا ۋاپات تاپسا، ھايات ۋاقتىدا قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ، (جەننەتتىن) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ۋە قەبرە پىتنىسىدىن[1] خاتىرجەم قىلىنىدۇ».[2]

فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كل ميت يختم على عمله إلا المرابط في سبيل اللَّه، فإنه ينمى له عمله إلى يوم القيامة، ويؤمن فتنة القبر» «الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچىدىن باشقا ھەرقانداق كىشى ئۆلگەندە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەجىر توختىتىپ قويۇلىدۇ، لېكىن رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەمىلىنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە يېتىپ تۇرىدۇ ۋە قەبرە پىتنىسىدىن ئەمىن بولىدۇ».[3]

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى ھەدىس ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ساۋابى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە رىباتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا مات الإنسان انقطع عنه عمله إلا من ثلاثة: إلا من صدقة جارية، أو علم ينتفع به، أو ولد صالح يدعو له» «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۇنىڭدىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، سەدىقە

---

[1] قەبرە پىتنىسى دېگىنىمىز — ئىككى پەرىشتىنىڭ ۋاپات تاپقان كىشىدىن «رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دەپ سوئال-سوراق قىلىشىدۇر — تەرجىماندىن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جارىيە؛ [1] ئىككىنچىسى، مەنپەئەتلىنىدىغان ئىلىم (يەنى كىشىلەرگە پايدىلىق بولغان ئىلىملەرنى ئۆگىتىش)؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت تەربىيىلەپ قويۇش». [2]

سەدىقە جارىيە، كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان ئىلىم ۋە ئاتا-ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت قاتارلىقلار سەدىقىلەرنىڭ تۈگىشى، ئىلىمنىڭ كېتىپ قېلىشى ۋە بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۈزۈلىدۇ. ئەمما رىباتنىڭ ئەجرى بولسا قىيامەت كۈنىگىچە ھەسسىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇسۇشنىڭ ھەسسىلىنىشتىن باشقا مەنىسى يوق. رىباتنىڭ بۇ قەدەر پەزىلەتلىك بولۇشى ھېچبىر دۇنياۋى سەۋەبكە باغلىق ئەمەس، ئەگەر سەۋەبكە باغلىق بولغان بولسا سەۋەبىنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن ئۇمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى. بىراق ئۇ الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىپ تۇرىدىغان پەزلى-مەرھەمىتىدۇر». [3]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەقەت رىباتتا تۇرغۇچىلارلا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمىلى داۋاملىشىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت پەزىلەتكە ئېرىشەلەيدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھېچكىم رىباتتا تۇرغۇچىلارغا تەڭلىشەلمەيدۇ». [4]

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمانلار! مەن دەسلەپتە سىلەرنىڭ مەندىن يىراقلاپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغان بىر

---

[1] سەدىقە جارىيە ـــ مەسجىد، مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە يول-كۆرۈك قاتارلىق ئومۇمىي مۇسۇلمانلار پايدىلىنىدىغان ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپلەردە خەندەك، غار قېزىش قاتارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشمۇ سەدىقە جارىيە ھېسابلىنىدۇ ـــ تەرجىماندىن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] «الجامع لأحكام القرآن» 4- توم 325- بەت.

[4] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 13- توم 61- بەت.

ھەدىسنى سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، ھازىر ھەربىر كىشى ئۆزىگە ياخشى دەپ قارىغاننى تاللىۋالسۇن دەپ ئۇنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى توغرا كۆردۈم. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رباط يوم في سبيل الله خير من رباط ألف يوم فيما سواه من المنازل فليختر كل امرئ لنفسه ما شاء» «اللە يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش — ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردا مىڭ كۈن رىباتتا تۇرۇشتىن ئەۋزەلدۇر، ھەر بىر كىشى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغاننى تاللىسۇن».[1]

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھېچقانداق بىر ئەمەلنىڭ ساۋابى جىھاد ۋە رىباتقا باراۋەر كېلەلمەيدۇ. رىبات بولسا مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ، چېگرا ئەھلىگە ۋە غازىلارغا كۈچ-قۇۋۋەت قوشىدۇ. رىبات مېنىڭ نەزىرىمدە جىھادنىڭ ئاساسى ۋە تارمىقىدۇر. جىھاد — قىيىن ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن رىباتتىن ئەۋزەلدۇر».[2]

بۇ ئىبادەتنىڭ دەرىجىسى كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن، سەلەف-سالىھلار چېگرالاردا ئولتۇراقلاشقان ۋە شۇ يەردە رىباتتا تۇرۇشقا قىزىققان، ھەتتا شۇ چېگرالار سالىھ كىشىلەرنىڭ كۆپ تۇرغان جايى بولغانلىقى ئۈچۈن مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئىدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جىھاد ۋە رىباتنىڭ پەزىلەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سالىھ مۇئمىنلەر چېگرالاردا رىباتتا تۇراتتى. ئىمام ئەۋزائى، ئەبۇ ئىسھاق فەزارى، مۇخەللەد ئىبنى ھۇسەيىن، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ھۇزەيفە مەرئەشى ۋە يۇسۇف ئىبنى ئەسبات قاتارلىق ئالىملار شام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرۇش ئۈچۈن

---

[1] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.
[2] «الشرح الكبير» 10- توم 374- بەت.

خۇراسان ۋە ئىراق قاتارلىق جايلاردىن كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا شام خەلقى خرىستىئانلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، شام مۇسۇلمانلار چېگراسى بولغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا تۈزۈلگەن ئىلىم ۋە فىقھى كىتابلىرىدا <تارتۇس> كۆپ تىلغا ئېلىناتتى. ھەتتا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، سىررى سەقەتى قاتارلىق ئالىم ۋە ئۇستازلار رىباتتا تۇرۇش ئۈچۈن شامغا كەلگەن. خەلىپە مەئمۇننىمۇ شامغا يېقىن ئورۇندا ۋاپات تاپقان ئىدى».[1]

الله دىنىنىڭ خىزمىتىگە تاللىغان ئىرادىلىك كىشىلەرلا رىباتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلالايدۇ. رىباتتا تۇرغۇچىغا تەييارلانغان بۈيۈك ئەجىر مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇستاز، فىقھشۇناس ئالىم ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ «التربية الجهادية» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: [رىباتتا سەۋر قىلىش تۈرمىدە سەۋر قىلىشتىنمۇ قىيىندۇر. چۈنكى، تۈرمىدە ئامالسىز ۋە مەجبۇرى ھالەتتە سەۋر قىلىنىدۇ. ئەمما، جەڭ مەيدانىدا سەۋر قىلىش كىشىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولۇپ، خالىسا سەۋر قىلىدۇ، خالىسا كېتىپ قالىدۇ. دېمەك، جەڭ مەيدانىدا سەۋر قىلىش قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمدە «رىباتتا تۇرۇڭلار!» دېگەن بۇيرۇق سۆزى سەۋرگە بۇيرۇغان ئىككى بۇيرۇقتىن كېيىن كەلگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»].

جەڭ قىلىش الله ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر، لېكىن نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان قىيىن ئىش — چېگرالاردا جەڭنى كۈتۈپ سەۋر قىلىشتۇر.

---

[1] «مجموع الفتاوى» 27- توم 53- بەت.

مانا بۇ بېشىمىزدىن كەچۈرگەن ئەمەلىي تەجرىبىدۇر. ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «التربية الجهادية» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «جىھاد ئەمەلىيىتى ـ قىيىن ۋە جاپالىق بىر جەرياندۇر. ئەمما جەڭنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرۇش ۋە مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش جەڭ قىلغاندىنمۇ قىيىندۇر. مانا بۇنداق سەۋرگە پەقەت ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرلا ئىگە بولالايدۇ. مەككە دەۋرىدىكى 13 يىل مانا مۇشۇنداق جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى يېڭەلەيدىغان ئالىي ھىممەت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش جەريانى بولۇپ، ھەتتا بۇ مەزگىلدە جىھاد قىلىشمۇ چەكلەنگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق، سەۋرچان ۋە دۇنياغا بېرىلمەيدىغان تەقۋادار كىشىلەر قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى. مانا بۇ باسقۇچ تاماملانغاندىن كېيىن، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ**﴾ «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر»[①].

رىبات ــــ قەلبنى پاكلايدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئارقىلىق ئىرادىنى تاۋلايدىغان بىر ئوچاقتۇر؛ ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئىمان دەرىخىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىدىغان مۇنبەت زېمىندۇر؛ ئۇ ئىنساننى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس، پۇچەك نەرسىلىرىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئىمانىي تاكامۇللۇقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىپايان چۆلدىكى بوستانلىقتۇر. شۇڭا ئىنسان بۇ ئورۇنلارنىڭ مول بەرىكەتلىرىدىن قۇرۇق قېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش دەپ ھېس قىلىشى كېرەك.

ئەگەر بىر ئىنسان ئەمىر تەرىپىدىن جىھاد ئۈچۈن مەنپەئەتلىك دەپ قارالغان باشقا بىر ئىشقا قويۇلۇپ بۇ ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ قالغان بولسا،

---

① سۈرە ھەج 39 ـ ئايەت.

ﷲ قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ﷲ يولىدا جىھاد قىلغانلىقتۇر. شۇنداقتىمۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا رىباتتا تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇشتىن ئاجىز كەلمىسۇن!. شەك ـ شۈبھىسىزكى، رىبات كىشىنى ﷲ قا ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتتۇر. ئېنىقكى، سىز قەلبىڭىزنىڭ رىباتقا چىقىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى بىلەن رىباتقا چىققاندىن كېيىنكى ھالىتى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بارلىقىنى بايقايسىز. رىبات سىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ناچار خۇلقلىرىڭىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ (ﷲ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچىدۇر).

❖ ❖ ❖

# 6 ـ ئەسلەتمە

## كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ».[1]

الله يولىدىكى مۇجاھىد قېرىندىشىم! بىلىڭكى، جىھاد مەيدانىدا كاپىرلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم جىسمانىي ۋە ئىمانىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك. مۇجاھىد ئۆزىنىڭ تەييارلىقىنى قانچە پۇختا قىلغانسېرى، ئۇنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان پايدىسى شۇنچە كۆپ، دۈشمەنگە بولغان زەربىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا جىھادقا ۋە مۇجاھىدلارغا يۈك بولۇپ قالغاننىڭ ئۈستىگە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ پايدىلىنىدىغان يوچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

جىھاد تەييارلىقى ئېلىپ بېرىش الله بۇيرۇغان پەرز ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله مۇئمىنلەرنى ئاۋۋال تەقۋالىق قىلىشقا، ئۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەرگە قارشى قورال كۈچى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئەگەر الله تائالا خالىغان بولسا ئىدى، سۆزى بىلەن ۋە پەيغەمبەرﷺ قىلغاندەك بىر ئوچۇم توپا بىلەنمۇ ئۇلارنى مەغلۇب قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن الله ھەر ئىشنى ئەزەلدىن بىلگۈچى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنى ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن ئىمتىھان قىلىشنى خالىدى». ئاندىن

---

[1] سۇرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېيىن رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرىئەتتە چەۋەندازلىق ۋە قورال ـ ياراغ ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزىدە پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ».[1]

رازى ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىن ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ، چەۋەندازلىق ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق جىھادقا تەييارلىق قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلگىلى بولىدۇ».[2]

بىر تۈركۈم ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بايانلىرىغا كۆرە، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزرىسى يوق ھەرقانداق مۇسۇلمانغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ، بۇ ــ بىز توغرا دەپ تاللىغان قاراشتۇر.

جىھاد پەرز ئەين بولغان چاغدا جىھادقا تەييارلىق قىلىشمۇ پەرز ئەين بولىدۇ، چۈنكى ۋاجىبنى ئۇنىڭسىز ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ۋاستىنىڭ ھۆكمىمۇ ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ. جىھاد تەييارلىقسىز ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولغاچقا، تەييارلىق قىلىشمۇ جىھادقا ئوخشاشلا ۋاجىبتۇر. گەرچە جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن تەقدىردىمۇ جىھادقا تەييارلىق قىلىشنىڭ پەرزلىكى ساقىت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جىھاد قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن جىھاد قىلىش كېچىكتۈرۈلگەن ۋاقىتتا قورال كۈچى ۋە ئات تەييارلاش ئارقىلىق جىھادقا تەييارلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ۋاجىبنى ئۇنىڭسىز ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ۋاستىنىڭ ھۆكمىمۇ ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ».[3]

تەييارلىق قىلىش بولسا الله يولىدا جىھاد قىلىشقا بولغان سەمىمىيلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنى قىلماسلىق نىفاقنىڭ ئالامىتىدۇر. الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً وَلَكِنْ كَرِهَ اللَّهُ انْبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ وَقِيلَ اقْعُدُوا مَعَ الْقَاعِدِينَ﴾ «ئەگەر

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 8 ـ توم 35 ـ بەت.

[2] «مفاتيح الغيب التفسير الكبير لإمام فخر الدين الرازي» 15 ـ توم 499 ـ بەت.

[3] «مجموع الفتاوى» 28 ـ توم 259 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھۇرۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا) ‹ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار› دېيىلدى»[1]. دېمەك، ئەگەر ئۇلارنىڭ راستتىنلا جىھادقا چىقىش نىيىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ نۇرغۇن ئورۇنلاردا مۇئمىنلەرنى جىھادقا تەييارلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگەن.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ ‹دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار›[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: ‹ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي› ‹بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر!› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[3]».[4]

ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ «أحكام القران» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: [پەيغەمبەر ﷺ «بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر» دېگەن سۆزنى ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق ئوق ئېتىشنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئوق ئېتىشتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت تەييارلاش ئەمەسلىكىنى

---

[1] سۈرە تەۋبە 46- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سەنئانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشقا ئادەتلىنىش ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. ئوق ئېتىشنى ياخشى بىلمەيدىغان ئادەمنى كۈچ تەييارلىدى دېگىلى بولمايدۇ» («سبل السلام» 4- توم 1374- بەت).

[4] مۇسلىم توپلىغان.

كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە «كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاش»نىڭ مەزمۇنلىرى ئۇرۇش قوراللىرى ۋە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ياردىمى تېگىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى جىھاد ۋاقتىدا تىرناقلىرىمىزنى ئالماسلىققا بۇيرۇدى ۋە ‹ھەقىقەتەن تىرناقلاردا قۇۋۋەت بار› دېگەنىدى» دېگەن ھەدىسىدىن دۈشمەنگە قارشى كۈچلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بۇيرۇلغان تەييارلىق دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً﴾ «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى»[1] . الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنى دۈشمەنگە ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىگەن].[2]

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان بىرقانچە كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ‹ارموا بني إسماعيل، فإن أباكم كان راميا› ‹ئى ئىسمائىل ئوغۇللىرى، ئېتىڭلار! سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ھەم مەرگەن ئىدى›دېگەن».[3]

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇھەللەب مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ ھەدىستىن سۇلتاننىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئوق ئېتىش ۋە باشقا جەڭ قىلىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىشى ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ».[4]

ئەبۇ نەجىھ سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من رمى بسهم في سبيل الله فهو له عدل محر» «كىمكى الله يولىدا بىر تال ئوق ئاتسا، بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[5]

---

[1] سۈرە تەۋبە 46ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «أحكام القرآن للجصاص» 4ـ توم 253ـ بەت.
[3] بۇخارى توپلىغان.
[4] «شرح صحيح البخاري لابن بطال» 5ـ توم 94ـ بەت.
[5] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەمرى ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من رمى العدو بسهم، فبلغ سهمه العدو، أصاب أو أخطأ، فعدل رقبة» «كىمكى دۈشمەنگە قارىتىپ بىر تال ئوق ئاتقان بولسا، ئاتقان ئوقى نىشانغا تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن، بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[1]

الله يولىدا بىر تال ئوق ئېتىشنىڭ شۇنچىلىك ساۋابى بولىدىغان بولسا، جىھادنى تەرك قىلماي داۋاملاشتۇرغان كىشىگە بېرىلىدىغان كاتتا ئەجىرنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟! شۇڭلاشقا ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇپ كېيىن پۇشايمانغا قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەربىر قەدىمى ياخشىلىق ۋە ئەجىر-ساۋابلار بىلەن تولغان الله يولىدىكى جىھاد مەيدانىغا ئالدىرىشى لازىمدۇر. الله تائالادىن پەزلى-رەھمىتىگە نائىل قىلىشىنى سورايمىز!.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا بىر پاي ئوق ئاتساڭ، گوياكى بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك ئەجىرگە ئېرىشىسەن. بۇ — پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولۇپلا قالماي، جىھاد قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىغان سەمىمىي قەلبىنىڭ ئالامىتىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً﴾ <ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى>[2]. بىز بۇ يەردە تەييارلىق قىلىش ۋە رىباتتا تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى پەرزنى ئادا قىلىۋاتىمىز. بىز ئەسكىرىي تەلىم-تەربىيە ئالماي رىبات زېمىنىدا ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ۋە تەييارلىقمۇ قىلماستىن، ئەسكىرىي تەلىم-تەربىيەمۇ ئالماستىن، ئالدىراپ-تېنەپ ئالدىنقى سەپكە بارغان كىشىلەردىن الله خالىسا ئەجىر-ساۋابتا ئەۋزەلمىز».

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئۇنى ئۇنتۇپ

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان. شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە تەۋبە 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغانىدى.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من علم الرمي ثم تركه فليس منا أو قد عصى» «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۈگىنىپ بولۇپ (مەشىق قىلماي) تاشلاپ قويىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس ياكى ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».[1]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ئوق ئېتىشنى ئۈگىنىپ بولغاندىن كېيىن (مەشىق قىلماي) ئۇنتۇپ قالغان كىشىگە قارىتىلغان قاتتىق تەھدىت بولۇپ، ئۆزرىسىز مەشىق قىلماي ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئىنتايىن قەبىھ ئىشنى سادىر قىلغان بولىدۇ».[2]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الله يدخل بالسهم الواحد ثلاثة نفر الجنة: صانعه يحتسب في صنعته الخير، والرامي به، ومنبله. وارموا واركبوا، وأن ترموا أحب إلي من أن تركبوا. وليس اللهو إلا في ثلاث: تأديب الرجل فرسه، وملاعبته أهله، ورميه بقوسه ونبله. ومن ترك الرمي بعد ما علمه رغبة عنه فإنها نعمة تركها أو قال: كفرها» «الله تائالا بىر پاي ئوق سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار: ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ ياسىغۇچى، ئاتقۇچى ۋە ئاتقۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى. شۇڭا، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى مەشىق قىلىڭلار! ماڭا نىسبەتەن ئوق ئېتىپ مەشىق قىلغىنىڭلار ئات مىنىپ مەشىق قىلغىنىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر: مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىھۇدە ئويۇن ـ تاماشىغا كىرمەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇشى، ئايالى بىلەن ئوينىشىشى ۋە (ياچاق بىلەن) ئوق ئېتىشى. كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۈگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلىۋەتسە، نېئمەتنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ ياكى شۇ نېئمەتكە تانغان بولىدۇ».[3]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج للنووي» 13 ـ توم 65 ـ بەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان. شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

مەناۋى مۇنداق دېگەن: «ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى تاشلاپ قويۇش ــ نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، ئوق ئېتىشنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى رولى تولىمۇ مۇھىم. بۇ ھەدىس ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ ئۇنتۇپ قالغۇچىلارغا كۈچلۈك تەھدىت ۋە يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. دېمەك، ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش مۇستەھەب، ئۆگىنىپ بولۇپ تاشلاپ قويۇش ھارامدۇر»[1]

مەناۋى يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويىدىكەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ ئەخلاقىمىز بىلەن ئەخلاقلانمىغان، سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلمىغان، بىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان، بىزنىڭ سېپىمىزگە قېتىلمىغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشى ئۇنى ئۆگەنمىگەن كىشىلەردىنمۇ بەك گۇناھكاردۇر. چۈنكى، ئۆگەنمىگەن كىشى سېپىمىزگە ئەسلا قېتىلمىغان بولىدۇ. ئەمما ئۆگىنىپ بولۇپ تاشلىۋەتكەن كىشى بولسا كىرىپ بولۇپ كېيىن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەنە شۇ كاتتا نېئمەتكە تانغان بولىدۇ».[2]

ئەسكىري تەلىم ـ تەربىيە ئالغان ھەربىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مانا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ھەمىشە ئەسلىشى كېرەككى، ئۇنتۇپ قېلىپ نېئمەتتىن يۈز ئۆرۈشكە ئاپىرىپ قويىدىغان باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى ۋە پات ـ پات مەشىق قىلىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. دەرۋەقە ﷲ ھېچبىر كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

پارتلىتىش بىلىملىرى بۈگۈنكى كۈندە ئەسكىري ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ زۆرۈر، مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مەنپەئەتلىك، دۈشمەنگە بولغان زەربىسى ئەڭ

[1] «فيض القدير شرح الجامع الصغير» 6 ـ توم 102 ـ بەت.

[2] «فيض القدير شرح الجامع الصغير» 6 ـ توم 181 ـ بەت.

كۈچلۈك، ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم بولغان ئىلىمدۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن الله تىن ياردەم سوراڭلار.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بار بولۇپ، ھەربىر ئەمەل ئۆزىگە لايىق ئورۇندا باشقا ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر. يەنى قىلىچ دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا، نەيزە دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا، ئوق ئېتىش دۈشمەن يىراقلاشقاندا، دەريا، قورغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توسۇقلار مۇداپىئەدە تۇرغاندا ئەۋزەلدۇر. دېمەك، دۈشمەنگە بولغان زەربىسى ئەڭ كۈچلۈك، مۇسۇلمانلارغا بولغان پايدىسى ئەڭ زور بولغىنى ئەڭ ئەۋزەلدۇر. بۇ دۈشمەننىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، بەزىدە ئوق ئېتىش ئەڭ مەنپەئەتلىك بولسا، يەنە بەزىدە نەيزە سانجىش ئەڭ مەنپەئەتلىك بولىدۇ. بۇ ئەمەلىي جەڭ قىلغان كىشىلەر شاھىد بولغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا ئوق ئېتىش جەڭلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئوق ئېتىش ھەققىدىلا سۆزلىگەن ۋە ئۇنى ماختىغان. سەنئانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى <كۈچ تەييارلاش> ھەدىستە <ئوق ئېتىش> دەپ شەرھلەنگەن. چۈنكى، ئوق ئېتىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە ئومۇملاشقان بىر ئىش ئىدى، بۇ مۇشرىك ۋە باغىيلارغا مىلتىق بىلەن ئوق ئېتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».[2]

ھەربىر مۇجاھىد ئۆزىنىڭ جەڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئەسكىرىي سەۋىيەسىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كىرەكلىك

---

[1] «مجموع الفتاوى» 28- توم 12- بەت.

[2] «سبل السلام شرح بلوغ المرام للصنعاني» 9- توم 48- بەت.

بولغان تەييارلىقلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە (پۇختا) تەييارلىشى، غەلىبە-نۇسرەتكە ۋاستە بولىدىغان سەۋەبلەرنى (تولۇق) ھازىرلىشى، دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ۋە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا پايدىلىنىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى ۋە مانا بۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن زېھىن ۋە پۇل-مالىرىنى ئايىماي سەرپ قىلىشى لازىم. شۈبھىسىزكى، مۇنۇ ئايەت بۇ سۆزىمىزگە دەلىلدۇر: ﴿**وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ**﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»①.

ئۇستازىمىز ئەبۇ ۋەلىد ئەنسارى ھەفىزەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «الغاية من الحياة بين معاول الهدم وعوامل البناء» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ مۇجاھىدلارنى <ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت> قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ زېمىندىكى ئىزباسارلىرى قىلغان، زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، الله ئۇلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا**﴾ <الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى>.②

دېمەك، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە-نۇسرەت قازانغىلى بولىدىغان ماددىي

---

① سۈرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە نۇر 55- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە مەنىۋى سەۋەبلەردىن پايدىلىنىپ، تۆرلۈك ھەربىي سانائەت ۋە ئۇرۇش قىلىش ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش، قورال ـ ياراغ ۋە ئەسكىرىي ئىلمىدە دۈشمەنلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىلغار تېخنىكىلارنى كەشىپ قىلىش قاتارلىقلار سالىھ ئەمەللەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلامىيەت تارىخى مانا مۇشۇنداق شانلىق ئىش ـ ئىزلار بىلەن تولۇپ تاشقان. مۇسۇلمانلار ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان تەقلىدچىلىك ۋە دورامچىلىق زېھنىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، چۈشكۈنلۈك ۋە ھۇرۇنلۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىلا ئەقلى ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى، پىكرى ئەڭ سۇزۇك، ھىممىتى ئەڭ ئۈستۈن، ئىرادىسى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەردىن بولالايدۇ».

شۈبھىسىزكى، بىز سۆزلىگەن بۇ ئىشلار الله نىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە ـ نۇسرەت قازىنىشقا ۋاستە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ (يەنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە ـ نۇسرەت قازىنىش) الله تەرىپىدىن كېچىكتۈرۈپ قويۇلسا، بىز ئۇ ۋاقىتتا ئۆزىمىزنى الله نىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىك دەپ ھېسابلىيالايمىز.

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىش يوللىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىككە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىلەردىن پايدىلىنىش توغرا ئىشتۇر. لېكىن بۇ مۇۋاپىق ئۆلچەم ۋە ئوتتۇراھاللىق قانۇنىيىتى بويىچە بولۇشى كېرەك (بۇ يەردىكى ئوتتۇراھال بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تەربىيە ئۇقۇمىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سۇسلۇق قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بولۇشنى كۆرسىتىدۇ). شەرىئەت بىزنى ماددىي ۋە مەنىۋىي كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاشقا بۇيرۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقتۇردى. ئەسكىرىي كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاش ئارقىلىق دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشمۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار»[1].

---

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ مەنىسى (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) ــــ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە، شەرئەتتىكى ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە تەييارلىق قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر].

بەزى ئالىملار «مۇسۇلمانلار تېخنىكا ۋە سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە كاپىرلار يەتكەن سەۋىيىگە قەتئىي يېتەلمەيدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتتى. مەنمۇ بۇنى توغرا دەپ قارايمەن، چۈنكى سانائەت ۋە تېخنىكا جەھەتتە كاپىرلار يەتكەن سەۋىيىگە يېتىش ئۇچۇن شەخس ۋە كوللېكتىپ شەكلىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەمدە «ئىنسان پايدىسىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنمىگۈچە، پايدىلىق ئىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىيەلمەيدۇ» دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.[1]

چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشى ئۇچۇن مەن سىزگە بىرقانچە مىساللارنى بايان قىلىمەن.

دەۋرىمىزدىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋە باشقا مەقسەتلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ، قەبىھ ۋە ناچار بولغان تۈرلىرىمۇ بار. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ساھەلەردە كاپىرلار يەتكەن سەۋىيىگە يېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشى ئەسلا تەلەپ قىلىنمايدۇ. لېكىن بىز چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشى ئۇچۇن بۇلارنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىمىز.

ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىدىغان بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرى ئۆزىنىڭ تەنتەربىيەدە ياۋروپالىقلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا دىنسىز دۆلەتلەر يەتكەن سەۋىيەگە يېتىشەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە تولىمۇ كۆپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىدۇ. الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بىز ئۇلارغا: <ئەگەر سىلەردە ئىسلام پۇرىقى بولىدىغانلا بولسا، كاپىرلار يەتكەن سەۋىيىگە قەتئىي يېتەلمەيسىلەر>

---

[1] بۇ قائىدىنى ماۋرىتانىيەلىك بەزى ئۇستازلىرىم تىلشۇناس خەلىل ئىبنى ئەھمەد فەراھىدى رەھىمەھۇللاھقا تەزىيە بىلدۈرگەن ۋاقىتتا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

دەپ جاۋاب بېرىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق سىلەر كاپىر بولمىغۇچە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىگە ھەرگىز يېتەلمەيسىلەر. چۈنكى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە مۇكەممەل سەۋىيەدە يېتىشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىدە، كاپىرلار ئېرىشكەن سەۋىيەگە يەتمەكچى بولغان بەزى كىشىلەردە كۇفۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان بەزى ھالەتلەرنىڭ تېپىلىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مەلئۇن زىندىق تاھا ھۇسەيىن مۇشۇ مەنىگە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ ئايرىماستىن ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك».

دېمەك، غەربلىكلەر تەنتەربىيە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارچە قابىلىيىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇنىڭغا ئاتىۋەتكەچكە مۇشۇ سەۋىيەگە يېتەلىگەن. بۇنىڭدا يەنە جەمئىيەت ۋە مۇھىتىنىڭ رولىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. غەرب ئەللىرى شۇ سەۋەبتىنلا مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك ساھەلەردە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.]

ئەمما، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ياشايدىغان ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام كىملىكى بىلەن ياشايدىكەن، ئۇنداق سەۋىيىگە قەتئىي يېتەلمەيدۇ. تېخنولوگىيە ۋە سانائەت پەنلىرىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. تارىختا مۇسۇلمانلار ئۆزىدىكى ئىمانىي قۇۋۋەت ئارقىلىق ئەزىز بولغان ۋە بۇ قۇۋۋەت ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ ھاكىمىيەت تۇتقان. ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان بۇ ماددىي تەييارلىقلار ئۈچۈن ئۆزىنى قىيناپ چارچىتىپ قويمىغان (چۈنكى شەرىئەتنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە بۇ ئىشلارنى تەڭ ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ).

تارىختا قارايدىغان بولساق، توغرا يول ئۈستىدىكى خەلىپىلەرنىڭ «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار» دېگەن كۆرسەتمە بويىچە جىھاد تەييارلىقىنى ئەڭ نورمال يولدا ئېلىپ بارغانلىقىنى

بايقايمىز. سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز تارىخىدا سانائەت ئورۇنلىرى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركەزلىرى ۋە زاۋۇتلارنى ئاچقانلىقىنى، بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكى تەشكىللەپ ئەۋەتكەنلىكىنى، باشقا خەلقلەردىن مۇتەخەسسىسلەرنى كىرگۈزگەنلىكىنى، كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرغانلىقىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇچراتقانمۇ؟ بەلكىم بۇنىڭغا بەزىلەر قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، بۇلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سۆزنى يەنە ئۇزارتىشنىڭ ئورنى يوق. ئۇلاردىن مۇنۇ سوئالنى سورىغۇم كېلىدۇ: ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئابباسىيلار خىلاپىتى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي پەن، سانائەت ۋە تېخنولوگىيە پەنلىرى گۈللەنگەن مەزگىللەردە داڭق چىقارغانلارنىڭ تولىسى ئىمانى سۇس، زىندىق ۋە دىنسىزلىق بىلەن تونۇلغان كىشىلەر بولسا، قىسمەنلىرى كاپىر ۋە دىنسىز كىشىلەر ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، كۈچ ـ قۇۋۋەت تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. دۇشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە زېمىندا قۇدرەت تېپىش تەۋھىد، الله قا بولغان ئىمان، تەقۋالىق، ئامانەتدارلىق، سالىھ ئەمەللەرگە ئوخشاش مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇلار تارىختا ھېچبىر ئۇممەت ئۆزىگە قەتئىي مۇجەسسەملىيەلمىگەن پەزىلەتتۇر. كىمكى شۇنداق بولالىسا، ماددىي تېخنىكىلىق سەۋەبلەردىن پەقەت الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك ئاسانلا قادىر بولالايدىغان نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ﴾ «دۇشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»[1]. نەتىجىدە الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا غەلىبە يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇنياغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ماھىر بولغان كاپىرلار ئۇلارنىڭ قولى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. دۇنياغا يۈزلەنگەن كاپىرلار ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾ «ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر»[1]. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر ۋە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ ياردىمى بولمىسا ھېچقانداق چارە ـ ئامال كارغا كەلمەيدۇ.

❋ ❋ ❋

[1] سۈرە رۇم 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 7 ـ ئەسلەتمە

## مۇئمىندىكى ئىككى مۇھىم سۈپەت

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنى ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز»[①] دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر بەندىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان، الله نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە مۇئمىننىڭ كىشىلىك مۇئامىلىسىدىكى شان ـ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەمدۇر.

پەقەت مۇئمىنلەرنى الله ئۇچۇن ياخشى كۆرگەن كىشىلەرلا مۇئمىنلەرگە رەھىمدىل، كاپىرلارغا شەپقەتسىز بولۇشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەتنى ھازىرلىيالايدۇ.

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر الله نى ياخشى كۆرگەندىلا الله نىڭ دوستلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، الله نىڭ دوستلىرىغا مېھرىبانلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق قول ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆز مەھبۇبىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش مەھبۇبىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ».[②]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «<كۆيۈمچانلىق ۋە شەپقەتسىزلىك> ئوخشاشلا بىر قەۋمنىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى ئۇلار مۇئمىنلەرگە كۆيۈمچانلىق ۋە سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. كاپىرلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ. ئەرەبلەر ئادەتتە شوخ، ئەمما ئاسان بوي ئېگىدىغان ھايۋاننى ‹دابة ذلول› <كۆندۈرۈلگەن ھايۋان> دەپ ئاتايدۇ».

---

[①] سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «جامع العلوم والحكم» 2 ـ توم 339 ـ بەت.

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار خۇددى ئاتا بالىسىغا، خوجايىن قۇلىغا كۆيۈنگەندەك مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلارغا يىرتقۇچ ھايۋان ئوۋغا شىددەت بىلەن ئېتىلغاندەك ئېتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ﴾ <مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر>[①]».

ئايەتتىكى «أَذِلَّةٍ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى خارلىق ياكى روھىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش ئەمەس، بەلكى مۆئمىنلەرگە مېھرى-شەپقەتلىك ۋە كەمتەر بولۇشتۇر. مۆئمىنلەردىكى ئىززەت ۋە شان-شەرەپنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە «أَذِلَّةٍ» دېگەن سۆز «على» دېگەن ھەرپ بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلگەن. الله تائالانىڭ ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ «مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز» دېگەن ئايىتى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە ئەلائۇددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم مۇنداق دېگەن: «يەنى مۆئمىنلەر ئۆز نەپسى ۋە دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە ناھايىتى كۈچلۈك كىشىلەردۇر».[②]

مۆئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا بولغان شەپقەتسىزلىكى ھەققىدە ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بەدەنلىرىنىڭ كاپىرلارنىڭ بەدەنلىرىگە تېگىپ كېتىشىدىن، ھەتتاكى كىيىملىرىنىڭ كاپىرلارنىڭ كىيىملىرىگە تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆيۈمچانلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بىر مۆئمىننى كۆرسىلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى ۋە قۇچاقلىشاتتى».[③]

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، جىھاد كوللېكتىپ ھالەتتە ئېلىپ

---

[①] سۈرە فەتىھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «لباب التأويل في معاني التنزيل» 3- توم 56- بەت.

[③] «روح المعاني في تفسير القرآن العظيم والسبع المثاني» 2- توم 59- بەت. «فتح البيان في مقاصد القرآن» 13- توم 119- بەت.

بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. ئەگەر جىھاد — تۈتۈپ ماڭغان يول ۋە ئۇسۇللىرى ئوخشاشمىغان، مەدەنىيەت مۇھىتى ھەر تۈرلۈك بولغان، ھېس-تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرى خىلمۇخىل، تەۋەلىكى ۋە ئىرقى ئوخشاش بولمىغان ئىنسانلار توپىنىڭ ئۇيۇشۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان مۇجاھىدنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كەڭ قورساق ۋە ئەپۈچان خۇلقنى يېتىلدۈرۈشى ۋاجىب ئىشقا ئايلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جىھاد كوللېكتىپ خاراكتېرلىك ئىبادەت بولغانلىقتىن، جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا موھتاج. بۇ ئۇيۇشقان جىھادىي جامائەت چوقۇم ئۆزئارا رەھىمدىل، كاپىرلارغا قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىدىغان ئەخلاقىي پرىنسىپنى ئۆزلەشتۈرۈشى زۆرۈر. بىرگە ياشىماقچى بولغان جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، مىجەز-خاراكتېرلىرى، سۆزلەش ئۇسۇلى ۋە ئۇخلاش ئادەتلىرىدە پەرق بولىدۇ. بىرسى خورەك تارتىدىغان بولسا، بىرسى خورەك تارتمايدىغان بولىدۇ. بىرى كۆپ تاماق يەيدىغان بولسا، يەنە بىرى ئاز تاماق يەيدۇ. شۇڭلاشقا سەن جىھاد مەيدانىدا پەقەت كىشىلەرنىڭ ياخشى تەرىپىنىلا كۆرىدىغان ھالەتتە ياشىغىنىكى، باشقىلارنىڭ ئەيىبى ئالدىدا قارىغۇ، گاس، گاچىدەك بولغىن».[①]

ئۇنداق بولمايدىكەن، بىرلىك پارچىلىنىپ، ئۆچ-ئاداۋەتلەر كۆچىيىپ كېتىدۇ. سەپلەر يىمىرىلىپ، جىھاد ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دب إليكم داء الأمم: الحسد، والبغضاء وهي الحالقة، لا أقول: تحلق الشعر، ولكنها تحلق الدين، والذي نفس محمد بيده، لا تدخلوا الجنة حتى تؤمنوا، ولا تؤمنوا حتى تحابوا، أفلا أخبركم بشيء إذا فعلتموه تحاببتم، أفشوا السلام بينكم» «سىلەرگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ كېسەللىرى سىڭىپ كىردى، ئۇ بولسىمۇ ھەسەت ۋە ئاداۋەتتۇر.

---

[①] «الهجرة والإعداد»1- توم 5- بەت.

ھەسەت ئۈستىرىغا ئوخشايدۇ. خۇددى ئۈستىرا چاچنى چۈشۈرگەندەك ھەسەت دىننى چۈشۈرۈپ تاشلايدۇ (يەنى دىننى يوقىتىدۇ). مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار».[1]

شۇڭلاشقا ھەربىر مۇجاھىد قېرىنداشلىرى ئالدىدا چىقىشقاق، كەمتەر ۋە سەممىمي بولۇشى كېرەك.

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «فإنما المؤمن كالجمل الأنف، حيثما قيد انقاد» «مۇئمىن كىشى (قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن) قەيەرگە تارتسا بويسۇنىدىغان بۇرنىدىن باغلانغان تۆگىگە ئوخشايدۇ».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن المؤمن يألف، ولا خير فيمن لا يألف ولا يؤلف» «مۇئمىن باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياشايدۇ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان كىشىدە ھېچبىر ياخشىلىق يوق».[3]

سەھل ئىبنى سەئىد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «المؤمن مألفة، ولا خير فيمن لا يألف ولا يؤلف» «مۇئمىن چىقىشقاق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان كىشىدە ھېچبىر ياخشىلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ».[4]

---

[1] ئەھمەد، بەيھەقى ۋە بەغەۋى توپلىغان.
[2] ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ھاكىم توپلىغان ۋە بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن «سەھىھ» دېگەن.
[4] ئەھمەد، بەيھەقى ۋە تەبەرانى توپلىغان.

ھېچبىر كىشى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بۇيرۇغاندەك ھالەتتە بولۇشتىن باش تارتمىسۇن. قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان كىشىدۇر.

سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ «في الظلال» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇش قىزغىن غەمخورلۇقتا، كەڭ قورساق ۋە خۇشچىراي مۇئامىلىگە، باشقىلارنىڭ نادانلىقى، ئاجىزلىقى ۋە كەمچىلىكى تۈپەيلى سىقىلىپ قالمايدىغان ئېغىر-بېسىقلىقتا موھتاج؛ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، غەم-ئەندىشىلەردىن خالاس قىلالايدىغان، باشقىلارغا ئېغىرچىلىقنى سالمايدىغان سەممىمي قەلبكە موھتاج. باشقىلار مۇشۇنداق ھالەتكە ئىگە بولغان كىشىنى دائىم قېرىنداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئىللىق ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبىمۇ ئەنە شۇنداق قەلب، ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق ھايات ئىدى. ئۇ ھاياتىدا باشقىلارغا ئۆزى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ باقمىغان، قەلبى كىشىلەرنىڭ ئىنساني ئاجىزلىقى ئۈچۈن سىقىلىپ قالمىغان ئىدى».[1]

❖ ❖ ❖

[1] «في ظلال القرآن» 1- توم 501- بەت، «فتحُ البيان في مقاصد القرآن» 13- توم 119- بەت.

# 8 ـ ئەسلەتمە

## سابىق مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى

اللە ئۆز مەخلۇقاتلىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلارنى بارچە مەخلۇقاتلاردىن پەزىلەتلىك قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[①].

اللە تائالا ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ النَّبِيِّينَ عَلَى بَعْضٍ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا﴾ «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق»[②].

اللە تائالا جىھاد قىلغانلار بىلەن جىھادتىن ئايرىلىپ قالغانلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «اللە جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ) جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق قىلدى»[③].

شۇنىڭدەك مەسجىدلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدىدە ۋە مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا ئوقۇلغان نامازلارغا كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ.

---

① سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا 55 ـ ئايەت.

③ سۈرە نىسا 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «صلاة في مسجدي هذا خير من ألف صلاة فيما سواه إلا المسجد الحرام» «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا ھەرقانداق مەسجىدتە ئوقۇلغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر».[1]

شۇنىڭدەك، كۈنلەر ۋە ئايلارمۇ پەزىلەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر. مەسىلەن، ئەراپات كۈنىدە تۇتۇلغان روزىنىڭ ساۋابى باشقا كۈنلەردە تۇتۇلغان روزىنىڭ ساۋابىغا ئوخشىمايدۇ. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «صيام يوم عرفة أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله والسنة التي بعده» «الله تائالادىن ئەراپات كۈنى روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».[2]

الله تائالا كىشىلەرنى مەرتىۋە ۋە دەرىجىلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغاندەك، ھىجرەت ۋە جىھاد سېپىگە بالدۇر قوشۇلغان، الله يولىدا پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغان ۋە بالدۇر خەير-ئېھسان قىلغان كىشىلەرنى پەزىلەتتە ئارتۇق قىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردىكى سۆزىمىز ئاشۇلار ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەر ھەققىدە بولىدۇ.

الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغان. تەرتىپلەر قالايمىقانلىشىپ تىرىشچانلىقلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى، جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ الله نەزىرىدىكى ئۆز ئورنى ۋە دەرىجىسىنى بىلىۋېلىشى، ھەممىدىن ئاۋۋال ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ دىندىكى ھەقلىرىنىڭ سەل قارالماسلىقى ئۈچۈن، الله قۇرئان كەرىمدە بۇ پەزىلەتلەرنى بايان قىلغان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾** «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۇ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ**﴾ «سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[2].

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن الله تەرەپكە بالدۇر ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ الله نىڭ نەزىرىدىكى پەزىلىتى ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سابىق مۇھاجىرلار بالدۇر ئىمان كەلتۈرگەن، بالدۇر ھىجرەت قىلغان، بالدۇر جىھاد قىلغان، بالدۇر الله يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى چىقىم قىلغان، بالدۇر قۇربانلىق بەرگەن ۋە سىنالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىن ئىمان ئېيتقۇچىلارغا يولباشچىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە قوللىغۇچىلىرى ئاز ۋە قىيىن كۈنلىرىدە ئەگەشكەن بولغاچقا، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر ئەمەللەرگە بالدۇر قەدەم باسقانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشى ۋاجىب بولىدۇ».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ھىجرەت قىلىش ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا مِنْ بَعْدُ وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا مَعَكُمْ فَأُولَئِكَ مِنْكُمْ﴾ <كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ>[①]. سەلەفلەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇنداق دېگەن: <ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغانلار تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىپ كېتىدۇ>».[②]

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [الله تائالانىڭ: ﴿وَالَّذِينَ جَاءُوا مِنْ بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ﴾ «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: <پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن> دەيدۇ»[③] دېگەن بۇ سۆزى ئولجىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىدىغان ئورۇنلىرىنى بايان قىلىش ھەققىدىكى ئايەت بىلەن بىرگە كەلگەن بولۇپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن كېيىن قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلەر بۇ ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. يولباشچىمىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان ھەمدە بارلىق تەپسىرشۇناس ئالىملارمۇ بۇ تەپسىرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان].

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلغان ۋە ھەربىر ساھابىنىڭ دىن ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى ھەمدە بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى

---

① سۈرە ئەنفال 75- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «مجموع الفتاوى» 18- توم 284- بەت.

③ سۈرە ھەشر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ مەرتىۋىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ھەربىر ساھابىنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويغان. بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «إن الله بعثني إليكم فقلتم كذبت، وقال أبو بكر صدق، وواساني بنفسه وماله، فهل أنتم تاركوا لي صاحبي» «اﷲ مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، سىلەر ماڭا: <يالغان سۆزلىدىڭ> دېدىڭلار. لېكىن ئەبۇ بەكرى: <راست ئېيتتىڭ> دەپ تەستىقلىدى. جېنى ۋە مېلى بىلەن مېنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى، سىلەر نېمىشقا بۇرادىرىمگە ئازار بېرىسىلەر؟» دەپ غەزەپلەنگەن بولۇپ، بۇ سۆزدىن كېيىن ھېچكىم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئازار بېرىپ باقمىغان.①

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەممە ساھابىلەردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. پەزىلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىنمۇ پەزىلەتلىك بولغان بىر كىشىگە غەزەپلىنىشى لايىق بولمايدۇ».②

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تسبوا أصحابي، فلو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم ولا نصيفه» «مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەدىقە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ».③

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپ تالىشىپ قالغاندا، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <سىلەر بىزدىن بۇرۇن ئىمان

---

① بۇخارى توپلىغان.

② «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 7- توم 26- بەت.

③ بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

ئېيتقانلىقىڭلارنى بىزگە كۆز-كۆز قىلامسىلەر> دېدى. ساھابىلەر مۇنداق دەيدۇ: كېيىن بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <لا تسبوا أصحابي> <سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار> دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق».[1]

مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر ئىككى ساھابە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىلىرىدىن بولۇپ، ھەتتا خالىد «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ قىلىچى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى ئىش ھىجرەت ۋە جىھادتا ئىلگىرى بولغان، پەتھىدىن بۇرۇن ئۇرۇش قىلغان ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى چىقىم قىلغان، شۇنداقلا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ خالىدقا غەزەپلەنگەن. ساھابىلەردىكى ئىسلامغا بالدۇر كىرىش، بالدۇر ھىجرەت قىلىش، بالدۇر جىھاد قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ غېرىبلىق كۈنلىرىدىكى ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت مانا بۇ پەزىلەتنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ «مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەدىقە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ» دېيىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى.

شەمسۇلھەق ئابادى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <مېنىڭ ساھابىلىرىم> دېگىنى ئىسلامدا ئەڭ ئاۋۋال ساھابە دەپ چاقىرىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ».

سۇيۇتى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەنە شۇ سابىق ساھابىلەرگە تىل ئۇزاتقان كىشى گەرچە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئۆز سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر ئىشنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن،

---

[1] «مسند الإمام أحمد بأحكام الأرناؤوط» 13- توم 176- بەت.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <ساھابىلىرىم> دېگەن سۆزىنىڭ تەكتىگە كىرەلمەيدۇ». [1]

الله تائالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلى ئارقىلىق ھەقنى ئاشكارا قىلغان ئىدى. ئۇ خەلىپە بولغان دەۋرىدە مۇئمىنلەر ئارىسىدا بىرنەرسە تەقسىم قىلغاندا ھەممىگە ئوخشاش بەرمەستىن، بەلكى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ) ئەكسىچە بۇرۇن ھىجرەت قىلغان، جىھاد قىلغان ۋە ئىسلامغا ياردەم بەرگەنلەرگە كۆپرەك بېرەتتى.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مالىك ئىبنى ئەۋسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ قېتىم قەسەم قىلىپ مۇنداق دېگەن: <الله بىلەن قەسەمكى، ھېچبىر كىشى بۇ مالغا (يەنى ئولجىغا) باشقىلاردىن ھەقلىقراق ئەمەس، مەنمۇ بۇ مالغا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقراق ئەمەس. الله بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى قۇلدىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بۇ مالدا نېسىۋىسى بار. لېكىن بىز الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلىمىز. ئارىمىزدا ئىسلامنىڭ كۆپ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرگەنلەر، ئىسلامغا ئىلگىرى تۆھپە قوشقانلار، ئىسلامنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلار ۋە موھتاج ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار بار. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ياشاپ قالسام، ئەلۋەتتە سەنئا تېغىدا تۇرۇپ پادا بېقىۋاتقان پادىچىغىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مالدىكى نېسىۋىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن». [2]

ئۇستازىمىز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئولجا ئېلىنغان ماللارنى تەقسىم قىلىشتىكى يولى ساھابىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەزىلەتلىرى ۋە ھەقلىق بولۇش سەۋەبلىرىنى ئاساس قىلىش ئىدى. مانا بۇ سەۋەب ۋە پەزىلەتلەر سىناقلارغا ئۇچراش، دىنغا

---

[1] «عون المعبود شرح سنن أبي داود» 12- توم 269- بەت.

[2] «مسند الإمام أحمد بن حنبل» 1- توم 389- بەت.

بالدۇر كىرىش، دىندىكى تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئېھتىياج قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ كۆپايلىنىش يۈزىسىدىنلا بۇنىڭ قىسمەنلىرىنى تىلغا ئالدى. مانا بۇنىڭدىن ماللارنى تەقسىملەشتە بالدۇر ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ پەزىلىتىنى ئاساس قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. موھتاجلىق پەزىلەت ئەمەس، لېكىن ئۇ ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئادەتتە موھتاجلار موھتاج ئەمەسلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ‹ئالاھىدىلىك، سەۋەبلەر ۋە ھەقلىق بولۇش› دەپ تىلغا ئالدىم».

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ ناشىرە ئىبنى سۇمەي يەزەندىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيە كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ: ‹ﷲ مېنى بۇ ماللارنى ساقلىغۇچى ۋە تەقسىم قىلغۇچى قىلىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ﷲ ھەقىقىي ئادىل تەقسىم قىلغۇچىدۇر. مەن بۇ ماللارنى تەقسىملەشنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن باشلايمەن. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىدىن جۇۋەيرىيە، سەفىيە ۋە مەيمۇنەدىن باشقىلارغا ئون مىڭنى بېرىش بەلگىلەندى› دېگەندى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئوخشاش بېرەتتى› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بەردى. ئاندىن: ‹مەن ئاۋۋال ھىجرەت قىلغان ھەمراھلىرىمدىن ۋە ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن باشلايمەن. چۈنكى، بىز يۇرتلىرىمىزدىن زۇلۇم قىلىنغان ھالدا ناھەق قوغلاپ چىقىرىلدۇق، مۇھاجىرلاردىن بەدرگە قاتناشقانلارغا بەش مىڭ، ئەنسارىلاردىن بەدرگە قاتناشقانلارغا تۆت مىڭنى بېرىش بەلگىلەندى، ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقانلارغا ئۈچ مىڭنى بېرىش بەلگىلەندى› دېدى. ئاندىن: ‹بالدۇر ھىجرەت قىلغانلارغا بالدۇر، كېيىن ھىجرەت قىلغانلارغا كېيىن بېرىلىدۇ. شۇڭا مالامەت قىلماقچى

بولغان كىشى تۆگىسىنى چۆكۈرۈپ قويغانلىقىغا مالامەت قىلىسۇن>» دېدى.[1]

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى ئەسەردە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامدا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، بالدۇر ئىسلام كەلتۈرگەن، پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغان ۋە موھتاج كىشىلەرگە ئارتۇق بېرىدىغانلىقى، بەدرگە قاتناشقانلارنىڭ قاتناشمىغانلاردىن پەزىلەتلىك دەپ قارىلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك، ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان ۋە بالدۇر ھىجرەت قىلغانلارنىڭمۇ پەزىلەتتە ئارتۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان».[2]

دېمەك، بىراۋنىڭ ئىسلامدا، ھىجرەتتە، جىھادتا ۋە دىن يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتا بالدۇر ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىشكە سەل قارالماسلىقى كېرەك.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أنزلوا الناس منازلهم» «سىلەر كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇڭلار».[3]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قىسمەن ھۆكۈملەردە ياكى كۆپلىگەن ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئېرىشىدىغان ھەقلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن ۋە دەرىجىلىرى بويىچە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ».[4]

باشقىلاردىن بالدۇر ئەسكىريي تەلىم-تەربىيە ئالغان كىشىنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ بالدۇر كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇش كېرەك. مانا بۇلار بولسا الله ئۇ كىشىنىڭ دىن

---

[1] «مسند الإمام أحمد بن حنبل» 25- توم 246- بەت.
[2] «نيل الأوطار» 8- توم 84- بەت.
[3] مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
[4] «شرح النووي على صحيح مسلم» 1- توم 55- بەت.

يولىدىكى سەۋرچانلىقى، قۇربانلىقلىرى ۋە ئۇچرىغان بالا-مۇسىبەتلىرى سەۋەبلىك ئاتا قىلىنغان ئورۇندۇر. ياخشىلىقتا ئىلگىرى قەدەم باسقان كىشىلەر جىھاد بازىرى چۈلدەرەپ قالغاندا ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرغان، ئىسلام غېرىب بولغان كۈنلەردە دىن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ۋە جانلىرىنى تەقدىم قىلغان ئەڭ ئاۋۋالقى پىدائىيلاردۇر.

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ <لېكىن بىز الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلىمىز> دېگەن بۇ سۆزىدىن كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىجتىھادى ئەمەس، بەلكى الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ».①

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى بالدۇر ھىجرەت قىلغان ۋە بالدۇر جىھاد قىلغانلاردىن تاللىنىدۇ. ھەقلىرى ئاۋۋال ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا رىئايە قىلىنىدۇ.

ئەشھەب ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەزىلەتلىك ۋە دىنغا تۆھپە قوشقان كىشىلەر باشقىلاردىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ**﴾ <سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس>»②.③

ئىمام فەخرۇددىن رازى رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ**﴾ «ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ

---

① «نيل الأوطار» 8- توم 85- بەت.

② سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «الجامع لأحكام القرآن» 17- توم 240- بەت.

پەيغەمبەرنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتە بالدۇر ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ تۆت تۈرلۈك سۈپىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ سۈپەتلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باشلامچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى بولۇشقا لايىقتۇر».

ئۇ سۈپەتلەر تۆۋەندىكىچە:

• بىرىنچى سۈپەت، ئۇلارنىڭ الله قا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە مۇھەممەد ﷺ يەتكۈزگەن رىسالەتنى ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. بۇنى الله نىڭ ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئىمان ئېيتقانلار» دېگەن ئايىتىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

• ئىككىنچى سۈپەت، ئۇلارنىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ، ۋەتەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئەل ـ مەھەللىدىن ئايرىلىشتەك ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان ئازابلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىدۇر. الله تائالا ۋەتەندىن ئايرىلىشنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار»[2].

• ئۈچىنچى سۈپەت، ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرى ئارقىلىق الله يولىدا جىھاد قىلغانلىقىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار». ئەينى دەۋردىكى مۇھاجىرلار ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلغاندا بارچە مال ـ مۈلۈكلىرىنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ بېرىپ چىققان بولغاچقا، ئۇلار كۆپ مال چىقىم قىلىشقا موھتاج بولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن الله يولىدا

[1] سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[2] سۈرە نىسا 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جىھاد قىلغانلىقىغا كەلسەك، سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن تونۇلغان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن تولۇق تەييارلىق كۆرمەستىنلا بەدر جېڭىگە چىققان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا ماتالىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزلىرىنى ﷲ يولىغا بېغىشلىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

• تۆتىنچى سۈپەت، ئۇلارنىڭ تۇنجى بولۇپ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۇچۇن بېلىنى باغلىغان ۋە ئۆزىگە كېلىدىغان خىيىم-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىقىدۇر. ئۇلار دىنىنىڭ كۈچىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى**﴾ <سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە ﷲ جەننەتنى ۋەدە قىلدى>[1]. ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ**﴾ <ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ﷲ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ﷲ تىن مەمنۇن بولدى>[2].

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئىشلارغا باشقىلاردىن ئىلگىرى قەدەم باسقانلىقى باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىنى ۋاجىب قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلارغا ئەگىشىش ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە ئەخلاقىي تاكامۇللۇقىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا**﴾

[1] سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 100- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

<كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ>.[1]

مانا بۇ يۇقىرىقى تۆت سۈپەت ئاۋۋالقى مۇھاجىرلارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلەتتە ۋە ياخشىلىقتا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە ئەڭ ئەۋزەل كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ».[2]

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بالدۇر ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغان كىشىلەردىكى كىچىككىنە خاتالىق تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىش-ئىزلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىش تولىمۇ ئادالەتسىزلىكتۇر. ئىككى قۇللە[3] سۇغا نىجاسەت چۈشۈپ كەتسە، سۇغا نىجىس دەپ ھۆكۈم بېرىلمىگىنىدەك، بىپايان ياخشىلىقلار دېڭىزى ئالدىدا كىچىككىنە خاتالىقنىڭ تېپىلىشى ھېچ گەپ ئەمەس. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «أقيلوا ذوي الهيئات عثراتهم إلا الحدود» «ئاراڭلاردىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ جازا كېلىدىغان خاتالىقلىرىدىن باشقا خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار».[4]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا بەلگىلىك يۈز-ئابرۇيى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، الله ئۇلارنى كىشىلەر ئىچىدىن ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشقا تاللىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ياخشىلىقتا مەشھۇر بولۇپ يامانلىق سادىر قىلغانلىقى بىلىنمىگەن بىر كىشى ئېتى يىقىتىۋېتىپ شەيتىنى غالىب كەلگەن ۋاقىتتا بەزىبىر ئىشلارنى سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلىپ سالغان ئىشى الله بېكىتكەن جازا ئۆلچىمىگە يەتمىسىلا، ئۇنى ئەيىبلەشكە ۋە جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەڭ. ئەمما الله

[1] سۈرە مائىدە 32- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «التفسير الكبيرلإمام فخر الدين الرازي» 15- توم 515- ۋە 516- بەت.
[3] بۇ قەدىمكى زاماندىكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ھازىر تەخمىنەن 203 كىلوگرام سۇغا توغرا كېلىدۇ.
[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

بېكىتكەن جازا ئۆلچىمىگە يەتكەندە ئۇلارمۇ خۇددى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر جازالانغاندەك جازالىنىدۇ». ①

مۇجاھىدلار قوشۇنى دەۋرىمىزدىكى ياخشىلىقنىڭ ھامىيسى ۋە دىنىنىڭ چەۋەندازلىرى بولۇپ، ئۇلار ــ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ۋە خاتالىقلىرىنى يۆگەشكە ئەڭ مۇناسىپ كىشىلەردۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ومن ستر مسلما، ستره اللّٰه يوم القيامة» «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ». ②

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغىنى يېپىش مۇستەھەب بولغان ئەيىب بولۇپ، بۇ ــ ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەتلىك، شۇنداقلا يامانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن تونۇلمىغان كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىشنى كۆرسىتىدۇ». ③④

مەن بۇ ئەسلەتمىنى ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: «ئولتۇرۇۋالغان ئادەم ھەرگىز خاتالاشمايدۇ. چۈنكى، ئۆيىدە ئولتۇرغان كىشىنىڭ سەۋەنلىك سادىر قىلىشى ۋە خاتالىششى ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئاتلانغان ئادەم دائىم سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قالىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ. بۇلارنىڭ خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئەگەر مۇئمىن خاتالاشسا، الله ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپ

---

① «بدائع الفوائد» 15ـ توم 515ـ ۋە 516ـ بەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئەمما، يامان نامى پۇركەتكەن كىشىگە كەلسەك، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ياپماسلىق مۇستەھەب بولۇپ، ئۇنى ئەمىرگە شىكايەت قىلىش لازىم».

④ «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 16ـ توم 135ـ بەت.

مۇنداق دېگەن: ‹ئاراڭلاردىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار›». [1] ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹بارلىق ئالىملار ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۆتۈۋېتىلمەيدىغان سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ جەمئىيەتتە ياخشىلىقلىرى بىلەن تونۇلغان، مۆتىۋەر كىشىلەردىن ئۆتۈۋېتىلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، ئىككى قۇللە سۇغا نىجاسەت چۈشۈپ كەتسە، سۇغا نىجىس دەپ ھۆكۈم بېرىلمىگىنىگە ئوخشاش، خاتالىق ۋە گۇناھتىن ئىبارەت نىجاسەتمۇ پەزىلەتلىك كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىق دېڭىزلىرىدا غەرق بولۇپ تۈگەيدۇ›». [2]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] «التآمر العالمي» 1 ـ توم 10 ـ بەت.

# 9 ـ ئەسلەتمە

## ئەنسارىلارنىڭ پەزىلىتى

الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە شەرىئەتنى ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىرىش ئۈچۈن الله يولىدا ھىجرەتكە ئاتلانغان سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! بىلىڭكى، بىزگە جاي بەرگەن ئەنسارىلارنىڭ ئۇستىمىزدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى كۆپ ئورۇنلاردا ئەنسارىلىق مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىدۇر.

مۇھاجىر ھىجرەت قىلىش پەزىلىتىدىن باشقا تەرەپلەردە ئەنسارىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ﴾ «ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۇزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) ـــ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر)»[①]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇئمىنلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى مۇھاجىر ۋە ئەنسار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلدى. مۇھاجىرلار يۇرتلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ الله قا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ياردەم بېرىش، الله نىڭ دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەمدە شۇ يولدا ماللىرى ۋە جانلىرىنى سەرپ قىلغان مۇئمىنلەردۇر. ئەنسارىلار بولسا مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇھاجىر

---

① سۈرە ئەنفال 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قېرىنداشلىرىنى ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارنى مال ـ مۈلۈكلىرىگە شېرىك قىلغان، ئورۇشتا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ياردەم بەرگەن كىشىلەردۇر، شۇڭا ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن ھەر ئىككى كىشىنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قېرىنداشلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشتا تۇغقانلىرىدىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. الله تائالا كېيىن مىراس ھەققىدىكى ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. بۇ ئەھۋال ئىمام بۇخارىنىڭ ‹صحيح البخاري› ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان».[1]

«ئەنسار» دېگەن ئىسىم الله قا سۆيۈملۈك بولغان بىر ئىسىم بولۇپ، الله ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىگە (پەيغەمبەرلىرىگە) ۋە دوستلىرىغا ياردەم بەرگەنلەرنى ئەنە شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان ئىدى.

غەيلان ئىبنى جەرىردىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ‹ئەنسار دېگەن ئىسىمنى سىلەر ئۆزۈڭلار قويغانمىدىڭلار ياكى الله شۇنداق ئاتاپ بەرگەنمۇ؟› دەپ سورىسام، ئۇ: ‹الله بىزنى مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان› دەپ جاۋاب بەردى».[2]

ئەنسارىلارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە تولىمۇ كۆپ ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇتىۋاتىر ھەدىسلەردۇر.

زەيد ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار، ولو سلك الناس واديا وشعبا لسلكت وادي الأنصار وشعبها، الأنصار شعار والناس دثار، إنكم ستلقون بعدي أثرة فاصبروا حتى تلقوني على الحوض» «ھىجرەت قىلمىغان بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئەنسارىلاردىن بىرى

---

[1] «تفسير القرآن العظيم» 4ـ توم 95ـ بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

بولغان بولاتتىم. ناۋادا كىشىلەر بىرەر ۋادى ياكى بىرەر جىلغىغا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان ۋادىغا، ئۇلارنىڭ جىلغىسىغا ماڭىمەن. ئەنسارىلار ئىچ كىيىمگە، باشقا ئىنسانلار تاش كىيىمگە ئوخشايدۇ. مەندىن كېيىن (پات يېقىندا) قاتتىق شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر. شۇڭا، مەن بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشقۇچە سەۋر قىلىڭلار!».[1]

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئەنسارىلارنى خاتىرجەم قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىكى تۆھپىسىنى مەدھىيىلەشنى مەقسەت قىلغان، ھەتتا ئەنسارىلاردىن بىرى بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئارزۇسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن».[2]

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەت قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ۋە دىنغا ياردەم بەرگۈچىلەرگە (يەنى ئەنسارىلارغا) تەۋە بولۇشنى خالايتتى».[3]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ناۋادا كىشىلەر بىر ۋادى، بىر جىلغىغا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان ۋادىغا ۋە ئۇلارنىڭ جىلغىسىغا ماڭغان بولاتتىم، ئەنسارىلار ئىچ كىيىمگە، باشقا ئىنسانلار تاش كىيىمگە ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئەنسارىلىق مەرتىۋىسىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇن مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارنى ئىچ كىيىمگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ «فتح الباري» ناملىق كىتابىدىمۇ شۇنداق بايان قىلغان.

ئەنسارىلىق تولىمۇ شەرەپلىك مەرتىۋە بولغاچقا، بۇ مەرتىۋىنىڭ

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 7 ـ توم 51 ـ بەت.

[3] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 7 ـ توم 51 ـ بەت.

ساھىبلىرى بولمىش ئەنسارىلارنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. جۈملىدىن ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش مەسىلىسى ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلار قاتارىدىن سانالغان. ھەتتا ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ <سەھىھ بۇخارى> ناملىق كىتابىدا «ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە» دەپ مەخسۇس بىر باب تۈزگەن بولۇپ، ئۇ بابتا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى كەلتۈرگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «آية الإيمان حب الأنصار، وآية النفاق بغض الأنصار» «ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتى، ئۇلارنى يامان كۆرۈش بولسا نىفاقنىڭ ئالامىتىدۇر».①

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يبغض الأنصار رجل يؤمن بالله واليوم الآخر» «اللہ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرمەيدۇ».②

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «حب الأنصار إيمان، وبغضهم نفاق» «ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىمان، ئۇلارنى يامان كۆرۈش بولسا نىفاقتۇر».③

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ پەقەت ئەنسارىلارغىلا خاس بولغان بۇ پەزىلەتلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنسارىلارنى يامان كۆرۈشنى توسۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە قىزىقتۇرۇلغان. ھەتتا ئۇلاردىكى پەزىلەتنىڭ كاتتىلىقى ۋە دىنغا بولغان خىزمىتىنىڭ تولىمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ، يامان كۆرۈش بولسا نىفاقنىڭ ئالامىتى دەپ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ ئەھمەد توپلىغان.

قارالغان. گەرچە مەنە جەھەتتە ئۇلارغا شېرىك بولغانلارنىڭ ھەربىرى مەزكۇر پەزىلەتتىن ئۆزىگە يارىشا مەلۇم ئۇلۇشنى ئالىدىغان بولسىمۇ شۇنداق دەپ قارالغان». ①

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەنسارىلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ ئاۋۋال ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياخشى كۆرگەن كىشى ئەلۋەتتە ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇلارنى يامان كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبىدە ۋاجىب ئىمان بولمىغان بولىدۇ». ②

ئى مۇھاجىر قېرىندىشىم، جىھاد ئەنسارىلارسىز ئۇزاق داۋاملىشالمايدۇ. ئەنسارىلار جىھادنىڭ تايانچ كۈچلىرى بولۇپ، ئۇلار جىھاد كارۋىنىنىڭ ئوزۇقىدۇر. «ۋاجىبنى ئۇنىڭسىز ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ۋاسىتىنىڭ ھۆكمىمۇ ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ» دېگەن شەرئىي قائىدە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش شەرئىي مەجبۇرىيەتتۇر.

ئۇستازىمىز ئەبۇ مۇنزىر سالىم تىرابلىسى (الله ئۇنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «ھەربىر مۇجاھىدنىڭ ئەنسارىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشى ۋاجىبتۇر. چۈنكى، ئۇنداق قىلىشنىڭ جىھادقا كۆپ پايدىسى بولىدۇ. قايسى بىر ئىش بىزنى ئەنسارىلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بولسا، شۇ ئىشنى قىلىش بىز مۇھاجىرلارغا ۋاجىبتۇر. جىھاد ئەنسارىسىز مۇكەممەل بولمايدۇ. ۋاجىبنى ئۇنىڭسىز ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ۋاسىتىنىڭ ھۆكمىمۇ ۋاجىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا يامانلىق قىلىش ئەمەلىيەتتە جىھادقا زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر. مانا بۇ (يەنى ئەنسارىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇش) دىن دۈشمەنلىرى ئىزچىل تىرىشىپ

---

① «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 1- توم 63- بەت.

② «مجموع الفتاوى» 7- توم 41- بەت.

كېلىۋاتقان ئىش بولۇپ، بۇنى ئۇلار (يىغىن ۋە تەشۋىقاتلىرىدا) ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا».

ئى مۇھاجىر قېرىنداشىم! شۇنى بىلىڭكى، سىزنى ئۆز قوينىغا ئالغان مانا بۇ ئەنسارىلار ھىدايەت ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىر ساھابىلىرىگە تۇنجى بولۇپ ياردەم بەرگەن ئەنسارىلار جامائىتىنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر. ﷲ قۇرئان كەرىمدە ئاۋۋالقى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى تىلغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ﴾ «ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ﷲ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ﷲ تىن مەمنۇن بولدى، ﷲ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى»[①]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر ئەتراپىمىزدىكى ئەنسارى قېرىنداشلاردۇر. مانا مۇشۇنداق شەرەپلىك ئىنسانلارنىڭ ھەركىمدە تېپىلىدىغان كىچىككىنە خاتالىق ۋە نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش ئەنسارىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بىر قىسمىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «أما بعد: أيها الناس! فإن الناس يكثرون، وتقل الأنصار حتى يكونوا كالملح في الطعام، فمن ولي منكم أمرا يضر فيه أحدا أو ينفعه، فليقبل من محسنهم ويتجاوز عن مسيئهم» «ئى خالايىق، ئىنسانلار كۆپىيىدۇ، ئەنسارىلارنىڭ سانى شۇ دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىدۇكى، گويا تاماقتىكى تۇزچىلىك قالىدۇ. ئاراڭلاردىن كىمكى بىراۋغا پايدا ياكى زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر ئىشقا (يەنى بىرەر مەنسەپكە) ئىگە

---

① سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا، ئەنسارىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن». ①

ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى «الرسالة الثلاثينية» ناملىق كىتابىدا ئەنسارىلارنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدىكى قىسمەن ھەدىسلەرنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلار ھەققىدىكى تەۋسىيەسىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «دىنغا ئەنسارلىق قىلغۇچىلار — الله نىڭ دىنىنى بەرپا قىلغۇچى جامائەتلەرنىڭ تەركىبى قىسمىدۇر. ئۇلار ئۆمۈرلىرىنى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە تەۋھىد دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مانا بۇ ۋەسىيىتىدىن ھەر قاچان ئۆز ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلار ھەققىدىكى تەۋسىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك». ②

ئۆزلىرى ئۇستىدىكى ئەنسارىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنە ئۇلارغا يۇمشاق ئۇسلۇبتا دەۋەت قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش، كەمتەر بولۇش، يۇمشاق سۆز قىلىش، ئۇلارنى يامانلىقتىن توسۇشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئىجتىھادىي مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سۈننەت ۋە ئىجمادىن دەلىل يوق، ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدىغان بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقسا، مەيلى مۇجتەھىد ياكى ئەگەشكۈچى بولسۇن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى ئىنكار قىلىنمايدۇ. بەلكى ئوچۇق دەلىل بولمىغان مەسىلە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىجتىھادلىق مەسىلە

① بۇخارى توپلىغان.

② «الرسالة الثلاثينية» 67- بەت.

دەپ قارالغىنىغا ئوخشاش، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئۈچۈنمۇ ئىجتىھادلىق مەسىلە دەپ قارىلىدۇ. ئالىملارنىڭ نەزىرىدىكى توغرا قاراش شۇكى، ئەگەر ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئوچۇق ۋاجىب قىلىدىغان ھېچبىر سەھىھ ھەدىس ياكى ئۇنىڭغا قارشى كېلىدىغان بىرەر دەلىل بولمىسا، دەلىللەرنىڭ بىر-بىرىگە قارشى كېلىپ قېلىشى ياكى ئۇ ھەقتىكى دەلىللەرنىڭ يوشۇرۇن بولۇپ قېلىشى سەۋەبلىك ئۇ مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىش دۇرۇس بولىدۇ». [1]

ئىبنى قۇدامە مەقدىسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردە ھېچبىر كىشىنىڭ ئۆز مەزھىبىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، باشقا كىشىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىنكار قىلىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ».

ئەنسارىلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلمايدىغان ياكى تۆۋەن سانايدىغان، ئۇلارنىڭ دىن يولىدىكى خىزمەتلىرىنى ياخشى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى ۋە ھەقلىرىگە سەل قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىندىكى مەرتىۋىسىنى بايان قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر. الله تەرەپكە دىنىنى ئېلىپ قاچقۇچى ھەربىر مۇھاجىر ئۆزى ئۈچۈن بارچە نەرسىسىنى ئاتىمىغان ئەنسار قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنى مۇڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدىكى رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ بىر كىشىنى دىن ۋە دىنىنىڭ شوئارلىرى ئىسلاھ بولىدىغان، مۇئمىن مۇجاھىدلارنىڭ ئەھۋاللىرى قايتىدىن جانلىنىدىغان بىر ۋاقىتقىچە ھايات قالدۇرۇشى الله نىڭ ئۇ كىشىگە كاتتا

---

[1] «الفتاوى الكبرى» 6- توم 96- بەت.

نېئمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ».①

❈ ❈ ❈

① «مجموع الفتاوى» 28- توم 420- بەت.

# 10 ـ ئەسلەتمە

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە بەندىنى رەببىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ كاتتا ئەمەل بولۇپ، ئىسلام دەرىخى ئۇنىڭسىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ.

ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ــ دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاساسىدۇر».[①]

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ــ دىنىنىڭ ئاساسى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلاھىي ۋەزىپىسىدۇر. ناۋادا ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دىنىنى بىلىش ۋە دىنغا ئەمەل قىلىشقا سەل قارىسا، پەيغەمبەرلىك بىكار قىلىنىپ، دىن ـ دىيانەت يوقالغان؛ جەمئىيەتنى ئازغۇنلۇق قاپلاپ، نادانلىق ئەۋج ئالغان؛ بۇزغۇنچىلىق يامراپ، شەھەرلەر ۋەيران بولغان؛ بەندىلەر ھالاك بولۇپ، گۇمراھلىقنى پەقەت قىيامەت كۈنىلا ھېس قىلغان بولاتتى».[②]

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بارچە ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولۇپ، ھېچبىر ئۈممەت ئۇنىڭسىز ياشىغان ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ ۋاجىب بولغان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئەلچىلىك ۋە پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىدۇر».[③]

ھەربىر پەيغەمبەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا بۇيرۇلغان. بۇ

---

[①] «أحكام القرآن لابن العربي» 3ـ توم 385ـ بەت.

[②] «إحياء علوم الدين» 2ـ توم 306ـ بەت.

[③] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 4ـ توم 47ـ بەت.

ھەقتە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بولسا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسى مەقسىتى، كىتابلارنى نازىل قىلىشنىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا بۇ ئۈممەتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۈممەت بۇ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولۇشتەك يۇقىرى پەزىلەتكە ئىگە قىلىنغان».[1]

ئايەت ـ ھەدىستىكى دەلىللەر ۋە ئالىملارنىڭ ئىجماسىغا كۆرە، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى ۋاجىب بولۇپ، ئالىملار ئۆز كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە ئىجمانى نەقىل قىلغان. جۈملىدىن، ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابىدا، ئىمام قۇرتۇبى ۋە ئىمام جەسساس «أحكام القران» ناملىق كىتابتا تىلغا ئالغان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ «(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله قا قايتىدۇ)»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ

---

[1] «الطرق الحكمية» 1 ـ توم 199 ـ بەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھەج 41ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللہ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[1].

ئايەتلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى ۋاجىبتۇر. ئىمام زەججاج ئاخىرقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «بۇ ئايەت سىلەر ھەممىڭلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى بولۇڭلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.[2]

ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ئادىل كىشى بولۇشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ــ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ئادىل كىشى بولۇشىنى شەرت قىلغان بىدئەتچىلەرنىڭ پىكرىگە قارشىدۇر».[3]

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دەلىل بولىدىغان تولىمۇ كۆپ ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من رأى منكم منكرا فليغيره بيده فإن لم يستطع فبلسانه فإن لم يستطع فبقلبه وذلك أضعف الإيمان» «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قۇربى يەتمىسە، قەلبىدە نارازى بولسۇن. مانا بۇ ــ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر».[4]

قازى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس يامانلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى ھەققىدىكى ئاساسىي پرىنسىپتۇر. مەيلى سۆزى ياكى ئەمەلىيىتى بىلەن بولسۇن، يامانلىقنى ئۆزگەرتكۈچى قايسى ئۇسۇلنى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 110ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «معاني القرآن وإعرابه للزجاج» 1ـ توم 452ـ بەت.
[3] «أحكام القرآن لابن العربي» 2ـ توم 114ـ بەت.
[4] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

قوللىنىشقا ئىمكانىيىتى يەتسە، شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانسا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەسكى ئىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سايمانلىرىنى بىۋاستە چېقىشقا، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى تۆكۈۋېتىشكە ياكى شۇنى ۋاكالىتەن ئىجرا قىلىدىغان كىشىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇشقا، بۇلانغان نەرسىلەرنى تارتىپ ئېلىپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭغا باشقىلارنى بۇيرۇشقا ھەقلىقتۇر». [1]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹إياكم والجلوس في الطرقات!› <يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار!> دېگەنىدى، ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يوللاردا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ قالىدىكەنمىز> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: ‹فإذا أبيتم إلا المجلس، فأعطوا الطريق حقه› <ئۇنداقتا، يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار!> دېدى. ئۇلار: <يولنىڭ ھەققى نېمە؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «غضُّ البصرِ، وكفُّ الأذى، وردّ السّلامِ، والأمرُ بالمعروفِ والنّهي عن المنكر» <يولنىڭ ھەققى كۆزنى ھارامدىن يىغىش، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزمەسلىك، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش> دېدى». [2]

قازى ئەبۇ بەكرى ئىبنۇلئەرەبى مالىكي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش — دىننىڭ ئاساسى، مۇسۇلمانلارنىڭ تايانچى ۋە ئىنساننىڭ (زېمىندا) يارىلىشىدىكى مەقسەت ۋە غايىلەرنىڭ بىرىدۇر، شۇنداقلا ئۇ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدۇر. ئۇ مەيلى بىر كىشى ياكى ئىككى كىشى بولسۇن، قادىر بولۇش ۋە ئەمىن بولۇش شەرتى ئاستىدا ھەممە كىشىگە پەرزدۇر». [3]

ئەبۇ بەكرى جەسساس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۆز

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 2- توم 25- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «فيض القدير شرح الجامع الصغير» 5- توم 521- بەت.

كىتابىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ھەقتىمۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. گەرچە بەزىدە تەقىيە قىلىپ سۈكۈت قىلىدىغان ھالەتلەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ سەلەف ـ سالىھلار ۋە مەدىنە ئالىملىرى ئۇنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن». [1]

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىجرا قىلىنمىغاندا دىن ئەسلى غايىسىنى يوقىتىدۇ، جاھاندا پىتنە ـ پاسات تاراپ، باتىل ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ؛ زېمىندا بەرىكەت يوقۇلۇپ، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سەل قارىغان قەۋمدە ھېچبىر ياخشىلىق بولمايدۇ.

الله تائالا بەنى ئىسرائىل ئالىملىرىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا سەل قارىغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْلَا يَنْهَاهُمُ الرَّبَّانِيُّونَ وَالْأَحْبَارُ عَنْ قَوْلِهِمُ الْإِثْمَ وَأَكْلِهِمُ السُّحْتَ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَصْنَعُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» [2] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك، قۇرئان كەرىمدە بۇ ئايەتتىنمۇ كۈچلۈكرەك ئەيىبلەش يوق بولۇپ، ئۇ ئايەت يامانلىقنى توسمىغان كىشىنىڭ شۇ يامانلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. بۇ ئايەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسمىغان ئالىملارغىمۇ كۈچلۈك تەنبىھ ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ ۞ كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ۞﴾ «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن

---

[1] «أحكام القرآن للجصاص» 4 ـ توم 154 ـ بەت.

[2] سۈرە مائىدە 63 ـ ئايەت.

(يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى [78]. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان! [79]»[1].

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ھېچبىرى گۇناھ ۋە ھارام ئىشلارنى قىلغانلارنى توسمايتتى. ئاندىن الله ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە بۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبلەپ: <ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان> دېدى»[2].

ئىمام قۇرتۇبى ئىبنى ئەتىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «قۇربىتى يېتىدىغان، ئۆزىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان يېتىشتىن ئەمىن بولغان ھەربىر كىشىگە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ئىجماغا كېلىنگەن. ئەگەر ئۇ كىشى (ئۆزىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا بىرەر زىيان يېتىشتىن) قورقۇپ قالسا، ئۇنى قەلبىدە ئىنكار قىلىدۇ ۋە يامانلىق قىلغۇچىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمايدۇ»[3].

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا سەل قاراشنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كۆپلىگەن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <إنه يستعمل عليكم أمراء فتعرفون وتنكرون، فمن كره فقد برئ، ومن أنكر فقد سلم، ولكن من رضي وتابع> <كەلگۈسىدە سىلەرگە شۇنداق بىر كىشىلەر ئەمىر بولىدۇكى، سىلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزىسىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر، بەزىسىنى ئىنكار قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ بەزىسى شەرىئەتكە ئۇيغۇن

[1] سۈرە مائىدە 78- ۋە 79- ئايەت.

[2] «تفسير القرآن العظيم» 3- توم 160- بەت.

[3] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 6- توم 253- بەت.

كېلىدۇ، بەزىسى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ). كىمكى ئۇلاردىن سادىر بولغان يامان ئەمەللەرنى يامان كۆرسە، شۇ قىلمىشتىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ؛ كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، گۇناھتىن ساقلانغان بولىدۇ؛ بىراق كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشسە (گۇناھكار بولىدۇ)› دېگەندە، ساھابىلەر: ‹ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمامدۇق؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «لا، ما أقاموا فيكم الصلاة» ‹ياق، ئۇلار نامازنى ئادا قىلىپلا تۇرىدىكەن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ› دېدى».①

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ مەنىسى — كىمكى بىر يامان ئىشنى قولى ۋە تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قۇربىتى يەتمەي قەلبىدە يامان كۆرگەن بولسا، شۇ گۇناھتىن ئادا ـ جۇدا بولغان ۋە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان بولسا، بۇ گۇناھتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رازى بولۇپ ئۇلارغا ئەگەشكەن بولسا، ئۇ ئاسىي (گۇناھكار) بولغان بولىدۇ دېگەنلىكتۇر».②

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده، لتأمرن بالمعروف، ولتنهون عن المنكر، أو ليوشكن الله أن يبعث عليكم عقابا من عنده، ثم تدعونه فلا يستجيب لكم» «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله سىلەرگە پات يېقىندا ئازاب ئەۋەتىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلەر الله قا دۇئا قىلساڭلارمۇ، الله دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ».③

مۇبارەكفورى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئۈممىتىگە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ياكى الله نىڭ ئازابىنى

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح رياض الصالحين للنووي» 1 ـ توم 148 ـ بەت.

③ تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كۆتۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش بېرىلگەن بولۇپ، ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسمىغان كىشى الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ ۋە ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت بولمايدۇ. بۇ يەردە ئىككى ئىش بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا ئازاب چۈشمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)».①

شۇنىسى ئېنىقكى، ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ توپ ئاساسىدۇر. كىمكى ئۇنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلسا، نىجاتلىقىقا ئېرىشىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا سەل قارىسا ياكى بۇنىڭدىن باش تارتسا، ئۇپئوچۇق زىيانغا ئۇچرايدۇ (الله بىزنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن).

ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك بىرقانچە شەرتلەر بار بولۇپ، ئىبنى نەھھاس رەھىمەھۇللاھ بۇلارنى مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، تاقىتى يەتكەن بولۇش، ئادىل بولۇش ۋە ئىمامنىڭ ئىجازىتى بولۇشتىن ئىبارەت بەش تۈرگە يىغىنچاقلىغان.

ئادىل بولۇش ۋە ئىمامنىڭ ئىجازىتى بولۇش دېگەن شەرتلەر ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇد. بۇنىڭدىكى ئادىل بولۇش دېگەن شەرت كۆپلىگەن سەلەف ئالىملىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل بولۇشى، ياخشىلىقلارنى ئاۋۋال ئۆزىگە تەتبىقلىشى ياكى توسقان يامانلىقتىن ئۆزى ساقلانغان بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. گەرچە ئۇ كىشى ئۆزى بۇيرۇۋاتقان ياخشىلىقىقا سەل قارىغۇچى، توسۇۋاتقان يامانلىقنى سادىر قىلغۇچى بولغان

① «تحفة الأحوذي شرح جامع الترمذي» 11 ـ توم 368 ـ بەت.

تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشىگە يەنىلا بۇيرۇش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىگە ئىككى ئىش ۋاجىب بولىدۇ. بىرى، ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىپ، يامانلىقتىن قايتىش؛ يەنە بىرى، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش. ئۇ كىشىنىڭ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلالمىغان سەۋەبلىك يەنە بىرىنى قىلماسلىقى قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟!». ①

ئەمما، «ئىمامنىڭ ئىجازىتى بولۇش» دېگەن شەرت ھەققىدە ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى نەقىللىرىنى بايان قىلغان: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش پەقەت ئىش ئىگىلىرىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئاددىي مۇسۇلمانلارغىمۇ جائىزدۇر. ئىمام جۇۋەينى مۇنداق دېگەن: <ئاددىي مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسا بولىدىغانلىقىغا ئۈممەت ئىجماغا كەلگەن>». ②

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى ئۆزى بۇيرۇماقچى بولغان ئىشنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە توسۇۋاتقان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئوبدان بىلىشى، مۇھىمى دەلىل-پاكىتسىز ۋە ئىلىمسىز ھالەتتە سۆزلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى، نادان كىشىنىڭ الله نىڭ دىنىدا ئىلىمسىز سۆزلىشى توغرا ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي﴾** «ئېيتقىنكى، <بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز>». ③

دېمەك، دەۋەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشى ئۆزى بۇيرۇۋاتقان ۋە توسۇۋاتقان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان تونۇغان بولۇشى ۋە ئوچۇق دەلىل-پاكىتقا ئاساسلىنىشى لازىم.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

---

① «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج للنووي» 18- توم 186- بەت.

② «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج للنووي» 18- توم 186- بەت.

③ سۈرە يۇسۇف 108- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت دەۋەت خىزمىتى بىرقانچە شەرتلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بىر ئەسەردە مۇنداق كەلگەن: <ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇۋاتقان كىشى بۇيرۇماقچى ياكى چەكلىمەكچى بولغان ئىشىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى ۋە بۇ جەرياندا مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى لازىم>. ياخشىلىققا قىزىقتۇرۇپ، يامانلىقنى ئىنكار قىلىش ئۇچۇن، بۇيرۇشتىن ئىلگىرى ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاسىتىلەرنى تېپىپ چىقىش، ئىمكانقەدەر مۇلايىم بولۇش، بۇ جەرياندىكى كىشىلەرنىڭ مالامەت ۋە ئەزىيەتلىرىگە سەۋرچان بولۇش كېرەك. چۈنكى، مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا بەل باغلىغان كىشى باشقىلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ».①

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۇچۇن قەلبنى رىيا ۋە نام ـ شۆھرەت ھېرىسمەنلىكىدىن تازىلاش كېرەك. الله رازىلىقىنىلا كۆزلەيدىغان سەمىمىي قەلب ھازىرلاش — مانا بۇ ئەمەلنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى شەرتى ۋە تەلەپ ـ تەقەززاسىدۇر.

موللا ئەلى قارى مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى ئەمىلىدە رىيا قىلماسلىقى، نام ـ شۆھرەت قوغلاشماسلىقى، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگەشمەسلىكى، سەمىمىي بولۇشى، الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ۋە كىشىلەرنى الله قىلا قۇلچىلىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىشى كېرەك. مانا بۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدۇر. ئۇ كىشى ئىخلاسمەن، سەمىمىي قەلب ئىگىسى بولغاندىلا، الله ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە بۇ كىشى ئارقىلىق يامانلىقلار يوقىتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾** <ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا

① «مجموع الفتاوى» 15 ـ توم 167 ـ بەت.

قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەملىرىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ›[1]».[2]

ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتا روشەن پاكىت ۋە ئېنىق دەلىللەرگە تايىنىش كېرەك. ئاجىز قاراشلار ياكى پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغان ئىختىلاپلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش «ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كۆپچىلىك ئالىملار ‹شاخچە مەسىلىلەردە ئىنكار قىلىش يوق، بەلكى ئۇ مەسىلىلەردىكى ئەسلى قائىدە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدىن قادىر بولالىغانلارنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە بايان قىلىشىدۇر› دېگەن قاراشتا بولغان». ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا «حسبة»[3] «ھىسبە»نىڭ شەرتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «‹حسبة› چەكلىمەكچى بولغان ئىش مۇنكەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان يامانلىق بولۇشى كېرەك، چۈنكى مۇنكەر ئىكەنلىكى بىرلىككە كېلىنمىگەن ھەرقانداق بىر ئىشتا ‹حسبة› بولمايدۇ».[4]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئالىملار پەقەت مۇنكەر ئىكەنلىكى ئوچۇق بىلىنگەن يامانلىقلارنىلا ئىنكار قىلاتتى. ئەمما، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە كەلسەك ئۇنىڭدا ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەربىر مۇجتەھىد توغرىنى تاپقۇچىمۇ ياكى توغرىسىنى تاپقۇچى بىرلا مۇجتەھىدمۇ بىز ئۇنى بىلمەيمىز. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ئوتتۇرىسىدىمۇ

---

[1] سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت.

[2] «المبين المعين لفهم الأربعين» 193 ـ 194 ـ بەت.

[3] بۇ ئىلگىرىكى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىر تۈرلۈك مەنسەپنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ مەنسەپكە ئىگە بولغان ئادەم مال باھاسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىغا ئائىت ئومۇمى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇراتتى.

[4] «إحياء علوم الدين» 2 ـ توم 276 ـ بەت.

شاخچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىنى ئىنكار قىلمايتتى، بەلكى (كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ) تېكىستلىرىگە ياكى ئىجماغا ياكى روشەن قىياسقا قارشى كەلگەن ئىشلارنىلا ئىنكار قىلاتتى».[①]

ئى مۇھاجىر قېرىندىشىم! ھەرقانداق ئىشنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئېنىق دەلىل ۋە توغرا ئىلىمگە ئاساسلىنىڭ. مەزھىبىڭىزنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا باشقا مەزھەبتىكىلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ، مانا مۇشۇنداق ئىشلار جىھاد مەيدانىدا كۆپ يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇڭلاشقا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئويلىنىڭ ۋە مەسىلىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇڭ. ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەسىلىلەر، سۆزلەر ۋە ئىختىلاپلار بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان مەسىلىلەر، سۆزلەر ۋە ئىختىلاپلارنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىڭىز ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مەزھەبلىرىنى ياخشى چۈشىنىڭ. ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا دەۋەت قىلىڭ، قوپاللىقتىن ساقلىنىڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز ھەممە كىشى سىزدىن قاچىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىڭىزنى يالغۇز قالغاندەك، ھەممە كىشى سىزگە زۇلۇم قىلغاندەك ھېس قىلىپ قالىسىز. ھەر ۋاقىت شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يامانلىقتىن توسۇش ئىختىلاپلىق ئىشلاردا ئەمەس، بەلكى ھارام ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئىشلاردا بولىدۇ.

ئەبۇ نۇئەيىم سۇفيان سەۋرىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى توغرا دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، بىراۋنىڭ ئىختىلاپلىق بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇ كىشىنى توسمىغىن».[②]

گەرچە ھەرقانداق ھالەتتە مۇنكەرنى ئىنكار قىلىش زۆرۈر ئىش بولسىمۇ،

---

[①] «روضة الطالبين وعمدة المفتين» 7ـ توم 422ـ بەت.

[②] «الأحكام السلطانية» 297ـ بەت.

مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشتا بايان قىلىپ بېرىش، سەممىي بولۇش، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش ۋە ھېكمەتلىك ئۇسلۇب قوللىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇشتا ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا، قوپاللىق قىلىشتىن ساقلىنىشقا موھتاج. ئەمما پاسىقلىقى ئوچۇق-ئاشكارا بولغان ناچار كىشى بولسا ئۇنداق كىشىنى ئوچۇق-ئاشكارا توسۇش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى پاسىقنىڭ ھۆرمىتى يوق دېگەن تەمسىلگە بىنائەن بۇ پاسىقنىڭمۇ ھېچقانداق ھۆرمىتى بولمايدۇ».[1]

ئەگەر بىرەر يامانلىقنى توسقاندا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ يامانلىق ۋە ياكى تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى مۇقەررەر بولسا، بۇ خىل ئەھۋالدا يامانلىقنى توسۇش ساقىت قىلىنىدۇ. بۇ <ئىككى زىياندا دۇچ كەلگەندە يەڭگىلىنى تاللاش ۋاجىب> دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مانا بۇ، ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة لولا قومك حديث عهدهم-بكفر-لنقضت الكعبة فجعلت لها بابين: باب يدخل الناس، وباب يخرجون» «ئى ئائىشە، ئەگەر قەۋمىڭ يېقىندىلا كۇفرىدىن قايتقان كىشىلەر بولمىسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە كەئبىنى يىقىتىپ، ئاندىن ئۇنى كىشىلەر بىرىدىن كىرسە يەنە بىرىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ئىككى ئىشىك ئورنىتىپ، قايتا سالغان بولاتتىم».[2]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن بەزى ۋاقىتتا زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن (كۆز ئالدىدىكى) پايدىدىن ۋاز كېچىلىدىغانلىقى، كېلىپ چىقىدىغان يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن،

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 3- توم 963- بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

يامانلىقنى توسۇشنىڭ كىچىكتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز».[1]

مۇھەللەب مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئەگەر بىر قەۋم ياخشىلىققا بۇيرۇلسا، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ۋە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ پىتنىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى بىلىنسە، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلىدۇ».[2]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى» دېگەن تېما ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ياخشىلىقنى روياپقا چىقىرىش مەقسىتىدە يامانلىقنى توسۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى يولغا قويدى. ئەگەر يامانلىقنى توسۇش سەۋەبلىك الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا تېخىمۇ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر يامانلىق كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولسا، يۈز بېرىۋاتقان يامانلىق الله ئۆچ كۆرىدىغان ۋە ئۇنى قىلغۇچى الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغان يامانلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن توسۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ-كىچىك پىتنىلەرنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان بولساق، كۆپىنچە پىتنىلەرنىڭ يامانلىقتىن توسۇشتا ئالدىراقسانلىق قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە مۇنكەر ئىشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىغان ئىدى. ئۇ، الله مەككىنى فەتھى قىلىپ ئىسلام دۆلىتىگە ئايلاندۇرغان ۋاقىتتا ئاندىن كەئبىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. ئەمما، مەككە فەتھى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنى قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان بولسىمۇ، قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇ ئىشنى

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 1- توم 225- بەت.

[2] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 1- توم 205- بەت.

قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئىبارەت چوڭراق بىر يامانلىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ بۇنىڭدىن توختاپ قالغان ئىدى». ①

پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنى چۇۋۇپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قايتا قۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ سەۋر قىلالماي گۇناھكار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇنىڭدىن يالتايغان. بۇنىڭدىن، ياخشىلىققا چاقىرغۇچىنىڭ «يالغانچى» دەپ قارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، چۈشەنچىسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كىشىلەرنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلىدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلىشى، ئۇلارنىڭ مەزھەبلىرى ۋە شەرئىي ئىجتىھاد دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئاساستا ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سەن بىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان سۆزنى سۆزلىمە، ئۇنداق قىلساڭ، ئۇ سۆزۈڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ». ②

سۇفيان ئىبنى ھۇسەيندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە مېنىڭدىن سوئال سوراپ: ‹مەن سېنى قۇرئان ئىلمىنى بىلىدۇ دەپ قارايمەن. ماڭا بىر سۈرە ئوقۇپ ئاندىن تەپسىر قىلىپ بەرگىن. مەن سېنىڭ بىلگەن نەرسىلىرىڭگە قاراپ باقاي› دېدى. مەن شۇنداق قىلدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا: ‹مېنىڭ ساڭا ئېيتماقچى بولغانلىرىمنى ئېسىڭدە ساقلىغىن، سۆز قىلغاندا قەبىھ سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى قانداق

① «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 3- توم 12- بەت.
② مۇسلىم توپلىغان 1- توم 11- بەت.

بىر كىشى قەبىھ سۆز قىلىدىكەن، ئۇ خارلىقتا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە سۆزى يالغانغا چىقىرىلىدۇ> دېدى». [1]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان، ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا سۆزلىگەن كىشى يالغانچىغا چىقىرىلىدۇ، ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ خارلىقتا مۇپتىلا بولىدۇ». [2]

ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماقچى بولغان كىشى چوڭ بىر زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىمىسە باشقىلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشى، تاقىتى يەتمەيدىغان ئەمەللەرنى ئۇلارغا تاڭماسلىقى، مۇناسىپ ۋاقىت ۋە پۇرسەت تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. الله تائالا ھەقكە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

❋ ❋ ❋

[1] مۇسلىم توپلىغان 1ـ توم 11ـ بەت.

[2] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 1ـ توم 76ـ بەت.

# 11 ـ ئەسلەتمە

## غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ شەرتلىرى

الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىد الله نىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەن ئاۋۋال ئۆز رەببىگە ياردەم بېرىشى، الله بۇيرۇغان پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىي رېئاللىقىدا تەتبىقلىشى لازىم.

ئەسبەھانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ الله قا قىلغان ياردىمى — تەۋھىد ئەھلىگە ياردەم بېرىشى، الله بېكىتىپ بەرگەن چەك ـ چېگرىلىرىدا توختىشى، الله قا بەرگەن ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلىشى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ».①

بەندە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش، خاتالىقلاردىن يېنىش، ياخشىلىقلارغا ئالدىراش، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش، تەۋبە ـ ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىشقا ئوخشاش تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق الله تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا الله قا تەۋبە قىلغۇچى ئىتائەتمەن بەندىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىززەتكە ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ﴾ <ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ>②».③

ئەمەللەرنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش، قەلبىنى پاك تۇتۇش، الله نىڭ

---

① «غريب القرآن» 1 ـ توم 495 ـ بەت.
② سۈرە ھۇد 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «مجموع الفتاوى» 15 ـ توم 400 ـ بەت.

ئىتائەتتە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، اللە قا دۇئا قىلىپ يېلىنىش، اللە نىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش، اللە نىڭ ھۆكمىنى يۇرگۈزۈش، كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش، اللە نىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋە زېمىندا ئادالەتنى بەرپا قىلىش غايىسىدە جىھاد قىلىش قاتارلىقلار اللە نىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ۋە پادىشاھلارنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، اللە نىڭ دىنىغا ئەڭ كۆپ ياردەم بەرگەن، اللە نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۆپ جىھاد قىلغان، اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەتمەن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ اللە نىڭ ياردىمىگە ئەڭ كۆپ نائىل بولغان، تائەت-ئىبادەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ».[1]

بەندىنىڭ ئۆز مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى — اللە نىڭ غەلىبە-نۇسرىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇجاھىد ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئورۇنلاشقا سەل قارىماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئۇھۇد غازىتىدا اللە ئاۋۋال ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن زەپەر قۇچقۇزۇپ غەلىبە قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئوقياچىلار قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى ۋە قوماندانى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، غەنىيمەت تەمەسىدە تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاقىۋەتتە، ساھابىلەر قازانغان غەلىبە-نۇسرەت قولدىن كەتتى. اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ

---

[1] «مجموع الفتاوى» 28- توم 640- بەت.

**مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾** «الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[①].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار مۇنداق دېگەن: <ئۇھۇد جېڭىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبى ئوقياچىلار قىسمىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ قەتئىي تەۋرەنمەسلىككە بۇيرۇغان ئورۇننى تاشلاپ ئىتائەتسىزلىك قىلىشى بولۇپ، الله تائالا بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ئىتائەتسىزلىكنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىنى مۇسۇلمانلارغا تونۇتۇپ قويغان>»[②].

بەندىنىڭ الله تائالا ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشى ۋە ئۆزىنى الله قا تاپشۇرۇشى، ماددىي تەييارلىقلارنى پۈختىلاپ الله قا يېلىنىشى، غەلىبە۔ نۇسرەت ۋە بارلىق كۈچ۔قۇۋۋەتنىڭ الله نىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ الله نىڭ كائىناتتىكى بېكىتكەن قانۇنىيەتلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى قاتارلىقلار بەندىنىڭ الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. مانا بۇ شەرتلەرنى ھازىرلاپ، الله نىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەن مۇئمىن كىشىدە ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش مەۋجۇد بولمايدۇ.

---

① سۈرە ئال ئىمران 152۔ ئايەت.

② «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 7۔ توم 347۔ بەت.

ھۇنەين كۈنىدىكى مەغلۇبىيەتمۇ دەل ئاشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم ساھابىلەر: <بۈگۈن بىز سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇب بولمايمىز (يەنى سانىمىز كۆپ)> دېيىشكەنىدى. نەتىجىدە نۇسرەت قولدىن كەتتى، ساھابىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېگانە زات الله تائالاغا باغلانغاندىن كېيىن، الله تائالانىڭ غەلىبە-نۇسرىتى ئىشقا ئاشتى. الله تائالا ئەنە شۇ ۋەقەلىكنىڭ دىنىمىزنىڭ يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەربىر كىشىگە ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بولۇشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە تىلاۋەت قىلىنىدىغان مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ﴾ «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار»[1].

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [«ساھابىلەرنىڭ بەزىسى: <بۈگۈن بىز سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن قەتئىي مەغلۇب بولمايمىز> دەپ مەغرۇرلانغاندا، الله تائالا ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويدى. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىدىن قايتقاندىن كېيىن، الله نىڭ نۇسرىتى چۈشۈشكە باشلىدى. ئاقىۋەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەرىكىتى بىلەن مۇسۇلمانلار غەلىبە-نۇسرەتكە

[1] سۈرە تەۋبە 25- ئايەت.

ئېرىشتى. الله تائالا غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى الله نىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ يَنْصُرْكُمُ اللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمْ وَإِنْ يَخْذُلْكُمْ فَمَنْ ذَا الَّذِي يَنْصُرُكُمْ مِنْ بَعْدِهِ﴾ «ئەگەر الله سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر الله سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، الله تىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟!»[1]].[2]

الله نىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بەندىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، جىھاد ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشى، پەقەتلا ماددىي تەييارلىقلارغا تايىنىۋالماسلىقى ۋە شۇنداقلا ماددىي تەييارلىقلاردىكى نۇقسانلارغىمۇ سەل قارىماسلىقى لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ».[3]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي، ألا إن القوة الرمي» <دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار>[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: <بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر!>

[1] سۈرە ئال ئىمران 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «الجامع لأحكام القرآن » 8 ـ توم 100 ـ بەت.
[3] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1]». [2]

ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش ئوق ئېتىشتۇر!» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ئوق ئېتىشنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. كۈچ-قۇۋۋەت تەييارلاشنىڭ دائىرىلىرى ئۇرۇشتا لازىم بولىدىغان باشقا ۋاستىلەرنىڭ بولۇشىنى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى «كۈچ تەييارلاش» دېگەن سۆز دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ياردىمى تېگىدىغان ھەر تۈرلۈك ئۇرۇش قوراللىرى ۋە جابدۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى جىھاد ۋاقتىدا تىرناقلىرىمىزنى ئالماسلىقتا بۇيرۇدى ۋە <ھەقىقەتەن، تىرناقلاردا قۇۋۋەت بار دېدى>» دېگەنلىكىنى بايان قىلدى. مانا بۇ دۈشمەنگە قارشى كۈچلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بۇيرۇلغان تەييارلىق دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَرَادُوا الْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً﴾ «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى»[3]. الله تائالا بۇ ئايەتتە دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلمىغان مۇناپىقلارنى ئەيىبلىگەن». [4]]

بەندىنىڭ رەببىگە يېلىنىپ دۇئا قىلىشى ۋە ئۇنى تىلدىن چۈشۈرمەي زىكىر قىلىشى ئىلاھىي غەلىبە-نۇسرەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ بەدر جېڭىدە الله قا يېلىنىپ دۇئا قىلىشىدىن ئۇنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىنى تاپالايمىز. پەيغەمبەر ﷺ رەببىگە يېلىنىپ يالۋۇرۇپ

---

[1] سەنئانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشقا ئادەتلىنىش ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. ئوق ئېتىشنى ياخشى بىلمەيدىغان ئادەمنى كۈچ تەييارلىدى دېگىلى بولمايدۇ» («سبل السلام» 4- توم 1374- بەت).

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە تەۋبە 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] «أحكام القرآن» 4- توم 253- بەت.

دۇئا قىلىۋەرگەنلىكتىن، ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ھالىتىگە ئىچ ئاغرىتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى» دېگەنىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن كىچىك چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «اللهم إني أنشدك عهدك ووعدك، اللهم إن شئت لم تعبد بعد اليوم أبدا» «ئى الله ! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئەھدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ئى الله ! ئەگەر خالىساڭ بۈگۈندىن كېيىن يەر يۈزىدە ھەرگىز ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى بىزگە بۈگۈن ياردەم بەرمىسەڭ، ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئىنسان قالمايدۇ)». شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بولدى قىلغىن، رەببىڭگە دۇئا قىلىشتا بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ساۋۇتلىرىنى كىيگەن ھالدا چېدىردىن چىقىپ كەلدى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: ﴿سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ ۝ بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ﴾ «(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇب قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ [45]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر [46]»[①]. [②]

شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۇئا غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسلىق قورالىدۇر. دۇئا قىلغۇچى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر توسالغۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەربىر مۇجاھىد دۇئا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

① سۈرە قەمەر 45 ـ ۋە 46 ـ ئايەتلەر.
② بۇخارى توپلىغان.

شەيخ ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى «بين منهجين» ناملىق ماقالىسىدە قۇرئان كەرىمدىكى ﴿إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا﴾ «بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان ئېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى»[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ (مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرى) ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر. بۇ گۇناھلار ئومۇمىي مەنىدىكى گۇناھ ـ مەئسىيەت ئەمەس، بەلكى مەشىق قىلىشنى تاشلاپ قويۇش، جامائەتتىن يۈز ئۆرۈش، ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش، ماددىي تەييارلىقلارغا سەل قاراش ۋە مەسئۇلىيەت ئېگىلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويماسلىققا ئوخشاش جەڭدە مەغلۇب بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ يەردە جەڭ ۋە ئۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا گۇناھلارنى يەڭگىل سانىماقچى ئەمەسمىز. لېكىن ئۇ گۇناھلار جەڭنىڭ نەتىجىسىگە جەڭ ۋە ئۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھلاردەك بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر جەڭنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدەنگىنىمىزدە مەغلۇبىيەتنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبلىرىنى تىلغا ئالماستىن، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش ياكى يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىشكە ئوخشاش گۇناھلارنى مەغلۇب بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى دەپ قارىۋېلىش مەقسەتتىن چەتنەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سەۋەب بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى ۋە گۇناھ بىلەن مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم».

ﷲ تائالا بايان قىلىشنى نېسىپ قىلغان مۇشۇ مىقدار بىلەن بۇ ئەسلەتمىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز. ﷲ تائالادىن ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى، توغرا يولغا يېتەكلىشىنى، بىزلەرگە ئۆز پەزلى ـ رەھمىتىنى ئاتا

[1] سۈرە ئال ئىمران 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىشىنى، ھەمدە بىزلەرگە بۇ دىنىنىڭ يۈكسەك كۆتۈرگۈچىلەر غەلىبە نۇسرەتكە ئېرىشكەن، زېمىندا ئىسلامىي خىلاپەتنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىگە يەتكەنگە قەدەر غەلىبە ـ نۇسرەت شەرتلىرىنى روياپقا چىقىرىپ بېرىشىنى سورايمىز.

# 12 ـ ئەسلەتمە

## مۇئمىنلەر ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدۇ

بىر ئىشنى قارار قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش پەزىلەتلىك، ئاقىل كىشىلەرنىڭ گۈزەل خۇلقىدۇر.

ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇرا قىلىش ۋە ئىشلارنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش جامائەتنىڭ پىكرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەقنى تېپىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇرا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەرقانداق بىر قەۋم ھەقىقەت ئۈستىدە بولىدۇ».①

ئىمام تەرتۇشى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دانالار مۇنداق دېگەن: <شۇرا قىلىش ـــ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسى ۋە ھەرقانداق كىشى مۇستەسنا بولالمايدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر».② ئىبنى ئەزرەق مالىكىي مۇنداق دېگەن: «<شۇرا> شەرىئەتتە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىشتۇر».③

شۇرا قىلىش قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىبادەتتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى بىلقىسنىڭ قىسسىسىگە قارايدىغان بولساق، بىلقىس توغرا پىكىر ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ أَفْتُونِي فِي أَمْرِي مَا كُنْتُ قَاطِعَةً أَمْرًا حَتَّى تَشْهَدُونِ**﴾ «ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: <ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۈستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق>»④.

---

① «أحكام القرآن لابن العربي» 7 ـ توم 86 ـ بەت.
② «سراج الملوك لأبي بكر الطرطوشي» 1 ـ توم 156 ـ بەت.
③ «بدائع السلك في طبائع الملك لابن الأزرق» 1 ـ توم 63 ـ بەت.
④ سۈرە نەمل 32 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنى شۇرا قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، الله ئۇنى ئىمان ۋە ناماز بىلەن باراۋەر ئورۇندا تىلغا ئالغان. ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ ﴿وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ۞ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنْتَصِرُونَ۞﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ بۇ ئايەتتە شۇرا قىلىشنى ئىمان ۋە نامازنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە تىلغا ئالغانلىقى شۇرانىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ».[2]

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مەسىلىلەرنى شۇرا بىلەن ھەل قىلىدىغان كىشىلەرنى ماختىغان. بىر كىشىنىڭ بارلىق ئىلىم ۋە ماھارەتلەردىن تولۇق خەۋەردار بولالىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغاچقا، ھەرقانداق كىشى يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئۆزئارا كېڭىشىپ ھەل قىلىشقا موھتاجدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ۞ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنْتَصِرُونَ۞﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»[3]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۆز قارارلىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش ۋە

---

[1] سۇرە شۇرا 38- ۋە 39- ئايەت.
[2] «أحكام القرآن للجصاص» 5- توم 263- بەت.
[3] سۇرە شۇرا 38- ۋە 39- ئايەت.

ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ئىشلاردا ھېچبىر ئىشنى مەسلىھەت قىلماي تۇرۇپ كەسكىن قارار چىقارمايدۇ».[1]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مەسىلىلەرنى كېڭىشىپ ھەل قىلىشنىڭ پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَىٰ بَيْنَهُمْ﴾ «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار»[2].

ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ھېچبىر ئىشتا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ، باشقىلارنىڭ مۇۋاپىق پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ۋە بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ نەزىرىدە ماختىلىدىغان خىسلەتتۇر».[3]

سەلەف ـ سالىھلار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) «شۇرا قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋاجىبمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراشتا بولغان. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر ۋاجىب دەپ قارىغان. مالىكىي مەزھەب ئىماملىرىدىن ئىبنى خۇۋەيز مىنداد مۇنداق دېگەن: «<شۇرا قىلىش مەسئۇلىيەت ئىگىلىرىگە ۋاجىبتۇر. شۇڭا ئالىملار، جەڭ قوماندانلىرى ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرى ئۆزى ئۇچرىغان تۇرلۇك مەسىلىلەردە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدۇ. ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەر ھېسابلانغان كاتىپلار ۋە خىزمەتچىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس> دېگەن.

شۇرا مەسىلىلەرنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھمۇ ۋاجىب دېگەن قاراشتا بولغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: <شۇرا قىلىش ئارقىلىق پىكىر بىرلىكىنى

---

[1] «تفسير القرآن العظيم» 7ـ توم 211ـ بەت.

[2] سۈرە شۇرا 38ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «بدائع السلك في طبائع الملك لابن الأزرق» 1ـ توم 294ـ بەت.

ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ توغرا ھەل قىلىش چارىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بىز ئۈممەتكە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلاردا ئەڭ توغرىنى ئىزدەشكە بۇيرۇلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ۋاجىبقا ۋاستە بولغان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ ھەم ۋاجىبتۇر». [1]

ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ ئىچىدە ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھتىن باشقا ھېچبىر ئالىم شۇرانىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدىكى قاراشنى ھەنەفىي مەزھىبىگە نىسبەت بەرمىگەن. ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَىٰ بَيْنَهُمْ﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ شۇرا قىلىشنى ئىمان ۋە نامازنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە تىلغا ئالغانلىقىدىن ئۇنىڭ دىندا بۇيرۇلغان مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ». [2] ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزلىرى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئۇنى ۋاجىب دەپ قارايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى مۇستەھەب دېگەن قاراشتۇر. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇرا ھەققىدە كەلگەن بۇيرۇق مۇستەھەبلىكنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈممەتكە ئۆگىتىپ قويۇش، ساھابىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە شۇرا قىلىشنى يولغا قويغان. قەتادە، رەبىئ ۋە ئىبنى ئىسھاقتىنمۇ شۇنداق نەقىل قىلىنغان». [3]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئەزاننىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن

---

[1] «التحرير والتنوير» 4- توم 148- بەت.
[2] «التحرير والتنوير» 4- توم 149- بەت.
[3] «التحرير والتنوير» 4- توم 148- بەت.

مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ».[1]

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ «ئۇرۇش قىلىش يوللۇق بولغان كاپىرلاردىن جىزيە ئېلىش ۋە سۇلھى قىلىش» دېگەن بابتىكى جۇبەيىر ئىبنى ھەييەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن شۇرا قىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر شۇرا قىلىش ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولىدىغان ئىش بولسا ئىدى، پەيغەمبەرﷺ شۇرا قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى».[2]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھمۇ مۇستەھەب دېگەن قاراشتا بولغان بولۇپ، ئۇ ھۇدەيبىيە قىسسىسىدىن ئېلىنغان پايدىلار ھەققىدىكى بايانلىرىدا مۇنداق دېگەن: «پۇقرالار ۋە قوشۇننىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى قېزىپ چىقىش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسەللىي بېرىش، ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلۇش، چۈشەنچىلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە الله نىڭ ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾ <ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن>[3] دېگەن سۆزىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئۈچۈن ئەمىرنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ۋە قوشۇنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشى مۇستەھەبتۇر. الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ﴾ «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار»[4].[5]

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، مەسلىھەتلىشىش مەيلى ۋاجىب بولسۇن ياكى مۇستەھەب بولسۇن، مەسلىھەت سالغۇچى باشقىلارنىڭ پىكرىگە مەجبۇرلانمايدۇ. مەسلىھەت سالغۇچىنىڭ تاللاش ئىختىيارلىقى بار

---

[1] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 4- توم 76- بەت.

[2] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 5- توم 334- بەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە شۇرا 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] «زاد المعاد ابن القيم الجوزية» 3- توم 267- بەت.

بولۇپ، خالىسا مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ، خالىسا رەت قىلىدۇ. بۇ پەقەت ھەق ئاشكارا بولمىغان ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردىلا شۇنداق بولىدۇ. ئەمما، ئىجتىھاد تەلەپ قىلمايدىغان ئوچۇق ھۆكۈملەردە تاللاش ئىختىيارلىقى يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئەزاننىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن ئىش ئىگىلىرى پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ قارار چىقىرىدۇ (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)».[1]

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ قۇرئان كەرىمدىكى ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ﴾ «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار»[2] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەسلىھەت سالغۇچى ۋە ھاكىم ئىلىملىك كىشى بولسا، پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەسىلىسىدە قىلغىنىدەك، مەسلىھەت بەرگەن كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماستىن، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان پىكىر بويىچە ئىش قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى تۆۋەندىكىچە: پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدا ئەلى ۋە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا مەسلىھەت سالغاندا، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشەنى قويۇۋەتمەي ئەمرىدە ساقلاش تەكلىپىنى بەردى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قويۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ ھېچقايسىسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماستىن، ئۇ ھەقتە تاكى قۇرئان (يەنى ئايەت) نازىل بولغانغا قەدەر قارار چىقىرىشنى كېچىكتۈردى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ زاكات بېرىشتىن باش تارتقانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە ھەمراھلىرىغا مەسلىھەت سالدى. ئۇلار

---

[1] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 4 ـ توم 76 ـ بەت.

[2] سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <قاتلهم حتى يشهدوا أن لا إله إلا اللّٰه، وأن محمدا رسول اللّٰه، فإذا فعلوا ذلك فقد منعوا منك دماءهم وأموالهم إلا بحقها وحسابهم على اللّٰه> <اللہ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللہ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرگىچە ئۇرۇشقىن. ئەگەر شاھادەت كەلتۈرسە، سەندىن ھەم جانلىرىنى ھەم ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ[1]، قالغان ھېسابىنى اللہ ئۆزى ئالىدۇ>[2] دېگەن سۆزىنى ئېنىق چۈشەنگەچكە، مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماستىن، زاكاتتىن باش تارتقانلارغا ئۇرۇش ئاچقان»[3].

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھاكىم چوقۇم مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، مەسلىھەتچى ئۇنى ئۇ غەپلەتتە قېلىۋاتقان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە بىلمىگەن ئىشلاردا ئۇنىڭغا كۆرسەتمە بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىگە ئەگىشىشىگە كەلسەك، اللہ تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىشنى ۋاجىب قىلمىغان»[4].

ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى ئۆزىنىڭ «الديمقراطيّة دين»ناملىق كىتابىدا اللہ نىڭ ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ﴾ «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن: (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللہ قا تەۋەككۇل قىلغىن»[5] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئۇنى تەپسىر قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ

---

[1] يەنى بىرەر جىنايەت سادىر قىلسا، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازاسىنى تارتىدۇ.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح صحيح البخاري لابن بطال» 10 ـ توم 399 ـ بەت.

[4] «الأم للشافعي» 6 ـ توم 219 ـ بەت.

[5] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷺ گە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. ئۇلارنىڭ توغرا پىكىرلىك، تەجرىبىلىك ۋە پاراسەتلىك دەپ قارىغان ھەمراھلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ئىجتىھاد قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ كۆرسەتمە بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى، ئاندىن ئۆزى توغرا ۋە مەنپەئەتلىك دەپ قارالغان پىكىر بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. بۇ جەرياندا ھەرگىزمۇ مۇئەييەن بىر پىرقىنىڭ، مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىڭ، كۆپ سانلىق ۋە ئاز سانلىقنىڭ پىكرىگە باغلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى ئۆزى توغرا دەپ قارىغاننى ئىجرا قىلىشقا بەل باغلىشى، بىرەر ئىشقا بەل باغلىسا الله قا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە ئۆزى توغرا دەپ قارىغىنى بويىچە ئىجرا قىلىشى كېرەك». [1]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، گەرچە شۇرا قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋاجىب دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، ئەمىر مەجبۇرلانمايدۇ. ئەگەر بېرىلگەن مەسلىھەت ئارقىلىق ھەقىقەت ئاشكارا بولسا، ئەمىر ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئەمىر ئۇلارنى توغرا تاپمىسا، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، مۇۋاپىق چارە-تەدبىرلەر بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. پىكىرنى قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش، مەسلىھەت تەلەپ قىلىش ۋە كەسكىن ئىرادىگە كېلىشكە ئوخشاش بىر قاتار جەريانلار قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىل كەلمىگەن ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردىلا بولىدۇ. تۆۋەندە بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىمىز.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [كېيىنكىشىدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىلىرى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل كۆزقاراشلاردا بولغان. بەزى ئالىملار قۇرئان-سۈننەتتىن دەلىل كەلمىگەن ھەرقانداق بىر ئىشتا كېڭىشىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بەزىلىرى بۇنىڭ پەقەت

[1] «الديمقراطيّة دين للشيخ المقدسي» 36- بەت.

دۇنيا ئىشلىرىدىلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويغان.

داۋۇدى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ پەقەت ھۆكمى ئېنىق بولمىغان جەڭ ئىشلىرىدىلا مەسلىھەت قوبۇل قىلاتتى. كىمكى پەيغەمبەر ﷺ بارلىق ھۆكۈم ئىشلىرىدا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلاتتى دەپ ئويلىغان بولسا زور خاتالاشقان بولىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئالاقىدار بولمىغان ئىشلاردا باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە يولدا يول باشلىغۇچىنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى». باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: «گەرچە <ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن> دېگەن ئايەت ئومۇمىيلىقنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن پەرز ھۆكۈملەردە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشقىلارغا مەسلىھەت سالمىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئايەت خاسلاشتۇرۇلىدۇ»].[1]

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ ئالىملارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىدۇ: «كېڭەش قىلىشنىڭ جەڭ ئىشلىرىدا بولىدىغانلىقىدا ھېچبىر شەك-شۈبھە يوق، ئەمما شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە كېڭەش قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھۆكۈملەر الله تەرەپتىن بولغان مۇتلەق ۋەھيي بىلەن ياكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى بىلەن بېكىتىلىدۇ».[2]

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ جەڭنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلاردا ساھابىلىرى بىلەن كېڭەش قىلغان. لېكىن ئوچۇق ھۆكۈملەردە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغان ئەمەس. چۈنكى، ھۆكۈم مەيلى پەرز ياكى مۇستەھەب بولسۇن، مەكرۇھ ياكى مۇباھ ۋە ياكى ھارام

---

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 13- توم 340- بەت.

[2] «أحكام القرآن لابن العربي» 2- توم 130- بەت.

بولسۇن، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغاندۇر. ساھابىلەرگە كەلسەك، الله ئۇلارنى بىزدىن ئەۋزەل قىلىپ تاللىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈملەرنى قۇرئان-ھەدىستىن خۇلاسىلەپ چىقىشتا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشەتتى». ①

ئومۇمەن، قۇرئان، سۇننەت، ئىجمائ ياكى روشەن قىياستىن باشقا ھۆكمى ئېنىق بولمىغان جەڭ ئىشلىرى ۋە باشقا دۇنيالىق ئىشلاردىلا شۇرا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما، قۇرئان ياكى سۇننەتتىن دەلىل كەلگەن ۋە (ھۆكمى) ئېنىق بولغان ئىشلاردا ئەسلا كېڭەش قىلىنمايدۇ.

ئىبنى قۇدامە مەقدىسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھاكىم الله نىڭ كىتابىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۇننىتىدە، ئىجمادا ۋە ياكى روشەن قىياستىن ئىبارەت ھۆكمى ئېنىق بولغان مەسىلىلەردە شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىگە موھتاج بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن دېگەندە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۇننىتى بىلەن، ئەگەر تاپالمىسام ئىجتىھاد قىلىمەن> دېگەن». ②

شۇرا قىلىشنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە مەسىلىلەرنى ھېكمەتلىك يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىشتىكى رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ رولىنى بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ۋە مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ئىبنى ئەزرەق مالىكىي رەھىمەھۇللاھ كېڭەش ئۆتكۈزۈشنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

1. ئۆز ئالدىغا خاتا قارار چىقىرىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىشتىن

① «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 16- توم 37- بەت.

② «المغني لابن قدامة» 11- توم 396- بەت.

قۇتۇلۇش. «الشهاب» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىستىخارە سالغان كىشى زىيان تارتماس، مەسلىھەت سالغان كىشى پۇشايمان قىلماس».

2. توغرا ئۇسۇل-چارىلەرنى تېپىپ چىقىش. مۇنداق بىر تەمسىل بار: تۆت نەرسە بېرىلگەن كىشى تۆت نەرسىدىن مەھرۇم قالماس. ئۇنىڭ بىرى: كېڭەش ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن كىشى ھەقتىن مەھرۇم قالماس.

3. كېڭىشىش ئارقىلىق تەپەككۇر ئاشىدۇ. تەرتۇشى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «گەرچە مەسلىھەت سالغۇچى پىكرى ئۆتكۈر كىشى بولسىمۇ، مەسلىھەت گوياكى پارقىراق نەرسە ئوتنىڭ يورۇقلۇقىنى زىيادە قىلغاندەك، مەسلىھەت سالغۇچىنىڭ پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ».

4. ھەقنى تاپسا ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ، خاتالاشسا ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ.

5. مەسلىھەت سېلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان تەدبىر مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، تېخىمۇ سەلبىي نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «پادىشاھنىڭ ئىشلارنى مەسلىھەتسىز ئىجرا قىلىشى نىيەت قىلماي ئىبادەت قىلغانغا ئوخشايدۇ».

6. رەھمەت ۋە بەرىكەتكە ئېرىشىدۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹كېڭەش ئۆتكۈزۈش ۋە پىكىرلىشىش ئارقىلىق الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىلەن بىرگە بولغاندا پىكىر ھەقتىن چەتنىمەيدۇ. ئۇ ئىككىسى بار يەردە جەزمىيەت يوقالمايدۇ›.

7. ھىدايەت ۋە تەۋپىققە ئېلىپ بارىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ‹كېڭەش قىلىش ھىدايەتنىڭ بۇلىقىدۇر. ئۆز پىكرىگە قانائەتلەنگەن كىشى ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ›».[1]

كېڭەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى تولىمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر

---

[1] «بدائع السلك في طبائع الملك» 1- توم 63- ۋە 303- بەت.

اللە تائالانىڭ ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾ «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن»[1] دېگەن بۇيرۇقىغا ئاۋاز قوشۇش ۋە بۇنى ئۇممەتكە ئۆگىتىش ئۈچۈن، ساھابىلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دەك ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەت قىلىدىغان ھېچبىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَىٰ بَيْنَهُمْ﴾ <ئۇلار ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدۇ>»[2].

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ ھەسەندىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىدىن بىھاجەت كىشى بولسىمۇ، بۇنى ئۆزىدىن كېيىنكى ھاكىملارغا سۈننەت قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەمراھلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەت ئېلىپ باراتتى».[3] ئەگەر ھاكىم بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشى لازىم.

پەيغەمبەر ﷺ بىرقانچە ئورۇندا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. ئۇ بەدر غازىتى كۈنى ساھابىلەر بىلەن كېڭەش ئېلىپ بارغاندا ھۇباب ئىبنى مۇنزىرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىشلارنى مەسلىھەت بىلەن ئېلىپ بېرىشتا ئۇممەتكە ئۈلگە بولغان ئىدى. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدرگە ماڭغاندا (بەدر سۈيىگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بېرىپ ئورۇنلىشىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇننى ئالدىن ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) بەدرگە ئەڭ يېقىن سۇ مەنبەلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا چۈشكۈن قىلدى. بۇ چاغدا ھۇباب ئىبنى مۇنزىر كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە اللە نىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشتۇڭمۇ ياكى ئۆز رايىڭ بىلەن جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن چۈشتۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «الشافي في شرح مسند الشافعي» 5 ـ توم 466 ـ بەت.

«جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىم بىلەن چۈشتۈم» دېدى. ھۇباب ئىبنى مۇنزىر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە چۈشۈش مۇۋاپىق ئەمەس، بىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ بەدردىكى مۇشرىكلارغا ئەڭ يېقىن بىر سۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، بىر كۆل ياساپ سۇ تولدۇرۇۋالايلى، ئاندىن باشقا قۇدۇق ۋە كۆللەرنى تىندۇرۇۋېتەيلى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش قىلساق، بىز سۇ قىيىنچىلىقى تارتمايمىز، دۈشمەن سۇ ئىچەلمەي قىيىنىلىدۇ> دېدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ﷺ ھۇبابنىڭ دېگىنىدەك قىلدى». [1]

پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد غازىتىدىمۇ ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغان ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە قۇرەيش كاپىرلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇھۇد تېغىغا بارغان.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە ئۇرۇشقا چىقىش ياكى توختاپ تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت سالغاندا ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇرۇشقا چىقىش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدى». [2]

پەيغەمبەر ﷺ ھەۋازىن ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئومۇمىي قوشۇنغا مەسلىھەت سالغان. بەدر ئەسىرلىرى ھەققىدە خۇسۇسىي ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغان بولۇپ، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مەسلىھەتىنى بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلغان ئىدى.

ئىبنى قۇدامە مەقدىسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بەدر ئەسىرلىرى ھەققىدە ۋە خەندەك كۈنى كاپىرلار بىلەن سۈلھىلىشىش ھەققىدە ۋە بەدر كۈنى كاپىرلار بىلەن ئۇچرىشىش ھەققىدە ساھابىلىرىگە مەسلىھەت

[1] «تفسير القرآن العظيم » 4- توم 23- بەت.
[2] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 35- توم 491- بەت.

سالغان». ①

پەيغەمبەر ﷺ كۆپ ئورۇنلاردا ساھابىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە باشقا خەلىپىلەرمۇ ھەرقانداق ئىشقا ئۇچرىسا ئەتراپىدىكىلەردىن مەسلىھەت سورايتتى. بۇنىڭ مىساللىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە مۇشۇ مىقدار بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

شۇنىسى مۇھىمكى، مەسلىھەتلىشىدىغان كىشىلەر چوقۇم دىيانەتلىك، ئىلىملىك، ئىشەنچلىك، تەجرىبىلىك ۋە ئۆز ساھەسىدە تالانتلىق كىشىلەر بولۇشى كېرەك.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ دىن كېيىنكى خەلىپىلەرمۇ مۇباھ ئىشلاردا ئىشنىڭ ئاسانراقىنى قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىلىم ئەھلىلىرىگە مەسلىھەت سالاتتى». سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: «سەن مەسلىھەت سالماقچى بولغان كىشىلەر تەقۋادار، ئىشەنچلىك ۋە الله تىن قورقىدىغان كىشىلەر بولسۇن». ②

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نادان كىشىگە مەسلىھەت سېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغاچقا، ھاكىمنىڭ نادان كىشىگە مەسلىھەت سېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنداقلا ئىشەنچسىز ئالىمغا مەسلىھەت سېلىشمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ مەسلىھەت سالغان كىشىنى ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئىلىملىك ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىنىدۇ. مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلغاندا باشقىلارنى قايىل قىلغىلى ۋە پاكىت كۆرسەتكىلى بولىدۇ». ③

ياشتا كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارغا مەسلىھەت بېرىشى چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنى يېشى چوڭ-كىچىك قارىلار ۋە

① «المغني» 11- توم 396- بەت.

② «شرح صحيح البخارى» 10- توم 397- ۋە 399- بەت.

③ «الأمّ» 7- توم 100- بەت.

ئالىملار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. زۇھرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ھېچكىمنى يېشى كىچىكلەرنى مەسلىھەت بېرىشتىن توسمىسۇن. چۈنكى، ئەقىل ياشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر ئىش الله نىڭ خالىغىنى بويىچە بولىدۇ».[1]

تەرتۇشى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەقىللىق كىشىلەر باشقا مەزھەبتىكىلەرنىڭمۇ، ھەتتا كۆرۈمسىز دېدەكنىڭمۇ توغرا مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىدۇ».[2]

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىچىدە يېشى كىچىكلەر ۋە ياشانغان قارىلارمۇ بار ئىدى. ئۇ الله نىڭ كىتابىدىكى ھەرقانداق دەلىلگە باش ئېگەتتى».[3]

شەيخ ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان ئېيتقاندەك، كىمكى بىر ياكى ئىككى كىشىگە مەسلىھەت سالغان بولسا، مەسلىھەت سېلىنغان ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى بويىچە مەسلىھەتچى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئىشتا ئۇممۇ سەلەمەگىلا مەسلىھەت سېلىپ، باشقىلارغا مەسلىھەت سالمىغان. مۇشرىكلار بىلەن سۈلھىلىشىش ھەققىدە پەقەت ئىككى سەئىدكىلا مەسلىھەت سالغان. تائىفتىن قايتماقچى بولغاندا نەۋفەل ئىبنى مۇئاۋىيە دەيلەمىيگە مەسلىھەت سالغان. بۇ ھەقتە توختالساق گەپ تولىمۇ ئۇزىراپ كېتىدۇ.[4]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىن ئىش ئىگىسىنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئارىسىدىن خالىغان كىشىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنىڭ بار

---

[1] «الصحيح المسند من آثار الصحابة» 3- توم 18- بەت.

[2] «سراج الملوك» 1- توم 157- بەت.

[3] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 25- توم 80- بەت.

[4] «الدرر السنية في الأجوبة» 9- توم 46- بەت.

ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئىش ئىگىسى ھەممە ئەھۋالدا ھەممە كىشىگە مۇراجىئەت قىلماستىن، ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە مەسلىھەت سالسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش ئەھلىلىرىگە مەسلىھەت سالغانلىقى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆز ساھەسىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكىدىن بۇنىڭ مەسلىھەت ئېلىش ۋە قوبۇل قىلىشتىكى ئەڭ ئەۋزەل يول ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

شەيخ ئابدۇللەتىف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بەزىدە ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماستىن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. بەزىدە مەلۇم بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا: <سىلەر پالانى، پالانى يەرگە يېتىپ بارغاندا مېنىڭ خېتىمگە قاراڭلار ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار> دەپ خەت يازغان. ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرمىگەن ۋە بۇ ھەقتە ئۇلارغا مەسلىھەتمۇ سالمىغان».

# 13 ـ ئەسلەتمە

# ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش يوللىرى

ئى جىھادقا ئاتلانغان قېرىندىشىم! ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىشلاردا الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش ئىماننىڭ ئالامىتى ۋە تەۋھىدنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسى كۇفۇرلۇق، نىفاق ۋە زالالەتتۇر.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىشلارنى الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قايتۇرۇشنى ئىماننىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى قىلىپ بېكىتتى. الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىشنى رەت قىلىش ئىماننى رەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بىرنەرسىنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى رەت قىلىش شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى رەت قىلغانلىقتۇر».[1]

الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغان ھەرقانداق مەسىلىنى ئۆزىنىڭ كىتابىغا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھقا، ۋاپات تاپقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن چەتنەش ياكى بويۇنتاۋلىق قىلىش ھېچقانداق مۇسۇلمانغا مۇناسىپ ئەمەستۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ﴾ «سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقى) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ

[1] «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 1 ـ توم 53 ـ بەت.
[2] سۇرە شۇرا 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[1].

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ، مۇجاھىد ۋە باشقا سەلەف ئالىملىرى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ، كىشىلەر تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان ھەرقانداق بىر مەسىلىدە (مەيلى ئۇ دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى بولسۇن ياكى قوشۇمچە ئاددىي مەسىلە بولسۇن) قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىش توغرىسىدىكى الله نىڭ بۇيرۇقىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ﴾ <سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ>[2].

قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانمىغان ھەرقانداق ھۆكۈم پەقەتلا ئازغۇنلۇقتۇر. الله تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾ «ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار»[3]. بۇ ئايەت تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان ئىشتا قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلمىغان كىشىنىڭ الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان كىشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ».[4]

دېمەك، تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان ئىشلاردا الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش ئىماننىڭ ئالامىتى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى گۇمراھلىقتۇر.

تالاش ـ تارتىش قىلىنغان بارلىق ئىشلاردا قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھەرقانداق نەرسىنىڭ

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇرا 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] «تفسير القرآن العظيم» 3 ـ توم 304 ـ بەت.

ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر تالاش ـ تارتىش قىلىشىدىغان، چوڭ ـ كىچىك ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بارلىق مەسىلىلەردە اللّٰه نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدە يېتەرلىك جاۋابى بولمىغان بولسا ئىدى، مۇئمىنلەر قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇلمىغان بولاتتى. چۈنكى، تالاش ـ تارتىش قىلىشقان مەسىلىلەرنىڭ اللّٰه تائالا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان نەرسىلەردە جاۋابى چىقماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر».[1]

تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئىشلاردا اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش ـــ اللّٰه نىڭ شەرىئىتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى بىلەن پەتىۋا بېرىدىغان، شەرئى ئەھكاملاردىن يەكۈن چىقىرىش، كىتاب ۋە سۈننەتنى توغرا چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلىنغان لاياقەتلىك ئەھلى ئىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىزدە قۇرئاندىكى ۋە مۇشۇ ۋاراقچىدىكى نەرسىلەر ياكى مۇسۇلمان كىشىگە ئاتا قىلىنغان چۈشەنچە بار».[2]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللّٰه تائالا تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئىشنى اللّٰه نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇدى. كىتاب ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالىملاردىن باشقىلار بىلمىگەچكە، بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئالىملاردىن سوراپ، ئۇلارنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر».[3]

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان ئىشلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەن تۆۋەندىكى

[1] «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 1 ـ توم 52 ـ بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] «الجامع لأحكام القرآن» 5 ـ توم 260 ـ بەت.

ئىككى مىسالنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمەن.

بىرىنچى مىسال، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەيندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە <ئەبۋائ> دېگەن ئورۇندا بىر مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئېھرام باغلىغان كىشى بېشىنى يۇيسا دۇرۇس بولىدۇ> دېدى، مىسۋەر: <ئېھرام باغلىغان كىشى بېشىنى يۇيسا دۇرۇس ئەمەس> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئابباس مېنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ كەلسەم، ئۇ كىيىمنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ ئىككى قەرەننىڭ① ئوتتۇرىسىدا غۇسلى قىلىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئۇ: <سىز كىم؟> دېدى. مەن: <ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەيىن بولىمەن. ئىبنى ئابباس مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېھرام باغلىغان ھالەتتە قانداق غۇسلى قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئەۋەتتى> دېدىم. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدا كىيىمنى تارتىۋېدى، ماڭا ئۇنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئاندىن: <ئىنسان بېشىغا سۇ قۇيىدۇ، بېشىمغا سۇ قۇيۇپ كۆرسىتىپ قوياي> دېدى. ئاندىن بېشىغا سۇ قۇيۇپ، بېشىنى قولى بىلەن سىيلىدى ۋە ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئاپىرىپ ئاندىن ئارقا تەرىپىگە ياندۇرۇپ: <مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن> دېدى».②

ئىككىنچى مىسال، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئىراقتا سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى توغرا كۆرمىدىم. كېيىن بىز (دادام) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

---

① بۇنىڭدىن غالتەك ئارقىلىق سۇ تارتىدىغان قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكلەپ قويۇلغان ياغاچ مەقسەت قىلىنىدۇ ـــ تەرجىماندىن.

② «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 16 ـ توم 102 ـ بەت.

ھۇزۇرىغا يىغىلغان ۋاقىتتا، سەئىد ماڭا: ‹ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلغانلىقىمنى ئىنكار قىلغان ئىدىڭ، داداڭدىن سوراپ باققىن› دېدى. مەن دادامغا ئۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇ ماڭا: ‹ئەگەر ساڭا سەئىد بىرەر نەرسە سۆزلەپ بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلاتتى› دېدى».[①]

يۇقىرىقى ئىككى ۋەقەلىك سائادەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈلگىسىدۇر. ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ھۆكمىنى بىلىش ئۈچۈن، كىتاب-سۈننەتنى بىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە بۇ ھۆكۈملەرگە چىن قەلبىدىن رازى بولاتتى. الله تائالا ئەنە شۇ تۈنجى ئەۋلاد كىشىلەرگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇلار ھەربىر ياخشىلىقنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئىدى. الله نىڭ تەۋپىق-ھىدايىتىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ھەربىر مۇجاھىدنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆرنەك قىلىشى تولىمۇ لايىقتۇر. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشكىلى ۋە ھەققە يەتكىلى بولىدۇ.

تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، الله نىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلىۋاتقان مۇۋەھھىد مۇجاھىدلار الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا بويسۇنۇشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەردە ئادىل ۋە ئىنساپلىق ئەھلى ئىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىشى لازىم.

ئى رەببىمىنىڭ ئەپۇسىنى ئۈمىد قىلغۇچى قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىنكى، تالاش-تارتىش قىلىشىپ قالغان ئىشلارنى الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قايتۇرۇش — مۇجاھىدلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا، ئۆچ-ئاداۋەت ۋە

① «إتحاف الكرام بشرح عمدة الأحكام» 20- توم 2- بەت.

تەپرىقچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

كېيىنكى ئېيتالايمىزكى، الله نىڭ نۇرلۇق شەرىئىتى ھەرقانداق تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭدا تالاش-تارتىش قىلىشىپ قالغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ھەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. ئىش پەقەت تالاش-تارتىش قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ھەقنى كۆزلىگەن كىشى ئۇنىڭغا يېتىدۇ ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر باتىلنى مەقسەت قىلسا ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئەجىبا نادان ۋە نەپسى-خاھىشىغا قۇل بولغان كىشىدىنمۇ ئازغۇن كىشى بولامدۇ؟

تالاش-تارتىش قىلىشىپ قالغان ھەربىر كىشىنىڭ ئەھۋالى ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن قانداق بىر كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىپلا قالسام ‹ئى الله ! ئۇنىڭ قەلبىگە ۋە تىلىغا ھەقنى ئىلھام قىلغىن. ئەگەر ھەق مەندە بولسا ئۇ ماڭا ئەگىشىدۇ، ئەگەر ھەق ئۇنىڭدا بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن› دەپ دۇئا قىلاتتىم».[1]

بۇ بابتا شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئالىملارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر. بەلكى ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، مۇسۇلمان كىشىگە نىسبەتەن ئالىملارغا ئىتائەت قىلىش ئاتا-ئانىلارغا ئىتائەت قىلىشتىنمۇ بەكرەك ۋاجىبتۇر. كۆپلىگەن ئەھلى ئىلىملەر الله تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[2] دېگەن بۇ ئايىتىدىكى «ئىش ئىگىلىرى» نىڭ ئالىملار ۋە فىقھىشۇناسلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئىبنى ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ

---

[1] «رفع الملام عن الإئمة الأعلام» 1- توم 45- بەت.
[2] سۈرە نىسا 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىشىدۇر.

ئەگەر تالاش ـ تارتىش قىلىنغان بىر ئىشتا شەرئەت ھۆكمى ئاشكارا بولغان بولسا، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. بەلكى ئۇ كىشىنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش، ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسىغا ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بۇ ئىمانىنىڭ شەرتى ۋە تەۋھىدىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللّٰه تائالا تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنى اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە مۇراجىئەت قىلىشنى بۇيرۇدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ھەقنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندۇر. قانداق بىر كىشىنىڭ تالاش ـ تارتىش ئورۇنلىرىدا ھەقنى بايان قىلغانلىقى ياكى تالاش ـ تارتىشنى توختىتىشنى مەقسەت قىلىپ، اللّٰه نىڭ بىرەر ئايىتى ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرەر ھەدىسىنى ئەسلەتكەنلىكى مەلۇم بولسا، ئەنە شۇ ھەققە ئەگىشىش ۋاجىبتۇر».[①]

اللّٰه يولىدىكى ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! ئەگەر سىزگە ھەق ئاشكارا بولسا ھەققە ئەمەل قىلىڭ، سىزگە ئايان بولغىنىغا ئېسىلىڭ، سەلەپلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىگە ئەگىشىڭ. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئىمامى ــــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق كاتتا ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. اللّٰه توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە يېتەكلىگۈچىدۇر.

❖ ❖ ❖

[①] «إقامة الدليل على إبطال التحليل» 3 ـ توم 175 ـ بەت.

# 14 ـ ئەسلەتمە

## الله يولىدا ھىجرەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوا أَوْ مَاتُوا لَيَرْزُقَنَّهُمُ اللَّهُ رِزْقًا حَسَنًا وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ۞ لَيُدْخِلَنَّهُمْ مُدْخَلًا يَرْضَوْنَهُ وَإِنَّ اللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله تۇر [58]. الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [59]»[①].

مانا بۇ ئايەت الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرلار ئۈچۈن كاتتا خۇش بېشارەتتۇر. الله تائالا ئۇلارغا مەڭگۈلۈك جەننەت نېئمەتلىرىنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈشىنىڭ ھېچ پەرقى يوق.

ئىبنى جەرىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن جىھادقا چىقىپ، يۇرت ـ ماكانلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغان كىشىلەر شۇ ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسۇن، ئاخىرەت كۈنى كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە جەننەت بىلەن رىزىقلاندۇرۇلىدۇ. بۇ يەردىكى <ياخشى رىزىق> تۈگىمەس ساۋابنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ <الله ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىدۇر>»[②].

---

① سۈرە ھەج 58 ـ ۋە 59 ـ ئايەت.

② سۈرە ھەج 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ كەڭرى پەزلىنى ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ».①

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ يەردە ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن مۇھاجىرلارنى باشقا ئۆلۈكلەردىن پەزىلەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلىپ ئايرىم تىلغا ئالغان. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى شۇكى، مەدىنىدە ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋە ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد ۋاپات بولغاندا بەزى كىشىلەر <الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۆز ئەجلى بىلەن كۆرپىسىدە يېتىپ ئۆلگەنلەردىن ئەۋزەل> دېيىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى ۋە الله نىڭ ھەممىسىگە ياخشى رىزىق بېرىدىغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى».②

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، شەرئىي تېكىستلەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلسىمۇ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى بىلەن الله يولىدا ئۆز ئەجلى بىلەن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئوخشىمىغان كۆزقاراشلاردا بولغان.

بىر بۆلۈك ئالىملار الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى بىلەن ئۆز ئەجىلىدە ۋاپات بولغان كىشى پەزىلەت ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ئوخشاش دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگۈچى الله يولىدا ئۇچرىغان مۇسىبىتى بىلەن پەزىلەتتە ئارتۇق بولىدۇ.

باراۋەر دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى دەلىل، الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى: ﴿وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ

① «جامع البيان في تأويل القرآن» 18- توم 673- بەت.

② «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 12- توم 88- بەت.

ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ»[1].

ئىككىنچى دەلىل، ئۇممۇ ھەرام ئۇلىغىدىن يىقىلىپ كېتىپ ۋاپات بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ھەققىدە: «ئۇممۇ ھەرام الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قاتارىدىن» دېگەن.

ئۈچىنچى دەلىل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىيكتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من خرج من بيته مجاهدا في سبيل اللّٰه عز وجل فخر عن دابته ومات فقد وقع أجره على اللّٰه عز وجل، أو لدغته دابة فمات فقد وقع أجره على اللّٰه، أو مات حتف أنفه فقد وقع أجره على اللّٰه ومن قتل قعصا فقد استوجب المآب» «كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىش مەقسىتىدە ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇلىغىدىن يىقىلىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتسە ياكى بىرەر جانلىق چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسە ۋە ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله ئۈستىگە ئالىدۇ. كىمكى جاراھەتلىنىپ ساقىيىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتنى ئۆزىگە ۋاجىب قىلغان بولىدۇ»[2].

«الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ پەزىلىتى ئارتۇق» دېگۈچىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى جىھاد ئەڭ ئەۋزەل؟>دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «أن يعقر جوادك ويهراق دمك» «ئېتىڭ چېپىلىپ، قېنىڭ تۆكۈلگەن جىھاد» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

قېنى تۆكۈلۈپ، ئاتلىرى ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ سۈپەتلەر تېپىلمىغان كىشىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان.
[3] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [«ئەگەر سىلەر ﷲ يولىدا غازاتقا چىقىدىغان بولساڭلار سىلەرنىڭ ئۇيقۇ ۋە ئويغاق ھالىتىڭلارنىڭ ھەممىسى ئەجىردۇر. بۇنىڭغا سىزنىڭ تاماق يېيىش، ئويناش، چاقچاق قىلىش، ئۇخلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىڭىزمۇ كىرىپ كېتىدۇ. ناۋادا سىز قانداقتۇر بىرەر كېسەللىك ياكى مەلۇم پېشكەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسىڭىزمۇ، ﷲ يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولىسىز. ھەتتاكى، قېرىنداشىڭىز تەرەپتىن بىر پاي ئوق چىقىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈلسىڭىزمۇ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىڭىزگە ئوق چىقىرىپ سېلىپ ئۆلۈپ كەتسىڭىزمۇ شەھىد ھېسابلىنىسىز».

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من فصل في سبيل اللّٰه فمات أو قتل فهو شهيد أو وقصه فرسه أو بعيره أو لدغته هامة أو مات على فراشه بأي حتف شاء اللّٰه فإنه شهيد وإن له الجنة» «كىمكى ﷲ يولىدا غازاتقا چىقىپ ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، ئېتى ياكى تۆگىسى يىقىتىۋېتىپ ياكى يىلان چېقىۋېلىپ ۋە ياكى ﷲ خالىغان قايسىبىر ئۆلۈم بىلەن كۆرپىسىدە ئۆلۈپ كەتسە شەھىدتۇر، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ».[1]

ﷲ يولىدىكى مۇجاھىد قەيەردە ئۆلسە ھېچبىر پەرق يوقتۇر. مەيلى سىز قەيەردىلا ئۆلۈڭ، ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ئوخشاش ئىشتۇر. چۈنكى ئەجىر ئوخشاشتۇر، شەھىدلىك دېگەن ھامان شەھىدلىكتۇر].[2]

سەلەف ـ سالىھلار (ﷲ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ﷲ يولىدا جىھادقا چىققانلا بولسا، مەيلى ﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسۇن، قايسى ھالەتتە ﷲ قا ئۇچرىشىشقا پەرۋا قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى نەتىجە ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئاخىرەتتىكى بۇ نەتىجىنىڭ ﷲ نىڭ رازىلىقى،

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

[2] «في الجهاد فقه واجتهاد» 1 ـ توم 3 ـ بەت.

ياخشى رىزىق ۋە كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان ئېسىل تۇرالغۇلار ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

ئىبنى كەسىر ۋە قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ ساھابە فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <بەھىر> دېگەن جايدا ئىككى كىشىنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. ئىككىيلەننىڭ بىرى مەنچاناقتا شەھىد بولۇپ كەتكەن، يەنە بىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قەبرىسى يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، باشقىلار ئۇنىڭدىن: <سەن شەھىدنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرماي بۇ يەردە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟> دەپ سورىغاندا، ئۇ: <مەن (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئىككى قەبرىنىڭ قايسى بىرىدىن تىرىلدۈرۈلسەم پەرۋا قىلمايمەن. چۈنكى، الله تائالا ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوا أَوْ مَاتُوا لَيَرْزُقَنَّهُمُ اللَّهُ رِزْقًا حَسَنًا وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ ۝ لَيُدْخِلَنَّهُمْ مُدْخَلًا يَرْضَوْنَهُ وَإِنَّ اللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ ۝﴾ <الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله تۇر [58]. الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [59]>[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئى الله نىڭ بەندىسى! سەن ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئورۇنغا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشسەڭ ۋە ياخشى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنساڭ يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىنىڭ قەبرىسىدىن تىرىلدۈرۈلسەم پەرۋا قىلمايمەن> دېدى».[2]

---

[1] سۈرە ھەج 58- ۋە 59- ئايەتلەر.

[2] «تفسير القرآن العظيم» 5- توم 448- بەت.

ئى مۇھاجىر قېرىندىشىم! خۇش بىشارەت ئېلىڭكى، ئەگەر نىيىتىڭىز دۇرۇس ۋە قەلبىڭىز راستچىل بولىدىغانلا بولسا، قانداق ھالەتتە، قايسى خىل يول بىلەن ئۆلۈشىڭىزدىن قەتئىينەزەر الله ياخشى رىزىق ۋە مەڭگۈلۈك پاك تۇرالغۇ بىلەن مۇكاپاتلاشقا كېپىلدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر».[1]

❖ ❖ ❖

[1] سۈرە ئال ئىمران 157 ـ ئايەت.

# 15 ـ ئەسلەتمە

## غېرىبلارغا جەننەت بولسۇن!

ئۇممەت بۈگۈنكى كۈندە پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى غېرىبلىقنى ئاۋۋالقىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر ۋە پاجىئەلىك بولۇشى بىلەن پەرقلىنىۋاتىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ دەۋرىنى مۇنداق سۈپەتلىگەنىدى: «ئىسلام بۈگۈنكى كۈندە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ياشىغان دەۋردىكىدىنمۇ بەك غېرىبلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. گەرچە ئىسلامنىڭ شوئار ۋە بەلگىلىرى ھېچكىمگە ناتونۇش بولمىسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي ئىسلام ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمانلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ غېرىب كىشىلەر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ».[1]

ئىسلام ھەممە كىشىنىڭ چەتكە قېقىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچسىز ھالەتتە بوزەك قىلىنىشى بىلەن ئىنتايىن غېرىب باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىككە ئىگە بولالمايتتى، ھېچبىر ياردەمچى ۋە مەدەتكارى يوق ئىدى. قارشى كۈچلەر ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلالايتتى.

سۇيۇتى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام غېرىب ھالەتتە ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەن باشلىنىپ ئەتراپقا تارقالغان ۋە گۈللەنگەن، شۇنداقلا يەنە پات ئارىدا باشلانغان ھالىتىگە قايتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلامغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئازساندا قېلىپ قالىدۇ».[2]

مانا بۈگۈن دەۋر چاقى ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ دەسلەپكى باشلانغان ۋاقىتلىرىغا ئوخشاش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، سۈرگۈن

---

[1] «مدارج السالكين لابن قيم الجوزية» 3ـ توم 198ـ بەت.

[2] «الديباج للسيوطي» 2ـ توم 55ـ بەت.

قىلىندى، ھەتتا ئۆزىنى «ھەق ئۈستىدە» دەپ دەۋا قىلىۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىن قارىلاندى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. پەيغەمبەرﷺ نىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر ئىنتايىن ئازىيىپ، ئىتائەت قىلغۇچى ۋە دوست تۇتقۇچىلاردىن ئاسىي بولغۇچى ۋە دۈشمەن تۇتقۇچىلار، ياردەم بەرگۈچىلەردىن ياردەمسىز قالدۇرغۇچىلار كۆپىيىپ كەتتى، يېقىن-يۇرۇقلىرى زۇلۇم قىلىپ، يىراقتىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشتى. دېمەك، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭدىن يىراقلا يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ ھالى تۇنجى ئەۋلاد ھۆرمەتلىك ساھابىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىقى ئىشلار (الله خالىسا) ئۇنىڭغا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. مانا بۇ دەۋەت ساھىبلىرىنىڭ خاراكتېرىدۇر.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ غېرىب مۇسۇلمانلار الله نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىدۇر. چۈنكى، ئۇلار الله تىن باشقىسىغا ئىلتىجا قىلمىغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەنھەجىگە چىڭ ئېسىلغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەقتىن باشقا نەرسىگە چاقىرمىغانلاردۇر. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ياردەملىرىگە موھتاج تۇرۇپمۇ دىنى سەۋەبلىك ئۇلاردىن ۋاز كەچتى. قىيامەت كۈنى باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن بىرگە كەتسە، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارغا: <كىشىلەر كەتكەن يەرگە كەتمەمسىلەر؟> دېيىلگەندە، ئۇلار: <بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئايرىلغان ئىدۇق، بۈگۈن بىز دۇنيا ھاياتىدا ئىبادەت قىلغان رەببىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز> دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا كىشىلەر يېتىم قالدۇرغان ۋاقىتتىكى غېرىبسىنىش تۇيغۇلىرىنى بىر قېتىم باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، بۇ غېرىبلىق ئۇلارغا نىسبەتەن يات تۇيۇلمايدۇ».①

ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگەن بۇ غېرىبلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى ئۇ ھەقتە كەڭرى توختالغان

① «مدارج السالكين» 3- توم 197- بەت.

ۋە نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغان.

ئۇلار يىراق قەبىلىلەردىن توپلاشقان، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى ئەھيا قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دىنىنى ئېلىپ قاچقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلار ئەگىشىدىغانلاردىن كۆپتۇر. بۇلار جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىق قاپلىغان، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرى تاشلىنىپ قېلىۋاتقان ۋە ھەقىقەت ئىگىلىرى خارلىنىپ، جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پەيتلەردە قاراڭغۇ تۈندىكى نۇرلۇق مەشئەلدەك ئاشكارا بولۇپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا توپلىنىشىدۇ.

مانا بۇ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ غېرىب كىشىلەر مۇجاھىدلار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە مۇكەممەل ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ۋەتەنلىرىدىكى پاراۋان تۇرمۇشلىرى ۋە دوست-يارەنلىرىدىن ئايرىلغان، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتالىرىنى دەپ ئۆز ئەقىدىلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن كىشىلەردۇر. الله تائالانىڭ: ﴿وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ۝ وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ۝ فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ۝﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ [146]. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: <پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن> دېگەندىن باشقا بولمىدى [147]. الله ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، الله ياخشىلىق

قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ[148]»[1] دېگەن بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە مەلھەم ۋە ئارزۇلىرىغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

ئى الله يولىدىكى مۇجاھىد قېرىندىشىم! يولىڭىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان قارشىلىقلارنىڭ كۆپ بولۇشى، قوللىغۇچىلارنىڭ ئاز بولۇشى ياكى تېپىلماسلىقى سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىسۇن. يېرىم يولدا تاشلاپ قويىدىغان بوشاڭ ھەمراھلار ئىرادىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ قويمىسۇن. ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئەھلى سۈننەت ئاز ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ھەم ئاز بولىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ نازۇنېئمەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن بىرگە بولمىغان، بىدئەتچىلەر بىلەنمۇ بىرگە ماڭمىغان ۋە رەببىگە ئۇچراشقانغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ يولىدا ساباتلىق بولغان كىشىلەردۇر، سىلەر شۇلار بىلەن بىر سەپتە بولۇڭلار».[2]

الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ جىھادقا ئاتلانغان ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! پەيغەمبەر ﷺ جەننەتتىن بېشارەت بەرگەن بۇ غېرىبلىقىڭىزدىن قايغۇرماڭ، بەلكى بۇ غېرىبلىقىڭىزدىن خۇرسەن بولۇڭكى، كۆڭلىڭىز ئارام تاپسۇن، خۇشال-خۇراملىق بىلەن الله قا يۈزلىنىڭ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەرگىزمۇ دىن غېرىبلاشسا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ يامانلىقتا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسىدە <غېرىبلارغا جەننەت بولسۇن!> دەپ خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئەڭ بەختلىك ئىنسانلاردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ طُوبَىٰ لَهُمْ وَحُسْنُ مَآبٍ**﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىقتا، گۈزەل

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 146-، 147- ۋە 148- ئايەتلەر.

[2] «إغاثة اللهفان من مصائد الشيطان» 1- توم 71- بەت.

قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ»[1]. دېمەك، ئۇ كىشى دىن غېرىب بولغاندا پەيغەمبەر ﷺ گە تۇنجى بولۇپ ئەگەشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. غېرىبلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. ئاخىرەتتە ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا، مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەردۇر».[2]

بۇ يولدىكى جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە سەپتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيۈسلەنمەڭكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى سىزنى ھىدايەتكە يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق چىراغ، ھاياتلىق سەپىرىڭىزدىكى روھىي ئوزۇق بولسۇن.

ئۇتبە ئىبنى غەزۋاندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «إن من ورائكم أيام الصبر، المتمسك فيهن يومئذ بمثل ما أنتم عليه له كأجر خمسين منكم» «سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا (تائەت-ئىبادەتتە) چىڭ تۇرغان كىشىگە سىلەردىن شۇ ئەمەلنى قىلغان 50 كىشىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، ئۇلاردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «لا، بل منكم» «ياق، بەلكى سىلەردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ» دېدى. ساھابىلەر يەنە: «ئۇلاردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «لا، بل منكم» «ياق، بەلكى سىلەردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ»، دېدى.[3]

ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! ئۈستىڭىزدىكى مانا بۇ غېرىبلىق لىباسى الله سىزگە ئاتا قىلغان ئالىي مەرتىۋە ۋە شان-شەرەپنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاخىرەتتە سىزنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ئەجىر-ساۋابلار تولىمۇ كاتتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئالدىڭىزغا قاراڭ، الله تىن ياردەم سوراڭ، قەتئىي ئاجىزلىق قىلماڭ، پىتنىخور ۋە مالامەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماڭ. كىشىلەرنىڭ

---

[1] سۈرە رەئد 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «مجموع الفتاوى» 18- توم 292- بەت.

[3] ئىبنى ھىببان ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ھىدايەت تېپىشىغا ھەرقانچە ھېرىسمەن بولسىڭىزمۇ، كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ غېرىبلىق ھالەتلىرىڭىزدە ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەڭ: «اللە تائالانىڭ روشەن ئايەتلىرىدىن قەلبى تەسكىن تاپقان، شەرىئەت ئىلىملىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن، ھەق ۋە ناھەقنى ئايرىيالايدىغان قەلبى ئويغاق مۇئمىن كىشى ئەگەر ھەق يولدا ماڭماقچى بولسا، بىر قىسىم جاھىل ۋە بىدئەتچى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى ۋە مالامەتلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ، تارىختىن بۇيان تەكرارلىنىۋاتقان ھادىسە بولۇپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ مۇ دەل شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەق دەۋىتىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرخىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلايتتى ۋە تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ چىقاتتى».[1]

❖ ❖ ❖

[1] «مدارج السالكين لابن قيم الجوزية» 3 ـ توم 189 ـ بەت.

# 16 ـ ئەسلەتمە

## باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش

باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ــ ھەرقانداق بىر كىشىدە بولمىسا بولمايدىغان، مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى سىلە-رەھىمنى ئۇلايدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چىقىشىپ ئۆتۈش دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇئامىلە ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا «باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ھەققىدە» دەپ بىر باب تۈزگەن ۋە ئۇنىڭدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى كەلتۈرگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ائذنوا له، فبئس ابن العشيرة> <ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىڭلار، بۇ تولىمۇ ناچار ئادەم!> دېدى. لېكىن ئۇ ئادەم كىرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ناھايىتى خۇشچىراي كۈتۈۋېلىپ، قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! باياتىن بىر گەپ قىلغان ئىدىڭ، كىرگەندىن كېيىن ئۇنى خۇش پېئىل كۈتۈۋالدىڭغۇ؟> دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: <أي عائشة، إن شر الناس منزلة عند الله من تركه-أو ودعه الناس اتقاء فحشه> <ئى ئائىشە! خۇيىنىڭ ئەسكىلىكى تۈپەيلىدىن باشقىلار ئارىغا ئالمىغان كىشى الله نىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ناچار كىشىدۇر> دەپ جاۋاب بەردى».[1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [بۇ ھەدىس باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياشاشتىكى ئاساسىي پرىنسىپتۇر. ئىمام نەۋەۋى

[1] بۇخارى توپلىغان.

رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «سەھىھ مۇسلىم»غا يازغان شەرھىسىدە بۇ ھەدىسنىڭ، يامانلىقىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە ناچار قىلمىشلىرى بىلەن تونۇلغان پاسىق كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن (شەرىئەتتە چەكلەنگەن ياغلىمىچىلىق قىلىشقا بېرىپ قالمىغان ئاساستا) ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى بايان قىلىنغان>»]. ①

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ چىقىشىپ ئۆتۈشنى «مۇئمىنلەرنىڭ بىر تۈرلۈك ئەخلاقى» دەپ تونۇشتۇرغان. كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇش، يۇمشاق سۆز قىلىش، قوپاللىقتىن ساقلىنىش ــ چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «چىقىشىپ ئۆتۈش دېگىنىمىز، بىلىمسىزگە ئىلىم ئۆگىتىش بولسۇن ياكى يامانلىقتىن توسۇشتا بولسۇن، ھەرقانداق شارائىتلاردا كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى يۈزىگە سالماستىن يۇمشاق سۆز قىلىش ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ». ②

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، چىقىشىپ ئۆتۈش دىندا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئەمەل بولۇپ، ئۇ بەزىدە مۇستەھەب بولىدۇ. ئۇ دىندا يامانلىقلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولمىسىلا، ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە قىزىقتۇرۇلىدىغان ئەخلاقتۇر.

كۆپىنچە كىشىلەر چىقىشىپ ئۆتۈش بىلەن خۇشامەتچىلىكنى پەرقلەندۈرەلمەستىن، دىندا چەكلەنگەن خۇشامەتچىلىكنى چىقىشىپ ئۆتۈش دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىش ئۇنداق ئەمەستۇر. خۇشامەتچىلىك

---

① «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 10 ـ توم 454 ـ بەت.

② «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 10 ـ توم 528 ـ بەت.

قىلىش ئەرەب تىلىدا «الدهان» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نىقاب ۋە پەرداز بويۇملىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالىملار خۇشامەتچىلىكنى «پاسىق كىشىنىڭ ناچار قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلماستىن، ئۇنىڭغا رازى بولۇپ بىرگە ياشاش ياكى دۇنيانى ياخشىلاش نىيىتىدە دىندا مۇرەسسە قىلىش» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئەمما، چىقىشىپ ئۆتۈشكە كەلسەك، ئۇ — نادان كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكەندە، پاسىق كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسقاندا، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى يۈزىگە سالماستىن، يۇمشاق سۆز قىلىش ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشتۇر. ياكى، ئۇ — دىن ۋە دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن دۇنيانى سەرپ قىلىشتۇر.

شۇنى بىلىش كېرەككى، چىقىشىپ ئۆتۈش دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ ساختىپەزلىك قىلىش بولماستىن، بەلكى سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە سىلىق-سىپايە، مۇلايىم بولۇش، ھەمىشە خۇشچىراي ۋە قىزغىن بولۇش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئەدەبسىز ئەئرابىلار ۋە گەپ-سۆزلىرى قوپال مۇناپىقلار بىلەنمۇ چىقىشىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشتە ھەممىگە ئۈلگە بولغان ئىدى.

مەناۋى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر ساھابىسى يەھۇدىيلار توپلىشىپ ياشىغان بىر جايدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندە پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى بىر تال تۆگىگە موھتاج تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن يۈز تۆگە تۆلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ھېچبىر تاماقنى ئەيىبلىمەيتتى، خىزمەتچىنى دۇشكەللىمەيتتى ۋە ئايال كىشىنى ئۇرمايتتى. مانا بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەقەدەر

چىقىشقاقكىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز».[1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان چىقىشىپ ئۆتۈشىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپىدۇر. ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «<ئەلۋەتتە بىز بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە تەبەسسۇم قىلىمىز، ھالبۇكى قەلبلىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ئېيتىدۇ> دېگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزى هارام قىلىنغان سۆز ۋە قىلىقلارنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈن تەبەسسۇم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ>».[2]

سۇفيان سەۋرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «تەقىيە قىلىش كىشىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئەمەس، بەلكى تىلىدا ئىپادىلىنىدۇ». ئەۋفى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «تەقىيە قىلىش پەقەت كىشىنىڭ تىلىدا بولىدۇ. ئەبۇ ئالىيە، ئەبۇ شەئسا، زەھھاك ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەسمۇ شۇنداق دېگەن».[3]

مۇجاھىدلار الله يولىدىكى دەۋەت ۋە جىھادلىرىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مانا بۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر. چۈنكى، بۇ سۈننەت ئارقىلىق يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ھەقىقەتكە مايىل قىلغىلى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىدىغان كىشىلەر ئاز

---

[1] «التيسير بشرح الجامع الصغير» 2 ـ توم 375 ـ بەت.

[2] «الآداب الشرعية والمنح المرعية» 1 ـ توم 50 ـ بەت.

[3] «تفسير القرآن العظيم» 2 ـ توم 30 ـ بەت.

بولغان زاماندا كىشىلەرنى ھىدايەتكە ئۈندىگىلى بولىدۇ.

الله يولىدىكى مۇجاھىد جىھاد ئېھتىياجى ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن ۋاقىتلىق چىقىشىپ ئۆتۈش بىلەن كاپىرلارغا خۇشامەت قىلىش، ئۇلاردىكى شېرىك ۋە كۇفرىغا رازى بولۇشنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ سەپەر قىلىش، جىھادىي ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە بىرەر جايغا يۆتكىلىشكە ئوخشاش مۇجاھىدلار داۋاملىق موھتاج بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق دىن دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرى ۋە ئەزىيەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ.

ئالۇسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر قىسىم كىشىلەر كاپىر، پاسىق ۋە زالىملارنىڭ تىلى ۋە قولى ئارقىلىق ئۇچرايدىغان ئەزىيەتلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا يۇمشاق سۆز قىلىش، تەبەسسۇم قىلىپ قويۇش ۋە بىرنەرسە بېرىشنى تەقىيە قىلىش دەپ ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە يوللۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ چەكلەنگەن دوست تۇتۇش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ». ①

شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى «الرسالة الثلاثية» ناملىق كىتابىدا الله نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقارغان كىشىلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بەزى كىشىلەرنىڭ الله نىڭ دىنىدا كۇفۇرلۇق ھېسابلانمىغان ئىشلاردىمۇ ئۆزلىرىگە قارشى يول تۇتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىدئەتچى ۋە كاپىرغا چىقارغانلىقىنى كۆردۈم. ھالبۇكى، ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىسى شەرىئەتتە يوللۇق بولغان، ھەتتاكى ياخشى كۆرۈلىدىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ كەمتۈك ئەقىللىرى سىغدۇرالمىغان ئىشلاردۇر. دېمەك، ئۇلار كاپىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان،

---

① «روح المعاني في تفسير القرآن العظيم والسبع المثاني» 2- توم 480- بەت.

بىر سورۇندا ئولتۇرغان ۋە ئۇلارغا خۇشچىراي مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقاردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، چاقچاق قىلىشقان ۋە ئۇلارغا يېقىنچىلىق ئىزھار قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىردۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى ۋە پەرقلىرىنى ئايرىماستىن قارىقويۇق كاپىرغا چىقىرىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. دەۋەت ئېھتىياجى تۇپەيلى كاپىرلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇش، قوشنا بولۇش، يۇمشاق سۆز قىلىش، گۈزەل ئۇسلۇبتا مۇنازىرىلىشىش، چىرايلىق نەسىھەت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار شەرىئەتتە يوللۇق بولغان ئىشلاردۇر. بىز ئىلگىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاغرىپ قالغان بىر يەھۇدىي خىزمەتچىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقى، ئاندىن ئۇ خىزمەتچىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى بايان قىلغان ئىدۇق. دېمەككى، مۇسۇلمان كىشى كاپىرنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىپ كېسىلىنى يوقلىسا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ياخشىلىقلارنى قىلسا بولىدۇ».[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ئۇلارغا خۇشچىراي تەبەسسۇم قىلىشقا ئوخشاش، بەزى كىشىلەر كەسكىن رەت قىلىۋاتقان، ھەتتا بەزىلىرى بۇنى تۇتقا قىلىپ كاپىرغا چىقىرىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىدە ھارامغا رازى بولۇش يۈز بەرمىسىلا، ئۇنى ھارام دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. گەرچە بىز دەۋەت قىلىش ۋە دىنغا مايىل قىلىش ئېھتىياجىدىن باشقا ئىشلاردا ئۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمىساقمۇ، ئۇنى ھارام دەيدىغانغا يېتەرلىك دەلىل تاپالمايمىز. ئەنە شۇ تەنتەك كىشىلەر ئۆزلىرىگە قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەر، ساقچىلار ۋە باشقا كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلەرنى

[1] «الرسالة الثلاثينية» 275- بەت.

نادانلارچە كاپىرغا چىقاردى. ئۇلار مانا بۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق توغرا يولدىن ئاداشتى ۋە دىندا چەكتىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاپىرلار بىلەن چىقىشىپ ياشىغۇچىلارنى بىدئەتچى، خۇشامەتچى ۋە كاپىرغا مايىل دەپ قارىلاش بىلەن كۇپايىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار باشقىلارغا ھۆكۈم بېرىشتىكى چەكلەپ قويغۇچى ئامىللارنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. گەرچە بىز دەۋەتىمىزنى ئاشكارىلاش، شېرىك ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىمىزنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى مەكرۇھ دەپ قارىساقمۇ، بۇ ھەقتە ئوچۇق تېكىست كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھارام دەپ ئېيتالمايمىز. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ: «زىممىي كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان». ئۇنىڭچە بولغاندا ئەھدە تۈزۈلمىگەن كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەكرۇھ دەپ قارىلىشقا تېخىمۇ لايىقتۇر. بەلكى كاپىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىدۇر، خالاس. بىز ئىلگىرى «يامانلىققا ۋاستە بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن نەرسە، مەنپەئەت ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن فىقھى قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. شۇڭا بىز دەۋەتلىرىمىزدىكى قەلبنى مايىل قىلىش ياكى پاساتچىلىقنى يوقىتىش قاتارلىق مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن (كاپىرلار بىلەن) قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى چەكلىمەيمىز. مۇسۇلمان كىشى بۇ ئىشلارنى ئۆز ئورنىدا مۆلچەرلەپ مۇئامىلە قىلسا بولىدۇ». [1]

ئۆز ئاخىرەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلگۈچى ھەربىر مۇجاھىد ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەشكە، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ۋەقە-ھادىسىلەرگە مۇۋاپىق تەتبىقلاشقا، كىشىلەر بىلەن شەرئىي قائىدىلەر ئاساسىدا چىقىشىپ ياشاشقا

[1] «الرسالة الثلاثينية» 276- بەت.

ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن ھەربىر كىشى پەيغەمبىرىمىز ﷺ نىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ياخشى ئۆلگە قىلىشى زۆرۈر. الله بارچە ياخشىلىقلارغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر ۋە ئەڭ ياخشى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر.

# 17 ـ ئەسلەتمە

## مۇنازىرىنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرى

دىنىمىزدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاجىب بولغان نۇرغۇنلىغان شەرئىي قائىدىلىرى بار بولۇپ، مۇجاھىد ئىلاھىي يولىيورۇقلارنى ئىجرا قىلىدىغان مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغاچقا، ئەنە شۇ شەرئىي قائىدىلەر ھەربىر مۇجاھىدنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەكس ئېتىشى ۋە ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىش ۋە كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىش تولىمۇ ناچار قىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرى تولىمۇ ئېغىردۇر.

بىز ئىلگىرى تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئىشلارنىڭ الله نىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە شەرئىي ھۆكۈملەرنى توغرا چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە پەزىلەتلىك ئىلىم ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدۇق. مەن بۇ ئەسلەتمىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن ئەھۋالدا ئىختىلاپلاشقۇچى تەرەپلەر دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان ئەدەب ـ قائىدىلەر ھەققىدە توختىلىمەن.

ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىختىلاپ قىلىش شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىش بولۇپ، جانابىي الله تىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىختىلاپلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى سورايمىز.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر «ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەت» دېگەن يالغان ھەدىسنى پەيغەمبەر ﷺ گە نىسبەت بېرىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ پەيغەمبەر ﷺ نامىدىن توقۇلغان يالغان ھەدىستۇر. ئەلبانى بۇ ھەدىسنى: «ئۇ ئاساسسىز،

تولۇقلىما ھەدىس» دېگەن بولسا، ھاپىز ئىراقى: «مۇرسەل، زەئىپ ھەدىس» دېگەن.

سۇبكى مۇنداق دېگەن: «بۇ، ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ نەزىرىدە تونۇلمىغان ھەدىس. مەن بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ياكى زەئىپ ۋە ياكى مەۋزۇ سەنەدىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن».

ئەمما، مېنىڭ بۇ يەردە ئەسلىتىپ ئۆتمەكچى بولغىنىم ئىجتىھادلىق مەسىلىلەر ۋە ئىختىلاپ قىلىش دۇرۇس بولىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇپ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيە سەۋىيىسى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا ھەربىر كىشىنىڭ مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە ئەمەل قىلىش ئۇسلۇبلىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىختىلاپقا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەب ـ قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى، اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىق**

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىلىملىرىم ئارقىلىق نام چىقىرىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر بىرەر كىشى بىلەن مۇنازىرىلەشسەم ئۇنى يېڭىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەقنىڭ ئايان بولۇشى، ھىدايەت ۋە توغرا يولغا تەۋپىق قىلىنىشىنى، شۇنداقلا ھەققە ياردىمى تېگىشىنى ياخشى كۆرىمەن».[1]

ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى جامائەت! ئىلىمىڭلار ئارقىلىق اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى كەمتەر تۇتۇپ ئولتۇرغان سورۇندىن ھۆرمەتكە ئېرىشىپ قايتتىم؛ يۈز ـ ئابرۇيغا

[1] «بستان العارفين» 1 ـ توم 30 ـ بەت.

ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئولتۇرغان سورۇندىن رەسۋا بولۇپ چىقىپ كەتتىم». [1]

**ئىككىنچى، سۆزدە مۇلايىم بولۇش**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا﴾ «كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار»[2]. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [بۇنىڭ ھەممىسى ئېسىل ئەخلاقلارغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا مۇلايىم ۋە خۇشچىراي بولۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ خۇشامەتچىلىك قىلماسلىق ۋە قارشى تەرەپنىڭ گۇناھلىرىغا رازىمەنلىك ئىپادىسى شەكىللەندۈرۈپ قويماسلىقى لازىم. الله تائالا مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا ﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا﴾ «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار»[3] دېگەن. دېمەك، نەسىھەت قىلماقچى بولغان كىشى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملاردىن ئەۋزەل بولمىغىنىدەك، پاسىق كىشىمۇ پىرئەۋندىنمۇ نىجىس ئەمەستۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، الله تائالا ئۇ ئىككىيلەننى پىرئەۋنگە يۇمشاق سۆز قىلىشقا بۇيرۇغان.

تەلھە ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: مەن ئەتاغا: «سېنىڭ يېنىڭغا ھەرخىل مىجەزدىكى كىشىلەر يىغىلىدىكەن، مەن بولسام ئېغىزى ئىتتىك ئادەممەن، گاھىدا ئۇلارغا قوپال سۆزلەرنى قىلىپ قويىمەن» دېۋىدىم، ئۇ ماڭا: «قەتئىي ئۇنداق قىلمىغىن. الله تائالا ﴿وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا﴾ <ئۇلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار>[4] دېگەن ئەمەسمۇ! دېدى»]. [5]

**ئۈچىنچى، گۇماندىن ساقلىنىش ۋە ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاش**

مۇھەللەب مۇنداق دېگەن: [الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ بىر-بىرىگە ياخشى

[1] «بستان العارفين» 1- توم 30- بەت.
[2] سۈرە بەقەرە 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 2- توم 16- بەت.

ئويدا بولۇشىنى ۋاجىب قىلدى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنْفُسِهِمْ خَيْرًا﴾ «بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟»[①]. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنىڭ بىر-بىرىگە يامان گۇمان قىلىشىنى <ئوچۇق بوھتان> دەپ ھېسابلىغان. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارغا ياخشى گۇماندا بولۇش ساداقەت ھېسابلىنىدۇ. اللّٰه توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر».][②]

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەردىن بەزى قېرىنداشلىرىم[③] ماڭا مۇنداق خەت يازدى: <قېرىندىشىڭنىڭ ئىشىغا قارىتا روشەن پاكىت بولمىسىلا ئۇنىڭدىن ياخشى گۇمان قىلغىن. مۇسۇلمان كىشى توغرىسىدا بىرەر سۆز ئاڭلىساڭ، ئۇنى ياخشى تەرەپكە بۇراش ئىمكانىيىتى بولسىلا يامان تەرەپكە بۇراپ يورمىگىن».

**تۆتىنچى، مۇنازىرىلەشكەندە ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك**

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ﴾ «ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن»[④]. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن، ئەگەر ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، مۇۋاپىق رەۋىشتە كۆتۈرگىن. تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلىش كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسى بولسا، زۆرۈرىيەتسىز يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش ياسالمىلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇ باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان قىلىقتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى زورلاپ يۇقىرى ئاۋازدا ئەزان ئوقۇغان مۇئەززىنگە: <مەن كانىيىڭنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم>

---

① سۈرە نۇر 12- ئايەت.

② «شرح صحيح البخارى» 9- توم 261- بەت.

③ بۇ يەردىكى «قېرىنداشلىرىم» ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرسىتىدۇ.

④ سۈرە لوقمان 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن. مۇئەززىن بولسا ئەبۇ مەھزۇرە سەمۇرە ئىبنى مەئەييىر ئىدى». [1]

ئۇستاز ئەتىيەتۇللاھ لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «زوراۋرىيەتسىز يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش ئەيىب سانىلىدىغان ئىش بولۇپ، ئاۋازنى پەقەت سورۇنداشلار ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە كۆتۈرۈش — مۇنازىرە سورۇنلىرىنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسىدۇر».

تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەش ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ۋە تەبىئەتلىرىگە ماس كېلىدىغان، ئومۇمىي شەرئىي ئەدەبلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە زوراۋرىيەتسىز يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئۆزئارا ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ ياكى مۇنازىرىلەشكۈچىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. اللە نىڭ ﴿وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ﴾ «ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر» [2] دېگەن سۆزى ۋە شۇ مەزمۇندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن، زوراۋرىيەتسىز يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش ئەيىبلىنىدىغان قىلىقتۇر.

**بەشىنچى، مەيلى ئىككى ئەۋزەلنىڭ قايسىسىنى تاللاشقا ئوخشاش ئىختىلاپى تەنەۋۋۇ [3] ھەققىدىكى مۇنازىرە بولسۇن ياكى مۇتلەق قارىمۇقارشىنىڭ قايسىسىنى تاللاشقا ئوخشاش ئىختىلاپى تەزاد[4] ھەققىدىكى مۇنازىرىدە بولسۇن، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مۇنازىرىلەردە ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە يول قويۇشۇش**

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللَّهِ

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن» 14 ـ توم 70 ـ بەت.

[2] سۇرە لوقمان 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىككى ئىختىلاپلاشقۇچىنىڭ بىرى بىر تۈردىكى ئەمەلنى مۇنداق قىلىش ئەۋزەل دېسە، يەنە بىرى مۇنداق قىلىش ئەۋزەل دېگەن مۇنازىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[4] ئىككى ئىختىلاپلاشقۇچىنىڭ ھەربىرىنىڭ كۆزقارىشى يەنە بىرىگە تۈپتىن قارشى بولغان ئىختىلاپنى كۆرسىتىدۇ.

﴿وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ﴾ «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (الله نىڭ رۇخسەت قىلىشى) الله نىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر»①.

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇجاھىد ۋە قەتادىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ خورمىلىرىنى كېسىش ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىپ، بىر تۈركۈملىرى كەستى، يەنە بىر تۈركۈملىرى كەسمىدى. كېيىن كېسىشتىن چەكلىگەنلەرنىمۇ تەستىق قىلىپ، كەسكەنلەرنى گۇناھتىن ئاقلاپ، كېسىش-كەسمەسلىك پەقەت الله نىڭ ئىزنى بىلەن بولغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئەۋزەلنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدىكى تالاش-تارتىشتا مۇنازىرىلەشكۈچى ھەر ئىككى تەرەپ ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆز پىكرىنى قارشى تەرەپكە تېڭىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقلەرگە تاجاۋۇز قىلىش يۈز بەرمىگەن بۇنداق مۇنازىرىنىڭ شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ﴿مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ﴾ ‹(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (الله نىڭ رۇخسەت قىلىشى) الله نىڭ ئىتائەتتىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر›②. ساھابە-ئىكراملار بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى

① سۈرە ھەشر 5- ئايەت.
② سۈرە ھەشر 5- ئايەت.

مۇھاسىرىگە ئالغان ۋاقىتتا دەل-دەرەخ ۋە خورمىلارنى كېسىشتە تالاش-تارتىش قىلىپ قالغان ۋە بىر تۈركۈملىرى كەسكەن، يەنە بىر تۈركۈملىرى كەسمىگەن ئىدى. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ: ﴿**وَدَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ إِذْ يَحْكُمَانِ فِي الْحَرْثِ إِذْ نَفَشَتْ فِيهِ غَنَمُ الْقَوْمِ وَكُنَّا لِحُكْمِهِمْ شَاهِدِينَ۞ فَفَهَّمْنَاهَا سُلَيْمَانَ وَكُلًّا آتَيْنَا حُكْمًا وَعِلْمًا**﴾ ‹داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى[1]. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىت ئىدۇق [78]. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ھېكمەتنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق›[2]. دېمەك، الله ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىلىم-ھېكمەت بېرىلگەن دەپ ماختىغان».[3]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرئان قىرائەتلىرى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشقان ئىككى ساھابىگە: ‹ھەر ئىككىڭلار ياخشىلىق ئۈستىدە› دېگەن ئىدى. ئەزان، تەكبىر، باشلاش دۇئاسى، تەشەھھۇدنىڭ سۈپىتى، قورقۇنچ نامىزى، ھېيت تەكبىرلىرى، جىنازا نامىزىنىڭ تەكبىرلىرى ۋە باشقا شەرىئەت بەلگىلىگەن ئىشلار ئىككى ئەۋزەلنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدىكى مۇنازىرىگە تەۋەدۇر».[4]

---

[1] بىر ئادەمنىڭ قويلىرى كېچىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ زىرائىتىنى پۈتۈنلەي يەپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ بەدىلىگە قوينى زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مەسىلىگە باشقىچىرەك قاراپ، قوي ئىگىسى زىرائەتنى قايتا تېرىپ بۇرۇنقىدەك ئۆستۈرۈپ بەرگەنگە قەدەر قوينىڭ زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشىنى، ئۇنىڭغىچە زىرائەت ئىگىسىنىڭ قوينىڭ يۇڭى، تېرىسى ۋە تۆلىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىنى ئېيتىدۇ.

[2] سۈرە ئەنبىيا 78- ئايەت ۋە 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «اقتضاء الصراط المستقيم» 1- توم 151- ۋە 152- بەت.

[4] «اقتضاء الصراط المستقيم» 1- توم 149- بەت.

شەيخۇلئىسلام ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، سەلەف ـ سالىھلار كۆزقاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزئارا مەسلىھەت ۋە نەسىھەت ئۇسلۇبىدا مۇنازىرە ئېلىپ باراتتى. مۇنازىرە جەريانى باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە يول قويۇشنى ئاساس قىلاتتى. بىر ـ بىرىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ۋە دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىناتتى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەلەف ـ سالىھلار بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشسە دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ئۆزئارا ھۆرمىتىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ھازىر ناۋادا ئىككى مۇسۇلمان بىرەر مەسىلە ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالىدىغان بولسا، بىر ـ بىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلار ئارىسىدا قېرىنداشلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ».[1]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 100 دىن ئارتۇق مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش ۋە سەمىمىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قىلچە سۇسلاپ قالمىغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە «ئۇ ئىلىم توشقۇزۇلغان بىر كۈپتۇر، مەن ئۇنى قادىسىيە خەلقىگە (ۋالىي ياكى ھاكىم بولۇشقا) تاللىدىم» دېگەنىدى.[2]

زەيد ئىبنى ۋەھبىتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇرۇۋاتاتتىم. توساتتىن ئىبنى

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن» 14 ـ توم 70 ـ بەت.

[2] «الجامع لأحكام القرآن» 14 ـ توم 70 ـ بەت.

مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بويى پاكار بولغاچقا سورۇندىكىلەر ئىچىدە كۆرۈنمەيلا قالدى. ئۆمەر بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە سۆز قىلدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر ئۇنىڭغا تاكى كۆزدىن غايىب بولغۇچە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى». ①

زەيد ئىبنى ۋەھىب مۇنداق دېگەن: «بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدۇق. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تىلغا ئېلىپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا كۆپ يىغلىغىنىدىن تاشلارمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ‹ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا كىرەلەيدىغان، لېكىن ئۇنىڭدىن چىقالمايدىغان ئىسلامنىڭ مۇستەھكەم قورغانى ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇۋېدى، مانا ئەمدى قورغاندىن يوچۇق ئېچىلىپ كىشىلەر دىندىن يېنىپ كېتىۋاتىدۇ›. ②

يۇنۇس سەدەفى مۇنداق دېگەن: «مەن ئىمام شافىئىيدىنمۇ زېرەك بىرەر كىشىنى ئۇچراتمىدىم. بىز بىر كۈنى مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدۇق ۋە ئۆزىمىزنىڭ يولىغا راۋان بولدۇق. كېيىن بىز قايتا ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمىزدا ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹ئى ئەبۇ مۇسا! گەرچە بىز بىرەر مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىسەكمۇ، قېرىنداش بولۇپ ئۆتسەك بولمامدىغۇ؟!› دېدى. زەھەبى مۇنداق دېگەن: ‹ئىمام شافىئىي كىشىلەر بىلەن مانا بۇ خىل ئۇسلۇبتا مۇنازىرىلىشىدىغان بولۇپ، بۇ — ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ پىشىپ يېتىلگەن يېتۈك ئالىم ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر». ③

① «سير أعلام النبلاء» 1- توم 391- بەت.

② «محض الصواب في فضائل أمير المؤمنين عمر بن الخطاب» 3- توم 903- بەت.

③ «سير أعلام النبلاء» 10- توم 16- بەت.

سىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارچە ياخشىلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، خۇش ھىدى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تاراپ تۇرغان، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان مانا بۇ پەيغەمبەرلىك يولىغا ئەگىشىڭ.

❁ ❁ ❁

# 18 ـ ئەسلەتمە

## جىھاد مەيدانىدىكى جىھادتىن سۇسلاشتۇرغۇچى ۋە اللە نىڭ يولىدىن توسقۇچىلار ھەققىدە

تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلار سېپىنى پارچىلاش مەقسىتىدە سۇخەنچىلىك، جاسۇسلۇق ۋە پىتنە ـ پاسات تارقىتىشقا ئوخشاش تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنى تەشۋىشكە سالىدىغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن. بۇلار ئاداۋەت، ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك سىڭگەن زەھەرلىك نەشتىرىنى دىن ۋە دەۋەت خىزمىتىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر كىشىلەرگە قارىتىپ، ئىسلامىي جامائەتلەرنى ۋەيران قىلىش ياكى سەپلىرىنى يىمىرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ياخشىلارغا ھەرخىل بوھتانلارنى چاپلاپ، نام ـ شەرىپىگە تىل ـ تەگكۈزۈشكە ئوخشاش رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

ئۇلار اللە يولىدىن توسقۇچىلار بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ خەتەرلىك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا وَلَأَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ «ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ ـ تىڭلايدىغانلار بار، اللە زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر»[1].

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا﴾ «ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى». يەنى ئۇلار توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاقلاردۇر. ﴿وَلَأَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ

[1] سۈرە تەۋبە 47 ـ ئايەت.

**يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ** «ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى». يەنى ئاراڭلاردا چېقىمچىلىق قىلىش، دۈشمەنلىك ۋە پىتنە-پاسات تېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ﴿**وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ**﴾ «ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭتىڭلايدىغانلار بار، الله زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى-تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر»[1]. يەنى مۇناپىقلارنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەي ئۇلارغا ئەگىشىدىغان، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تارقىتىپ يۈرىدىغان ۋە ئۇلاردىن نەسىھەت تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر بار. بۇ خىل ئەھۋال مۆئمىنلەر ئارىسىدا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا سەۋەب بولىدۇ».[2]

مۇجاھىدلارنىڭ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئوبدانراق تونۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يامانلىقلىرىدىن ھەزەر ئەيلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايمىز. دىن دۈشمەنلىرى جىھادنى سەت كۆرسىتىش ۋە مۇجاھىدلارنى جىھاد ئىرادىسىدىن بوشاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك زەھەرخەندە ئىدىيىلەرنى تارقىتىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى ئاۋۋال ئەمىر بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشتىن باشلايدۇ. تۈرلۈك ئەيىپاچتى گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش، كىچىك نۇقسانلىرىنى تۇتقا قىلىپ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە تار مىللەتچىلىك پىكرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق يېڭىدىن جىھاد ساھەسىگە قەدەم قويغان كىشىلەرگە شۈبھە تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى الله نىڭ يولىدىن توسۇش ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. ئىبنى ھەزىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىدىن قالسىلا، كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشتىن توسقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئايال-قىزلىرىنى كاپىرلارغا تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇغان

---

[1] سۈرە تەۋبە 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير القرآن العظيم» 4- توم 160- بەت.

كىشىنىڭ گۇناھىدىنمۇ چوڭراق ھېچبىر گۇناھ يوقتۇر».

الله تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَاتَعْلَمُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[①].

الله يولىدىكى مۇجاھىد جىھاد دۈشمەنلىرىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مانا بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىياپىتىنى ئوبدان تونۇۋېلىشى كېرەك.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئاۋۋال ئەپقاچتى گەپلەردىن ئاگاھ بولۇڭلار. چۈنكى، جەڭ كۈچەيگەنسېرى پىتنە-ئىغۋاچىلارمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا وَلَأَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ﴾ <ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە-پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ-تىڭلايدىغانلار بار>[②]. ھالبۇكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تولىسى ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما بىز ئەنسىرەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار بولسا قەلبلىرى بۇزۇلغان كىشىلەركى، باشقىلارنىڭ قەلبلىرىنىمۇ بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار قەلبلەرنى قانداق بۇزىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ رەببىگە بولغان باغلىنىشىنى، الله نىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە بولغان مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ياشلارنى ئىززەت دىيارىدىن چىقىرىشقا كۈچەپ، پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىق ئەۋج ئالغان جايغا قايتۇرۇپ كېتىشكە تىرىشىدۇ؟!»[③].

① سۈرە نۇر 19- ئايەت.

② سۈرە تەۋبە 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «التربية الجهادية والبناء» 1- توم 21- بەت.

جىھادقا خەۋپ ئېلىپ كەلگۈچىلەر سۈسلاشتۇرغۇچىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم خەتەرلىك كىشىلەر باركى، ئۇلار بىلىپ-بىلمەي ئۇممەتكە قارشى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خەنجىرى بولۇشقا رازى بولغان كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ زىيىنى جىھاد سەپلىرى ئارىسىدىكى سۈسلاشتۇرغۇچىلاردىن يەڭگىل ئەمەس. ھەتتا ئۇلارنىڭ دىنغا ياردەم بەرگۈچىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان يامان تەسىرى باشقا ھەرقانداق زىياندىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنبەرلىرى ۋە تەشۋىقات قاناللىرى ئىزچىل تۈردە الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. تارقاتقان تۈرلۈك شۈبھىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىق ياكى يازما شەكىلدىكى ھەرخىل سەپسەتە ۋە ئويدۇرمىلىرى پىتنە-پاسات تارقىتىش، جىھادنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئۇچرىغان ھەربىر كىشى بۇلاردىن ئاگاھ بولۇشى لازىم. يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە-ھادىسىلەرگە شەرئىي ئۆلچەم ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى، ھەقىقەت ئەگىشىشكە تېگىشلىك نەرسە بولۇپ، ھەقىقەت كىشىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ھەقىقەت بىلەن تونۇلىدۇ.

شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى «وقفات مع ثمرات الجهاد» نامىلىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «تاغۇتلار دەۋەتچى ۋە مۇجاھىدلارغا تۈرلۈك سۇيىقەستلەرنى پىلانلاپ ھەقتىن توسۇشتا قوراللىق قىسىملىرى، ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنىلا ئىشقا سالماستىن بەلكى الله تائالا دەۋەتچى ۋە مۇجاھىدلارغا ئاتا قىلغان ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ھەسەت قىلىۋاتقان ئاتالمىش ناچار ئالىملاردىن پايدىلىنىدۇ. مۇجاھىدلار تەۋھىد بايرىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن الله ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ناچار ئالىملار ئىسلامدىكى ھەقىقىي ئىززەت ۋە ھۆرمەتتىن ۋاز كېچىپ،

دۇنيانىڭ نازۇ-نېئمەتلىرىگە بېرىلگەنلىكى ۋە ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى ئىززەت ۋە شان-شەرەپتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تېلېۋىزور ۋە رادىئو قانالLىرىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ھۆكۈمەتپەرەس گېزىت-ژۇرناللار ئۈچۈن نېمە خىزمەتلەرنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھە ۋە ئاساسسىز پىتنە-پاساتلار ئارقىلىق دەۋەتچى ۋە مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن قانداق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقى كىشىلەرگە ئايان. بىز ئۇنى ئىلگىرىكى يازمىلىرىمىزدا بايان قىلغان. ئۇلار مۇجاھىدلارنى خاۋارىج، ئازغۇن گۇرۇھ دېگەندەك مۇسۇلمانلار يامان كۆرىدىغان، ئەسلىدە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىغا ئەڭ لايىق بولغان قەبىھ لەقەملەر ۋە سۈپەتلەر بىلەن ئاتايدۇ. بىز ئۇنى نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەپسىلىي بايان قىلدۇق».[1]

پىلانلىنىۋاتقان ھىيلە-مىكىرلەردىن ۋە مەقسەتلىك تارقىتىلىۋاتقان شۈبھىلەردىن ئاگاھ بولۇڭ. ھەقىقەتنى تونۇڭكى، شۇندىلا ھەق ئىگىلىرىنى تاپالايسىز. داڭلىقلارنىڭ دەبدەبىلىك شوئارلىرى سىزنى ئالداپ قويمىسۇن. تاغۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى سىزنى توغرا يولدىن توسۇش ۋە بۇ يولدا توسالغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماستىن ھېسابسىز ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈچ كېلىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا ئىنتايىن سەگەك بولۇڭ.

---

[1] «وقفات مع ثمرات الجهاد» 124- بەت.

# 19 ـ ئەسلەتمە

## تارقالغان خەۋەرلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئىش ئىگىلىرىدىن سۈرۈشتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنى تارقاتماسلىق ھەققىدە

شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇجاھىد جەڭ مەيدانلىرىدا ھەر تۈرلۈك خەۋەرلەر ۋە تۈرلۈك ئۆسەك سۆزلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتتا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ۋە ئەمەلىي رېئاللىقتا ئىسپاتلانغان بىر ئىشتۇر. پىلان ۋە تەرتىپنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ قالايمىقانچىلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشلىكى، پىتنە ـ پاساتلار تارقاپ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر يېتىشلىكى ئۈچۈن، الله تائالا ئەتراپىمىزدىكى سىرلىرى بىلىنمىگەن، ماھىيەتلىرى ئېچىلمىغان، يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز ھەققىدىكى يۈكسەك پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز تۆۋەندە ئاخىرەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىنغا ياردەم بېرىشكە ھېرىسمەن ۋە ئۇممەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەم يەيدىغان ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى مۇھىم بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپ ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ پرىنسىپ — يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئىش ئىگىلىرىگە، ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ھۆكۈملەرنى ئۆز ئورنىدىن يەكۈنلەپ چىقىش ئىقتىدارى بارلارغا، الله رەھبەرلىك قابىلىيىتى ئاتا قىلغان ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلالايدىغان ئەنە شۇ بىر تۈركۈم ئىنسانلارغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَاتَّبَعْتُمُ الشَّيْطَانَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «(مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى

پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر)نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە اللە نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار»[①].

بۇ ئايەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى كۈچلۈك تەنبىھنىڭ پەقەت ئىرادىسى ئاجىزلارغا خەۋەرلەرنى تەستىقلاش ھەققىدىكى ئەدەبنى ئۆگىتىش ۋە شەيتاننىڭ قىلتاقلىرىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ھالبۇكى، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى سەۋەبلىك پىتنىلەر ۋە ئۆسەك سۆزلەر يامراپ كېتىدۇ، سەپلەر يىمىرىلىپ بىرلىك پارچىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئاداۋەتلەر كۈچىيىپ، قېرىنداشلىق سۇسلاپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان شەيتان چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىشلاردىن باشقىنى ياخشى دەپ قارىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شەيخ سەئدى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت بەندىلەرنىڭ نامۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا بېرىلگەن تۈزىتىش ۋە بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ھەققىدىكى اللە نىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. اللە نىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىسى بولسا مۇئمىنلەر خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئالاقىدار ياكى مۇسىبەت ھېسابلىنىدىغان قورقۇنچقا ئالاقىدار بىرەر مۇھىم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنى ئېنىقلاش، تارقىتىشقا ئالدىرىماسلىق بەلكى ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئىگىلىرىگە، ئىشلارنى بىلىدىغان ۋە پايدا-زىياننى ئايرىيالايدىغان، تەجرىبىلىك، ئىلىملىك، تەمكىن سەمىمىي كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇلار (يەنى ئىش ئىگىلىرى) ئۇ خەۋەرنى تارقىتىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسە،

---

① سۈرە نىسا 83- ئايەت.

ئۇنى تارقىتىدۇ. ئەگەر ئۇنى تارقىتىشنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ قارىسا، ئۇنى تارقاتمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن الله تائالا ﴿لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ﴾ «(شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى» دېگەن. يەنى ئۇلار ئۇ خەۋەرنى ئۆزلىرىدىكى توغرا ئىلىم ۋە مەلۇماتلىرى ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىققان بولاتتى. بۇ <قايسى بىر ئىش ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغاندا شۇنىڭغا لايىق كىشى شۇ ئىشقا ئىگە بولسۇن، باشقىلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالمىسۇن، شۇنداق قىلىش ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىشنىڭ ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولىدۇر> دېگەن قائىدىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئايەتتە يەنە ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن ۋە خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامانلا تارقىتىشقا ئالدىراشتىن چەكلەش، سۆزلەشتىن بۇرۇن ھەربىر سۆزنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنى ۋە پايدا ـ زىيىنىنى ئويدان دەڭسەشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنغان».[1]

ئىمام ئىبنى ھىببان رەھىمەھۇللاھ خەۋەرلەرنى ئېنىقلاش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ناۋادا ئەقىلنىڭ ئىككى دەرۋازىسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سەۋرچانلىق، يەنە بىرى ئېنىقلاش بولغان بولاتتى».[2]

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا چىن قەلبىدىن ئىماننى تەستىق قىلغان كىشىلەرنى خەۋەرلەرنى ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇھىم بىر سۈپەتكە ئىگە قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ۋە توغرا ئۇسلۇب ئارقىلىق تونۇشقا تىرىشىدىغان كىشىلەردۇر».[3]

ئەمما، يەڭگىلتەكلىك بىلەن سۆزلەيدىغان، ئۆسەك سۆزلەرگە تېز

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 1 ـ توم 190 ـ بەت.

[2] «روضة العقلاء ونزهة الفضلاء» 1 ـ توم 26 ـ بەت.

[3] «جامع البيان في تأويل القرآن» 2 ـ توم 557 ـ بەت.

ئىشىنىدىغان ۋە قىلمىشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن جىق ئويلاشمايدىغان كىشىلەرنى «ئەخمەق» ۋە «ھاماقەت» دېگەن سۆز بىلەن ئاتىساق ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئەبۇ ھاتەم بەسەتى رەھىمەھۇللاھ «روضة العقلاء» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مەمەدانلىق، قاربغۇلارچە ئىشىنىش، چەكتىن ئاشۇرۇپ كۈلۈش، ئۇياق ـ بۇياققا كۆپ قاراش، ياخشى كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىش، ناچار كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىش بولسا ئەقىلسىز كىشى ئەھۋالىنى ئۇقمايدىغان كىشىلەرنى باھالايدىغان ئەخمەقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر».[1]

جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن سۆزلەر ۋە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش بولسا ئىش ئىگىلىرىدىن سوراش ۋە شۇ كەسىپ ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مانا بۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ھېكمەت ۋە پەم ـ پاراسەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

جىھادىي جامائەت ئەزالىرى، بولۇپمۇ ياشلار ئۇيەر ـ بۇيەرلەردە ئېقىپ يۈرۈۋاتقان سۆزلەرنى يەتكۈزۈش ۋە قوبۇل قىلىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ئېنىقلاش ۋە سۈرۈشتۈرۈش ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈش سىزنى بەزى خەتەرلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىنسان دىققەتسىزلىكى تۈپەيلى الله غەزەپلىنىدىغان بىر سۆزنى سۆزلەپ سېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ سۈرۈشتە قىلماستىن ۋە ئېنىقلىماستىن قالايمىقان سۆزلەيدىغان ئەنە شۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەرنى ئەيىبلەپ: «بئس مطية الرجل زعموا» «بىر كىشىنىڭ دەلىلسىز سۆزلەرنى ئېيتىپ يۈرۈشى نېمىدېگەن يامان ـ ھە!»[2] دېگەن.

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ «المعالم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «(زعموا) دېگەن سۆز ئادەتتە سەنەدى ئېنىق ئىسپاتلانمىغان ھەدىسكە قارىتىلىدۇ.

---

[1] «روضة العقلاء ونزهة الفضلاء» 1 ـ توم 119 ـ بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېمەك، ئۇ ئاساسسىز ھالدا كۆپتۈرۈپ يەتكۈزۈلگەن سۆزلەرگە قارىتىلغان. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ مانا مۇشۇنداق ئاساسسىز سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرگۈچىلەرنى ئەيىبلەپ، خەۋەرلەرنى ئېنىقلاشقا ۋە ئىشەنچلىك سۆزلەرنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان. شۇ سەۋەبتىن، ھەدىس نەقىل قىلغۇچىلار ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغۇچە ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەردىن يەتكۈزۈلمىگۈچە ھەدىس نەقىل قىلمىغان».[1]

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ «دەپتىمىش، دېيىلىپتىمىش» دېگەن سۆزلەرنى (يەنى، كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېنىقلىماستىن، ئويلانماستىن ۋە ئايدىڭلاشتۇرماستىن) سۆزلەشتىن توسقان.

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ يۈز بېرىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئېنىقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بىرەر ئىش قىلماقچى بولغان كىشى ئېنىقلانغان ئۇچۇق ئاساسقا تايىنىشى كېرەك. ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن ئىش قىلغان كىشى كۆپىنچە ھاللاردا پۇشايمانغا قالىدىغان بولغاچقا، ئىنسان مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇلغان. چۈنكى، ئىنسان بىرنەرسىلەرنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە خۇددى ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك بىر ئەھۋال شەكىللىنىدۇ». ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېگەن: «الله تىن قورقۇڭلار، بارلىق ئىشلاردا ئېنىقلاش ۋە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار. بولۇپمۇ جېدەل-ماجىراغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردا شۇنداق قىلىڭلار».[2]

ھەربىر مۇسۇلمان ئاڭلىغانلىكى نەرسىلەرنى سۆزلەۋەرمەسلىكى، ئۆسەك سۆزلەردىن ۋە كۆپ سوئال سوراشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

[1] «عون المعبود شرح سنن أبي داود» 13- توم 215- بەت.
[2] «صيد الخاطر» 1- توم 385- ۋە 386- بەت.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كفى بالمرء كذبا أن يحدث بكل ما سمع» «بىر كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى سۆزنىڭ ھەممىسىنى دەپ يۈرۈشى شۇ كىشىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر».①

نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ بابتا كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنساننى ئاڭلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشتىن توسىدۇ. چۈنكى، ئىنسانغا راست ۋە يالغان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى يېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىسە؛ بەزىدە يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ سالىدىغانلىقى ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. ھەق ئەھلىنىڭ قارىشىدا <يالغان سۆزلەش ــــ بىرنەرسىنىڭ ئەكسىنى خەۋەر قىلىشتۇر>. گەرچە قەستەن يالغان سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گۇناھكار بولىدۇ، توغرىسىنى الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».②

ئىنسان سۆزلىمەكچى بولغاندا ئۆزى دېمەكچى بولغان سۆزلەرنى ئېنىقلىشى، نەقىل قىلسا پەقەت دىن ياكى دۇنيالىق مەنپەئەتى بار دەپ ئويلىغان ياخشى سۆزلەرنى نەقىل قىلىشى كېرەك. مانا قاراڭ! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە مېنىڭ دېيىشىم تەقدىر قىلىنغان سۆزلەرنى دەيمەن. ئېھتىمال بۇ سۆزلەر مېنىڭ ھاياتىمدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم بولۇشى مۇمكىن. كىمكى ئۇنى چۈشەنسە ۋە ماھىيىتىگە يېتەلىسە، ئۇلىغى بىلەن قەيەرگىچە بارالىسا ئۇنى سۆزلىسۇن. كىمكى ئۇنى چۈشىنەلمەسلىكتىن ئەنسىرىسە ياكى چۈشەنمىسە، ئۇنىڭ مېنىڭ نامىمدىن يالغان سۆزلىشىنى راۋا كۆرمەيمەن».③

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 1 ـ توم 75 ـ بەت.

③ «شرح صحيح البخارى» 8 ـ توم 453 ـ بەت.

جىھادىي جامائەت رەھبەرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىدە جىھادقا ئاتلانغان مۇجاھىدلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈش، بولۇپمۇ جىھادىي جامائەت ئەمىرلىرىنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈش، جىھاد ۋە مۇجاھىدلارغا ئەڭ ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىدە مۇجاھىدلارنىڭ قەلبلىرىدە ئۆچ-ئاداۋەت بىخلىنىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە يامانلىقىدىن ھېچبىر كىشى قۇتۇلۇپ قالالمايدىغان پاساتچىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەربىر مۇجاھىد جىھاد سەپلىرى ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن، جىھاد قوماندانلىرىنى ھاقارەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى قىلىۋالغان ناچار خۇلق ئىگىلىرىدىن پەخەس بولۇشلىرى كېرەك.

بۇ خىل ئەھۋالدا ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك قىلىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ياخشى كىشىلەر ھەققىدە نالايىق سۆزلەر تىلغا ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسە ياكى خىيال كەلگەن بولسا، ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش توغرا بولمايدۇ».[①]

ئەگەر الله يولىدا جىھادقا چىققان كىشى يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرسىگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن دەرھاللا ئەمىرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىشى لازىم.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تىلىڭنى يىغقىن، رەببىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغىن. سەن توغرا دەپ قارىغان نەرسىنىڭ راست بولۇشى ناتايىن. ئەگەر بىلمىسەڭلار، بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار دېگەننى

① «تفسير القرآن العظيم» 6- توم 27- بەت.

ئېسىڭگە ئالغىن. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك <جەڭدە پالانى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىدۇ؟ بەزىلەر نېمىشقا بۇنى ئىشلىتىدۇ؟> دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەر كۆپ بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ﴾ <ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى>① . الله بىزگە جەڭدە ئۆسەك سۆزلەرگە قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىمىزنى (يەنى مەسئۇللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن پالانى ۋەقەنىڭ سەۋەبى نېمە؟) دەپ سوراشنى ئۆگەتتى. شۇڭا سىلەر ئەجرىڭلارنى يوق قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن الله بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىڭلار».②

ساھابىلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) خەۋەرلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشكە ئەڭ ئېتىبار بېرىدىغان كىشىلەر ئىدى. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مومىسىنىڭ مىراسى ھەققىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىقارغان ھۆكمىنى ئەبۇ بەكرىگە خەۋەر قىلغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «سەن بىلەن بىرگە باشقىلارمۇ بارمىدى؟» دەپ سورىغان.

ئەبۇ ۋەلىدىلباجى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغىيرەدىن <سەن بىلەن باشقا كىشىلەرمۇ بارمىدى؟> دەپ سورىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئېنىقلاش ۋە ئېھتىماللىقلارنى يوققا چىقىرىش مەقسىتىدە سورىغان ئىدى. چۈنكى، مۇغىيرە پەزىلەتلىك ۋە ئالىم ساھابىلەردىن بولۇپ، ئۇنداق كىشىنىڭ سۆزى رەت قىلىنمايدۇ. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مۇغىيرەنىڭ دېگىنىنى

---

① سۈرە نىسا 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «التربية الجهادية والبناء» 1- توم 22- بەت.

تەستىقلىغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغان».[1]

ھىشام دادىسىدىن، ئۇ مۇغىيرە ئىبنى شۇئبەدىن نەقىل قىلغان يەنە بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايال كىشىنىڭ ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن بالىسىنىڭ (تۆلىمى) ھەققىدە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغاندا، مۇغىيرە ئۇنىڭغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قۇل ئازاد قىلىشقا ھۆكۈم قىلغان> دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا ئۇنى بىلىدىغان يەنە بىرسىنى كەلتۈرگىن> دېدى. مۇغىيرە مۇنداق دەيدۇ: <ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى>».[2]

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كىرىشكە ئىجازەت سورىۋېدى، ئۆمەر ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەتتى. ئۆمەر ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن: <مەن ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمغۇ؟ ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىڭلار> دېدى. باشقىلار ئۆمەرگە: <ئۇ قايتىپ كەتكىلى خېلى بولدى> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ (قايتىپ كېتىشىنىڭ) سەۋەبىنى سورىغاندا، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدۇق>[3] دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: <ماڭا شۇنىڭ دەلىلى كېرەك> دېدى. شۇنىڭ بىلەن

---

[1] «المنتقى شرح الموطإ لأبي الوليد سليمان بن سعد القرطبي الباجي الأندلسي» 6- توم 238- بەت.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[3] ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىغان: «پەيغەمبەر ﷺ: <سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىسۇن، ئەگەر ئىجازەت بېرىلمىسە قايتىپ كەتسۇن> دېگەن. شۇڭا مەن ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىدىم، ئىجازەت بېرىلمىگەنىدى، قايتىپ كەتتىم».

ئەبۇ مۇسا ئەنسارىيلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى سورىغاندا، ئۇلار: ‹بۇ ئىشتا ئارىمىزدىكى يېشى كىچىك بولغان ئەبۇ سەئىد خۇدرى بىزدىن ياخشىراق گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ› دېدى. ئاندىن ئۇ ئەبۇ سەئىد خۇدرىنىڭ يېنىغا باردى (ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ گۇۋاھلىق بەردى) ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھەدىسىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، سودا قىلىمەن دەپ بازارلارغا چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان ئوخشايمەن› دېدى ۋە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹مەن ساڭا تۆھمەت قىلماقچى ئەمەس، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىدىن ھەدىس سۆزلەش ھەقىقەتەنمۇ مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر› دېدى. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: ‹بۇ ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يالغاننى توقۇشىدىن قورققانلىقىمدىندۇر›». ①

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكى مەلۇملۇق بولسىمۇ، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن ياكى ئىسلام تېخىچە قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشمىغان كىشىلەرنىڭ سۈننەتلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاش يوللىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى تابىئىنلار، تابىئىنلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن ئۆمەرنىڭ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان بۇ مۇئامىلىسىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

پىتنە ـ پاساتلارنىڭ يوقۇلۇپ، دىن يولىدىكى بۈيۈك ئارزۇلارنىڭ ئىشقا

---

① بۇخارى ۋە ئىبنى ھىببان ئاۋۋالقى قىسمىنى، ئەبۇ داۋۇد ۋە مالىك ئاخىرقى قىسمىنى نەقىل قىلغان.

ئېشىشى ئۇچۇن يەككە-يېگانە ﷲ تىن بىزلەرنى تارقىلىۋاتقان بارلىق سۆزلەردىن ئېھتىيات قىلىشقا، ئېنىقلاش، ۋە يەكۈنلەش ئىشلىرىنى شۇنىڭغا لاياقىتى بار بولغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇشقا، شۇنداقلا ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە توغرا پىكىر ئىگىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

❖ ❖ ❖

# 20 ـ ئەسلەتمە

# سىناق ۋە ئىمتىھان

ئۆز رازىلىقى بىلەن ھىجرەت ۋە جىھاد يولىنى تاللىغان الله يولىدىكى مۇجاھىد ئىسلام خىلاپىتى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن كۆپ مۇشەققەت ۋە بەدەللەرنى تۆلەيدىغانلىقىنى، ھەربىر قەدەملىرىدە ئىمتىھان ۋە سىناقلارغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، مۇشەققەتلىك سىناقلارغا ئۇچراش ئەزەلدىن ئۆزگەرمەيدىغان ئىلاھىي ۋە تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، الله تائالا بۇنى ساماۋىي ئەلچىلىك ۋە مۇقەددەس ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان رەببانى بەندىلىرىگە تەقدىر قىلىپ بېكىتىۋەتكەن. دېمەك، ئۇ — ئىلاھىي ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەربىر پەيغەمبەر ۋە ئەلچى، الله يولىدىكى دەۋەتچى، ئۈممەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان ھەربىر مۇئمىننىڭ بېشىپ ئۆتۈشى مۇقەررەر بولغان بىر جەرياندۇر.

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇلار دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇچرىغان زەربىلەر ۋە تۈرلۈك شارائىتتىكى قىيىنچىلىقلارنى الله تائالانىڭ ئايەت نازىل قىلىپ سەۋرگە ئۈندىشى، مەدەت ۋە تەسەللىي بېرىشى، سەۋرچان كىشىلەرنىڭ گۈزەل قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشى ئارقىلىق يېڭەتتى ۋە ئۈنىڭدىن كۆرسەتمە قوبۇل قىلاتتى. الله تائالا خەندەك غازىتى ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغانىدى: ﴿**أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ**﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە

مۇئمىنلەر: <الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟> دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1].

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇچرىغان قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەت ۋە سىناقلارغا ئۇچرىماستىن، ئۇلار ئىمتىھان قىلىنغان پېقىرلىق ۋە كېسەللىك بىلەن ئىمتىھان قىلىنماستىن جەننەتكە كىرىشنى ئويلاۋاتامسىلەر؟ ئۇلار دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن شۇ قەدەر ئېغىر قورقۇنچ، كۈچلۈك چۆچۈتۈشكە ۋە قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ئىدىكى، ھەتتا ئۇلار الله نىڭ ياردىمىنى كېچىكتى دەپ ئويلاپ: <الله نىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟> دېيىشكەنىدى. ئاندىن كېيىن الله ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە ئۇلارغا قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. كاپىرلارنىڭ جەڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، مۇئمىنلەرگە غەلىبىنى مۇيەسسەر قىلىپ بەردى»[2].

ئۇھۇد غازىتى ھەققىدە الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغانىدى: **﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾** «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟»[3].

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئۇھۇد كۈنى مەغلۇپ بولغانلار! سىلەر دىن يولىدا جاراھەتلەنگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ يولىدا ماڭماي ۋە ئۇلاردەك سەۋر قىلماي تۇرۇپ جەننەتكە

---

[1] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت.

[2] «جامع البيان في تأويل القرآن» 4- توم 288- بەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران 142- ئايەت.

كىرىشنى خىيال قىلىۋاتامسىلەر؟ يوقسۇ! مۇكاپاتقا لايىق بولۇش ئۈچۈن شەھىدلىكنىڭ ئالامەتلىرى نامايان بولۇشى كېرەك». [1]

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە دەۋەت ۋە جىھاد يولىنىڭ ھەقىقىتىگە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» [2].

تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ﷺ گە چىن قەلبىدىن ئەگەشكەن مۇئمىنلەر بىلەن ساختا كۆرۈنۈشتە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئىشلار بىلەن ئىمتىھان قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرنى، خۇددى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ئىمتىھان قىلغاندەك قىبلىنى بەيتۇل مەقدىستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلغان ئىدى». [3]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن سىنايمىز» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇئمىنلەرگە دۇنيانىڭ ئىمتىھان يۇرتى ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا ئۇلارنى ئىمتىھان قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە سەۋرنىڭ گۈزەل ئاقىۋىتىدىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن».

الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 4 ـ توم 220 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «جامع البيان في تأويل القرآن» 3 ـ توم 219 ـ بەت.

پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللانغان بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا﴾ <سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى>[①]». [②]

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن ھەرقانداق مۇئمىننىڭ ئىمتىھان ـ سىناقلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇ، قۇرئان كەرىمدە بۇ خىل مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مثل المؤمن كمثل الزرع لا تزال الريح تميله، ولا يزال المؤمن يصيبه البلاء، ومثل المنافق كمثل شجرة الأرز، لا تهتز حتى تستحصد» «مۇئمىن خۇددى شامال ئوڭ ـ سولغا ئېگىپ تۇرىدىغان مايسىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، مۇئمىنگە بالايى ـ ئاپەت كېلىپ تۇرىدۇ. مۇناپىق تاكى تۈۋىدىن كېسىۋەتمىگۈچە تەۋرىمەيدىغان سەنۇبەر دەرىخىگە ئوخشايدۇ». [③]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئالىملارنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلغان: «ھەدىستە، مۇئمىننىڭ جىسمى، ئايال ـ بالىلىرى ۋە مال ـ دۇنيالىرىدا كۆپلىگەن دەرد ـ ئەلەملەرگە ئۇچرايدىغانلىقى، بۇ بالايى ـ ئاپەتلەر مۇئمىننىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت بولۇپ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدىغانلىقى؛ ئەمما كاپىرلارنىڭ مۇسىبەتلەرگە ئاز ئۇچرايدىغانلىقى، گەرچە ئۇ دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا قىلچە كەففارەت بولمايدىغانلىقى، بەلكى قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىنى تولۇق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان». [④]

دېمەك، ھاياتلىقتا ئىمتىھان ۋە سىناقلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر. دۇنيادا

---

① سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «جامع البيان في تأويل القرآن» 3 ـ توم 219 ـ بەت.

③ مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

④ «شرح صحيح مسلم للنووي» 9 ـ توم 155 ـ بەت.

ئىماننىڭ تەمىنى تېتىمىغان، ئىمان بىلەن ياشىمىغان، ھاياتلىقتا ئىماندىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالمىغان، ئىماننىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى تارتمىغان ۋە ئۇنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى سەۋر بىلەن يەڭمىگەن كىشى ھېساب بېرىش تولىمۇ قىيىن بولغان ئېغىر بىر كۈنگە يۈزلىنىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ياكى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ياكى كاپىر بولۇپ كۇفرى ئەمەللىرى ئۈستىدە ئەزۋەيلەيدۇ. شۇڭا ھەر ئىككى تائىپىدىكىلەر ئىمتىھانغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما، ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنىڭ راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن رەببى ئۇنى چوقۇم ئىمتىھان قىلىدۇ ۋە سىنايدۇ. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا كەينىگە يېنىۋالىدۇ ۋە اللە نىڭ ئازابىدىن قاچقاندەك دۇنيا ئىمتىھانىدىن قاچىدۇ؛ ئەگەر راستچىل بولسا سۆزىدە سابىت تۇرىدۇ، ئىمتىھان ۋە سىناق پەقەت ئۇنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا رَأَى الْمُؤْمِنُونَ الْأَحْزَابَ قَالُوا هَذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا﴾ «مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: <بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۇشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى> دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (اللە قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى ئېشىمۇ كۈچەيتتى»[1].

ئەمما، ئىمان ئېيتمىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ ئاخىرەتتە ئازاب بىلەن ئىمتىھان قىلىنىدۇ ۋە سىنىلىدۇ. بۇ — ئىككى ئىمتىھاننىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئەگەر بۇ كىشى اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىگەن ۋە ئاسىي بولغانلارغا چۈشۈرگەن دۇنيا ئازابى ۋە مۇسىبەتلىرىدىن سالامەت قالغان

---

[1] سۈرە ئەھزاب 22- ئايەت.

تەقدىردىمۇ، قەبرىدە ۋە قىيامەتتە مۇشەققەت تارتىشى مۇقەررەردۇر. لېكىن، مۇئمىنىنىڭ مۇشەققىتى ئەڭ يەڭگىل، ئىمتىھانى ئەڭ ئاسان بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇئمىنىنىڭ ئىمانى سەۋەبلىك ئۇنى مۇشەققەتتىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا سەۋر، چىدامچانلىق، مەمنۇنىيەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇكى، ئۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇشەققىتى ئاسان بولىدۇ]. ①

سەپلەرنىڭ ئايرىلىشى ۋە قەلبلەردىكى نەرسىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن الله ئۆز ھېكمىتى ئارقىلىق بەندىلىرىنى تۈرلۈك قىسمەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ سىناق ۋە ئىمتىھانلار ئارقىلىق ئەمەللەردىكى مۇددىئالار ئاشكارىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتتە قانداق ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ، مۇئمىنلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان مۇناپىقلار ئاشكارىلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى مَا أَنْتُمْ عَلَيْهِ حَتَّى يَمِيزَ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ﴾ «الله يامانني (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ». ②

سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «في ظلال القرآن» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا سەپلەر ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، ئىسلامنى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغان مۇناپىقلارنى ئۆز ھېكمىتى ئارقىلىق مۇئمىنلەردىن ئايرىپ چىقىشنى خالىدى. ناچارنىڭ ياخشىدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇھۇد غازىتىدا ئۇلارنى ﴿مَا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ <مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ> دېگەن بۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق ئىمتىھان قىلدى. قۇرئاندىكى مانا بۇ دەلىل — مۇسۇلمانلار سېپىنى ئىمان ۋە ئىسلام دەۋاسىنى دەستەك قىلىۋالغان، قەلبلىرى ئىمان ۋە ئىسلام روھىدىن خالىي بولغان مۇناپىقلار ئارىلىشىپ

---

① «إغاثة اللهفان من مصايد الشيطان» 2- توم 192- بەت.

② سۈرە ئال ئىمران 179- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەتكەن ھالەتتە تاشلاپ قويۇشنىڭ الله نىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىگە ۋە ئىلاھىي قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ». ①

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [سىناق ۋە ئىمتىھانلار ئارقىلىق ئىمان ئېيتقان راستچىل كىشىلەرنى تۆھمەتخور مۇناپىقلاردىن ئايرىش ــ الله نىڭ ئەزەلىي قانۇنىيىتى ۋە ئىلاھىي ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىم ئىمان دەۋاسى قىلىۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ سىنىلىدىغانلىقىنى، يامان ئەمەل قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ جازاسىنى تارتىپ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الم۞ أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ۞ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ۞ أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ أَنْ يَسْبِقُونَا سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ۞﴾ «ئەلىف، لام، مىم [1]. ئىنسانلار <ئىمان ئېيتتۇق> دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ [2]. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ [3]. يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان! [4]»②.③

شۇنى بىلىش كېرەككى، سىناق ۋە ئىمتىھانلار بەندىنىڭ ئىمانىغا قارىتا بولىدۇ. مۇئمىنىنىڭ ئىمانى قانچە كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭغا كېلىدىغان ئىمتىھان ـ سىناقمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

مۇسئەب ئىبنى سەئىد دادىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الأمثل فالأمثل، يبتلى الرجل على حسب دينه، فإن كان دينه

① «في ظلال القرآن» 1ـ توم 525ـ بەت.
② سۈرە ئەنكەبۇت 1ـ ئايەتتىن 4ـ ئايەتكىچە.
③ «مجموع الفتاوى» 3ـ توم 212ـ بەت.

صلبا اشتد بلاؤه، وإن كان في دينه رقة ابتلي على حسب دينه، فما يبرح البلاء بالعبد، حتى يتركه يمشي على الأرض ما عليه خطيئة» «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىر سىناققا ئۇچرايدىغانلار پەيغەمبەرلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا ماڭغانلاردۇر. كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىغا قارىتا سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان سىناقمۇ ئېغىر بولىدۇ؛ ئىمانى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان سىناقمۇ يەڭگىل بولىدۇ. (مۇئمىن) بەندە دائىم بالايى ـ ئاپەتلەرگە ئۇچراۋېرىپ، ئاخىرى بالايى ـ ئاپەت ئۇ كىشىنى ھېچبىر گۇناھسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ».①

ئىبنى مالىك بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇلار ئورۇن ـ مەرتىۋىلىرى يۇقىرى كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، الله قا ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ ساۋابى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىمتىھانىمۇ ئېغىر بولىدۇ».

شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ سىناققا ئۇچرايدىغانلار مۇجاھىدلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار قىلىۋاتقان بۇ ئىبادەت دىنىنىڭ چوققىسى ۋە ئۇلارنىڭ الله قا بولغان يېقىنلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەمدە ئىنسان نەپسىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. يۇرت ـ قولىلاردىن ئايرىلىپ مېيىپ بولۇش، ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە قاتتىق سوغۇقلاردا قېلىشقا ئوخشاش تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار جىھاد سەپەرلىرىدىكى دائىمىي ئەھۋال ھېسابلانغاچقا، الله يولىدىكى مۇجاھىد بۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى تەييارلىشى ۋە نەپسىنى كۆندۈرۈشى لازىم.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئىنسانىيەتنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بۇ دىنىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى خالىدى. ھاكىمىيەتلەر پەقەت ئىنسانلارنىڭ قان ـ تەرلىرى بەدىلىگە قۇرۇلىدۇ. مۇئمىنلەر دىن يولىدا

---

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەر، تارتقان دەرد-ئەلەملەر ۋە بالا-مۇسىبەتلەر مىقدارىدا غەلىبە - نۇسرەتكە ئېرىشىدۇ. الله نىڭ دىنى ئاسماندىن چۈشىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن غەلىبە قازانمايدۇ، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە تۆلىگەن بەدەللىرى ئارقىلىق ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولىدۇ. ناۋادا الله بىرەر كىشىنى قۇربان بېرىشتىن ساقلاپ قالىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلاپ قالغان بولاتتى. ئىنساننىڭ دىن ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى، تۆككەن قانلىرى ۋە بەرگەن قۇربانلىقلىرى مىقدارىدا، الله نىڭ دىنى ئىززەتكە ئېرىشىدۇ».

الله يولىدىكى جىهاد ئىماندىكى راستچىللىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، جىهاد مەيدانلىرى ئىماني قۇۋۋەتنى ۋە قەلبتىكى سەممىيەتنى ئۆلچەيدىغان ئورۇندۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [الله تائالا «يامان ئەمەل قىلغۇچىلار يامانلىقىدىن ھېساب ئېلىنماستىن، ئىمان دەۋاسى قىلغۇچى سىنالماستىن، راستچىل كىشى يالغانچىدىن ئايرىلماستىن ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ ئويلىغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ، ئىماندىكى راستچىللىقنىڭ پەقەت الله يولىدا جىهاد قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ وَإِنْ تُطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُمْ مِنْ أَعْمَالِكُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ۝ إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ۝﴾ «ئەئرابىلار: <ئىمان ئېيتتۇق> دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، الله سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر> [14]. شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا)

شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر [15]»][1].[2]

ئىماندا راستچىللار بىلەن كاززاپلار كۆپ كىتاب ئوقۇش ياكى كۆپ ئايەتلەرنى يادلاش ئارقىلىق ئايرىلمايدۇ، بەلكى ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك جاپالارغا چىداش، سىناقلارغا سەۋر قىلىش، قۇربانلىق بېرىش ۋە جىھاد قىلىش روھىنىڭ بار-يوقلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ روھ ئارقىلىق دىنىي مەسئۇلىيەتلەر ئادا قىلىنىدۇ.

مۇجاھىدلاردا كۆرۈلۈپ قالىدىغان قىسمەن مەغلۇبىيەتلەر، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممە ساھەلەردە ئەۋزەل ئورۇننى ئىگىلىشى ۋە ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىگە تايىنىپ مۇئمىنلەرگە مۇسەللەت بولۇۋېلىشىدەك بۇ رېئال ۋەزىيەتلەردە الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بۈيۈك ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، بەندىلەرنىڭ الله ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشى، ئۇنىڭغا ئۆز موھتاجلىقىنى ئىپادىلەپ دۇئا قىلىشى ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىشىنى الله تىن سورىشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار دائىم غەلىبە قىلىپ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بولسا ئىدى، تەكەببۇرلۇق قىلىشى ۋە يامان ئەمەللەرنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دىن دۈشمەنلىرى دائىم غەلىبە قىلىدىغان ئىش بولسا ئىدى، دىن مەۋجۇد بولۇپ تۇرمىغان بولاتتى. شۇڭلاشقا ھېكمەتلىك زات الله تائالا غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ بېكىتكەن. ئەگەر مۇسۇلمانلار مەغلۇب بولسا الله قا يېلىنىدۇ، الله تەرەپكە قايتىدۇ، الله قا

[1] سۈرە ھۇجۇرات 14- ۋە 15- ئايەت.

[2] «مجموع الفتاوى لابن تيمية» 3- توم 212- بەت.

بويسۇنىدۇ، ئۆزىنى تۈزەن تۇتىدۇ ۋە الله قا تەۋبە قىلىدۇ: ئەگەر ئۇلار غەلىبە قىلسا الله نىڭ شەرىئىتىنى بەرپا قىلىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ، الله نىڭ دۈشمىنىگە قارشى جىھاد قىلىدۇ ۋە الله نىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، ئەگەر ئۇلار دائىم غەلىبە قىلىپ دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرغان بولسا، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش مەقستى يوق كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالاتتى. چۈنكى، ئۇنداقلار پەقەت كۈچلۈك ۋە غالىب بولغان كىشىلەرگىلا قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار دائىم مەغلۇب بولۇپ باشقىلارغا بويسۇنغان بولسا، ئۇلارغا ھېچكىم ئەگەشمىگەن بولاتتى. مانا بۇ ئىلاھىي ھېكمەتلەر غەلىبىنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرۇشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق الله نىڭ رىزالىقىنى كۆزلىگەنلەر بىلەن دۇنيا ماتالىرىنى كۆزلىگەنلەرنىڭ ئايرىلىشىنى تەقەززا قىلدى.

ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن يەنە بىرى، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ مەيلى خۇشاللىق ياكى خاپىلىقتا بولسۇن، مۇسىبەتلىك ياكى خاتىرجەم چاغلاردا بولسۇن، مەغلۇبىيەت ياكى غەلىبە قازانغاندا بولسۇن، ھەرقانداق شارائىتلاردا ئىبادەتلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەك، بەندىلەر ھەرقانداق ھالەتتە شۇ ئەھۋالنىڭ تەلەپ-تەقەززاسى بويىچە الله قا ئىبادەت قىلىشى كېرەك. خۇددى ئادەم بەدىنىمۇ ئىسسىق-سوغۇق، ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇق ۋە ھېرىپ-چارچاشلار ئارقىلىق مۇكەممەل مۇۋازىنەت ھاسىل قىلغىنىدەك، قەلبمۇ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش جەريانلارغا موھتاجدۇر. مۇشەققەتلىك سىناقلار ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى مۇھىم شەرت بولۇپ، سەۋەب بولمىسا نەتىجىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، الله مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى غەلىبە قازاندۇرۇش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانلىرىنى تاۋلاپ، ھەقىقىي

ئىمان ئېيتقۇچىلارنى تاللاپ چىقىدۇ. اللّٰه ئۇھۇد كۈنى كاپىرلارنى مۆئمىنلەر ئۈستىدىن غالىب قىلىشىنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ۞ إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾ <(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر[139] ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى) بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە بىر قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) اللّٰه نىڭ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ـ اللّٰه زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ [140]>①.

دېمەك، اللّٰه تائالا مۆئمىنلەرنى ئىمانلىرىدا سابىت تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، تەسەللىي بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىدىكى ئىلاھىي ھېكمەتلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇلارغا ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرسىلا، يەنە غەلىبە قازىنالايدىغانلىقى ھەققىدە خۇش بېشارەت بېرىدۇ. مۆئمىنلەرگە اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يولىدا مۇسىبەت يەتكەن بولسا، كاپىرلارغا اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلى بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىدا مۇسىبەت (زىيان ـ زەخمەت) يەتكەنلىكىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۇلارغا تەسەللىي بېرىدۇ. غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەربىر كىشىنىڭ رىزىق ۋە ئەجەلدىن

① سۈرە ئال ئىمران 139 ـ ئايەت ۋە 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇلاردىكى ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ مۇئمىنلەرنى كاپىرلاردىن ئايرىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دەرھەقىقەت، الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنكى بارلىق ھالەتلىرىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن الله تائالا ھەقىقى مۇئمىنلەرنى بەندىلىرىگە نەق مەيداندا شاھىت قىلىشنى ۋە ئۇلاردىكى ئىماننىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىنى نامايان قىلىشنى خالايدۇ. الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىن شەھىدلەرنى تاللاپ ئېلىۋېلىشنى بەندىلەرگە يەتكەن مۇسىبەتتىكى مۇھىم ھېكمەتلەر قاتارىدىن ساناپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شەھىدلەرنى تاللاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، شەھىدلىك الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجە ۋە يۇقىرى مەرتىۋە بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەقەت الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش بىلەنلا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر دۈشمەنلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قازاندۇرمىسا، الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك، بەندىگە ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغان شەھىدلىك دەرىجىسى ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، الله تائالا مۇئمىنلەرنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى تەۋبە قىلىش، الله قا يۈزلىنىش ۋە گۇناھلىرىدىن ئىستىغپار ئېيتىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە كاپىرلارنى زەپەر قۇچقۇزۇپ ئۇلارنىڭ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىغا ئىمكان يارىتىپ، دوزاختىكى ئازابىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ جىھاد قىلماي ۋە ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلماستىن جەننەتكە كىرىش ئوي-خىياللىرىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. ناۋادا مۇئمىنلەر دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ھەمىشە غەلىبە قازىنىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ھېچكىم ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلمىغان ۋە دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەتلىرى بىلەن سىنالمىغان بولاتتى. ھەقىقەتەنمۇ جىھاد قىلماي ۋە ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىش مۇمكىن

بولمايدۇ».[1]

مانا بۇلار ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئوتتۇرىغا قويغان اللہ نىڭ بەندىلىرىنى تۈرلۈك ئىمتىھانلار بىلەن سىنىشىدىكى بىر قىسىم ھېكمەتلەر بولۇپ، بىز ھەقىقەتتىكە يېتەلمەيدىغان، پەقەت اللہ قىلا مەلۇملۇق بولغان باشقا ھېكمەتلىرى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىزمىز.

ھەربىر دەۋەتچى شۇنى بىلىشى كېرەككى، مۇئمىنلەرنىڭ زېمىندا قۇدرەت تېپىشى مۇشەققەتلىك سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. اللہ نىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلايدۇ: ﴿**وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ**﴾ «ئۇلار (كۇلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق»[2].

باشقىلار ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھتىن: «بەندىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئەۋزەلمۇ ياكى ئىمتىھان قىلىنىشىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئىمتىھان قىلىنماي تۇرۇپ، قانداقمۇ پىشىپ يېتىلگىلى بولسۇن؟!» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [اللہ نىڭ نۇسرىتى پەقەت ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىمتىھان ۋە ئېغىر سىناقلاردىن كېيىنلا قولغا كېلىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ**﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۇلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۇلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: ‹اللہ نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان

---

[1] «إغاثة اللهفان من مصايد الشيطان» 2 ـ توم 189 ـ ۋە 191 ـ بەت.

[2] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.

كېلىدۇ؟> دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1].

ئازادە ئۆيلەر ۋە راھەت ئىشخانىلاردىن چىقماي ئولتۇرۇپ الله نىڭ نۇسرىتىنى تەمە قىلىۋاتقان كىشىلەر بولسا، الله نىڭ ئىلاھىي ھېكمىتى ۋە شەرىئەتنى ئورنىتىش قانۇنىيىتىنى بىلمەيدىغانلاردۇر. ئافغانىستانلىقلار ھازىرغا قەدەر 1 مىليون 200 مىڭغا يېقىن شەھىدلەرنى بەردى. ئەمما، تېخىچە الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ زېمىندا تەمكىنلىككە ئېرىشەلمىدى[2]][3].

الله يولىدىكى مۇجاھىد ئەمەللىرىنىڭ ئەجىر-ساۋابلىرىنى يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ھەربىر ئەمەللىرىدە الله رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆندۈرۈشى كېرەك. دېمەك، جىھاد مەيدانى ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ياخشىلىق قىلىش پۇرسەتلىرى ئەڭ كۆپ ئورۇندۇر.

كىشىلەر ھاياتىدا ئۇچرىغان ھەربىر مۇشكۇلات ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى الله تىن ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ بىلگىنىدە غەم-قايغۇلىرى ئازىيىدۇ، روھى ئۇرغۇپ، الله نىڭ سىناقلىرى ئالدىدا مەيۇسلەنمەيدۇ ۋە چۈشكۈنلەشمەيدۇ. ئۇلۇغ الله تىن بىزگە ۋە بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە مانا مۇشۇنداق ھېس-تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىشنى سورايمىز.

❖ ❖ ❖

---

[1] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت.

[2] بۇ — شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى قۇرۇلۇشتىن ئازراق ئىلگىرى سۆزلىگەن لېكسىيىسى بولۇپ، كېيىن ئۇلار الله نىڭ نۇسرىتى بىلەن ئىسلامىي ئىمارەت قۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن.

[3] «عبر و بصائر للجهاد في العصر الحاضر» 1- توم 2- بەت.

# 21 ـ ئەسلەتمە

## كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنىدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلەڭلار

كىشىلەر چۈشەنمىگەن ۋە بىلمىگەن نەرسىلەرنى ياقتۇرمايدىغان بولغاچقا، ھەربىر دەۋەتچى باشقىلارغا سۆز قىلغاندا ئۇلار چۈشىنىدىغان سۆزلەرنى قىلىش ـــ شەرىئەتنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى ۋە شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىچىدىكى ماختاشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرىدۇر. شۇنداقلا ۋەز ـ نەسىھەت ۋە دەۋەتتىكى زۆرۈر قائىدە، ئاقىل كىشىلەردىكى مۇھىم سۈپەت ۋە دىندا فەقىھ كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ بولسا ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ۋەزنى ئۇلۇغ مۇئامىلە ئەدەبلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا «كىشىلەرنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى توختىتىپ قويۇش ھەققىدە» دەپ باب تۈزگەن. ئاندىن كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى كەلتۈرگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة لولا قومك حديث عهدهم-بكفر-لنقضت الكعبة فجعلت لها بابين: باب يدخل الناس، وباب يخرجون» «ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭ يېڭى ئىمان ئېيتمىغان بولسا، مەن كەئبىنى يىقىتىپ، ئاندىن ئۇنى كىشىلەر بىر ئىشىكتىن كىرسە يەنە بىرىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ئىككى ئىشىك ئورنىتىپ، قايتا سالغان بولاتتىم».[1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پايدىدىن ۋاز كېچىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. چوڭ يامانلىقىقا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىچىك يامانلىقلارنى

[1] بۇخارى توپلىغان.

توسۇشتىن توختاپ تۇرۇشمۇ شۇنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ». ①

مۇھەللەب مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، ئەگەر بىر قەۋمنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ئۇلارنىڭ بۇيرۇلغان ياخشىلىقلارنى رەت قىلىپ، ئەكسىنى قىلىشىغا ۋە ئۇنى قەبىھ كۆرسىتىپ، پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولۇپ قالسا، ياخشىلىققا بۇيرۇشنىڭ توختىتىپ قويۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ». ②

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «بىر قەۋمنىڭ چۈشىنەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر قەۋمگە ئايرىم ئۆگىتىپ قويغان كىشى ھەققىدە» دەپ باب تۈزگەن، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلەڭلار، سىلەر الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟» دېگەن سۆزىنى كەلتۈرگەن.

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئاۋام خەلق ئالدىدا مۇجمەل سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ۋە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ئەسەرنى ئۇنىڭغا مىسال قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ما أنت محدثا قوما حديثا لا تبلغه عقولهم الا كان لبعضهم فتنة» «سەن بىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مەسىلىلەرنى سۆزلىمىگىن، ئۇنداق قىلساڭ، ئۇ سۆزۈڭ بەزىلەرنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ». ③

شاتىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆگەنگەن ئىلىملىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئالاقىدار بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىدىكى ھەممە ئىلىملىرىنى تارقىتىشى مەجبۇرىيەت ھېسابلانمايدۇ. شەرىئەت

① «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 3- توم 372- بەت.

② «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 1- توم 205- بەت.

③ «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 3- توم 373- بەت.

ئىلىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى تارقىتىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزىسىنى تارقىتىش مۇتلەق تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئىلىمنى يەتكۈزۈش كونكرېت شارائىت، ۋاقىت ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ». ①

شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ئەقلى يېتىدىغان، ئۇلارنىڭ زېھنىلىرى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلەش شەرىئەتنىڭ تەلىپىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار كىشىلەرنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشى، سۆزنى خاتا چۈشىنىۋېلىشى ياكى ئېھتىماللىقى بولمىغان تەرەپلەرگە تەئۋىل قىلىشىدىن ئەنسىرەپ «كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىش ھارام» دېگەن قاراشتا بولغان.

ئىبنى ئۇقەيىل رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىلىمنى سۆزلەش ھارامدۇر، چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئاڭلىغۇچىنى پىتنىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ». ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاۋام خەلقنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش توغرا ئەمەس».

دەۋەت تېمىسىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىمۇ رېئال شارائىتقا ماس ھالەتتە تاللىنىدۇ. بۇ يەردىكى رېئال شارائىت دەۋەت مەنپەئەتى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، بىلىم قۇرۇلمىسى، مۇھىتنىڭ تەسىرى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ رېئال شارائىت بەزىدە دەۋەتچىنى خۇتبىنىڭ مەلۇم بىر تۈرىنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. دەۋەتچىلەر ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ بىر ئورۇندا قىلغان نەسىھەتنى يەنە بىر ئورۇندا دېمەيدۇ. بەزى ئورۇندا ئوچۇق ئېيتىلىدىغان سۆزنى بەزى ئورۇندا ئوچۇق ئېيتمايدۇ. ئومۇمەن، رېئال شارائىتلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بەزى سۆزلەرنى يېپىق بايان قىلىش ياكى

---

① «الموافقات للشاطبي» 5- توم 167- بەت.

پۈرىتىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹من لقي اللَّه لا يشرك به شيئا دخل الجنة›. <ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي الله قا ئۇچراشقان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ> دېگەندە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بۇ خۇشخەۋەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزەيمۇ؟> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹لا إني أخاف أن يتكلوا› <ئۇنداق قىلمىغىن، مەن ئۇلارنىڭ شۇنىڭغا تايىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن> دېگەن».[1]

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇھەللەبتىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «بۇ ھەدىستىن، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ قىلغاندەك ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ياخشى ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەرگە ئايرىم ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ؛ ئىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىلىمى چولتا، سەل قاراش ياكى شۇنىڭغىلا تايىنىۋېلىش ئېھتىماللىقى بىلىنگەن كىشىلەرگە ئىنچىكە مەنىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكنىڭ ۋاجىبلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ».[2]

كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا ئىمكانقەدەر غەلىتە ۋە يات تۇيۇلىدىغان سۆزلەردىن ساقلىنىش، مەسىلىلەرنى چۈشىنىشلىك، ئاسان سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا شاخچە مەسىلىلەردە مەزھەب قاراشلىرىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىگە رىئايە قىلىش ۋاجىبتۇر. مۇشۇ بويىچە سۆز قىلغاندا ئەڭ تېز شەكىلدە باشقىلارنىڭ قايىللىقىغا ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش ــ دەۋەتچىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئالىم كىشى سوئال سورىغۇچىنىڭ سۆزلەرنى تولۇق چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاجىز، سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىش ئېھتىماللىقى بار كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولىدۇ.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 1- توم 207- بەت.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سوئال سورىغۇچى سوئالنىڭ جاۋابىنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى كۆزقاراشلىرى يۈزەكى كىشى بولۇپ قالسا، ياكى جاۋاب بەرگۈچى سورىغان كىشىنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقسا، جاۋاب بېرىشتىن توختىۋالسا بولىدۇ».[1] بۇنى ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ «المجموع» ناملىق كىتابىدا، ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا شۇنداق نەقىل قىلغان.

يۇقىرىقىلار كىشىلەرگە قايسى ئۇسلۇبتا سۆز قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئەقلى يېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىش توغرىسىدىكى سەلەفلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان سۆزلەردۇر. كىشىلەرگە قايسى ئۇسلۇبتا سۆز قىلىش توغرىسىدىكى ئەسلەتمىلەرگە رىئايە قىلغان ۋاقىتتا، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن ساقلانغىلى ھەمدە كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى رېئاللىقتا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

«سەھىھ مۇسلىم»دا قەزئەنىڭ مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان: «مەن ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېنىدا نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىكەن. كىشىلەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن: ‹مەن سەندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامىزى ھەققىدە سوئال سورايمەن› دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا: ‹ئۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق› دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن يەنە تەكرار سورىۋىدىم، ئۇ يەنە شۇنداق جاۋاب بەردى».

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ مەنىسى ـــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامىزى ئۇزۇن، خۇشۇئلىرى كامىل بولغاچقا سەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ناماز ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. ئەگەر سەن بۇنىڭغا بۇيرۇلۇپ قالساڭ، ساڭا ئېغىر كېلىپ ئۇنى قىلالمايسەن-دە، شۇنىڭ بىلەن سۈننەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى بولۇپ قالىسەن دېگەنلىكتۇر».[2]

---

[1] «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 4- توم 120- بەت.

[2] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 4- توم 176- بەت.

ھاكىم تارىخ كىتابىدا ئەبۇ قۇدامەدىن، ئۇ نەزىر ئىبنى شۇمەيلدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «خەلىلدىن بىر مەسىلە ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىشنى كېچىكتۈردى. مەن (ئىبنى شۇمەيل): <بۇ ئىختىلاپلىق مەسىلە ئىكەن ـ دە> دېسەم، ئۇ: <مەن بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى بىلەتتىم، بىراق مەن ساڭا سەن تېز چۈشىنەلەيدىغان جاۋابنى بېرىشنى خالىدىم> دېدى. ئەبۇ قۇدامە مۇنداق دېگەن: <مەن ئۇنى ئەبۇ ئۇبەيدىگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ خۇشاللىنىپ كەتتى>».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ﴾ <الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى>[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: <ناۋادا مەن ساڭا ئۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ ئايەتنى يالغانغا چىقىرىپ كاپىر بولۇپ كەتكەن بولاتتىڭ، بۇ ۋاقىتتا سېنى نېمە ئىمان ئېيتقۇزىدۇ؟>».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿تَعْرُجُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ إِلَيْهِ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ﴾ «پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) الله قا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ»[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: <ئۇ، الله خەۋەر قىلغان بىر كۈن بولۇپ، ئۇنى الله ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. سەلەف ـ سالىھلارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى مۇشۇنداق>».[3]

بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ــ سەلەف ۋە خەلەف ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك خىسلەتتۇر».

---

[1] سۈرە تەلاق 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائارىج 4 ـ ئايەت.

[3] «مجموع الفتاوى» 6 ـ توم 59 ـ بەت.

الله تائالادىن بىزنى كىشىلەرنىڭ ئەقلى يېتمىدىغان، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلەشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

❋ ❋ ❋

# 22 ـ ئەسلەتمە

## دىن ـــ نەسىھەتتۇر

ئى مۇجاھىد قېرىندىشىم! نەسىھەت قىلىش بولسا بەندىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاجىبلارنىڭ قاتارىدىندۇر. تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ھاياتى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆتكەنىدى. الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېگەن: ﴿أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي وَأَنْصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن الله نىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»[①]. يەنە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېگەن: ﴿فَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا قَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالَةَ رَبِّي وَنَصَحْتُ لَكُمْ وَلَكِنْ لَا تُحِبُّونَ النَّاصِحِينَ﴾ «ئۇ (ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن) ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە: <ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار> دېدى»[②]. الله نىڭ كىتابىدا بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

نەسىھەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ: «الدين النصيحة» «دىن دېگەن نەسىھەتتۇر» دېگەنىدى.

ئىمام سۇيۇتى رەھىمەھۇللاھ: «نەسىھەت قىلىش دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئاساسىدۇر» دېگەن.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ھەدىس

---

① سۈرە ئەئراف 62 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف 79 ـ ئايەت.

بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئۇنىڭغا يىغىنچاقلانغان. بىر بۆلۈك ئالىملارنىڭ: ‹بۇ ھەدىس ئىسلامدىكى بارلىق ئىشلارنى جەملىگەن تۆت ھەدىسنىڭ بىرىدۇر› دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ — ئۇلار ئېيتقاندەك ئەمەس بولۇپ، بەلكى ئىسلام مۇشۇ ھەدىسنى مەركەز قىلىدۇ».[1]

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نەسىھەت ئومۇمىي مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ نەسىھەت قىلىنغۇچىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر كەلىمە يوق».

ئالىملار ئېيتقاندەك، الله نىڭ كىتابىغا ساداقەتمەن بولۇش — ئۇنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، چۈشىنىش ۋە ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. الله نىڭ رەسۇلىغا ساداقەتمەن بولۇش بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شەخسىيىتىنى ھۆرمەتلەش، سۈننىتىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىش، سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئەمەللىرىدە تەتبىقلاش ئارقىلىق بولىدۇ. مۇسۇلمان ئىماملارغا ساداقەتمەن بولۇش بولسا ئۇلارغا ياخشىلىقتا ياردەم بېرىش، گۇناھ بولمىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش، غەپلەتتە قالغان ۋاقىتلىرىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، خاتالاشقان ۋاقىتلىرىدا نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مەسئۇللارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنىڭ قىلغان زۇلۇمىنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە توسۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مۇسۇلمانلارغا ساداقەتمەن بولۇش بولسا ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتكە يېتەكلەش ۋە بۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىش، كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش، ئۇلارغا كېلىدىغان زىياننى يوقىتىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، سەمىمىي بولۇش، كۆيۈنۈش،

[1] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 2- توم 37- بەت.

ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى ھۆرمەتلەش، پات-پات ۋەز-نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنى ئالدىماسلىق، ھەسەت قىلماسلىق، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۇلارغىمۇ ياخشى كۆرۈش، ئۆزىگە يامان كۆرگەننى ئۇلارغىمۇ يامان كۆرۈش، سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماللىرى، يۈز-ئابرۇيلىرى ۋە باشقا ھالەتلىرىنى قوغداش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئالىملار نەسىھەت قىلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردا بولغان. ئىبنى ھەزىم رەھىمەھۇللاھ «رسالة الجامع» ناملىق كىتابىدا بەزى ئالىملارنىڭ نەسىھەت قىلىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەين ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان. قازى ئىياز رەھىمەھۇللاھ «الشفا» ناملىق كىتابىدا مالىكى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ ئۇنى «ۋاجىب» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مالىكىي مەزھىبىدىكىلەردىن ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ بۇخارى»غا يازغان شەرھىسىدە نەسىھەت قىلىشنىڭ پەرز كۇپايە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان (الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

ئىبنى ئەزرەق مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نەسىھەت ئاچچىق بولۇپ، پەقەت ئىرادىلىك كىشىلەرلا ئۇنى قوبۇل قىلالايدۇ».

نەسىھەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن، ھەربىر نەسىھەت قىلغۇچى تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

نەسىھەت قىلغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەدەب-ئەخلاقلار تۆۋەندىكىچە:

- بىرىنچى، نەسىھەت قىلىشتا الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش.
- ئىككىنچى، خالىي ۋاقىتلاردا نەسىھەت قىلىش، كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلماسلىق ۋە ئۇنى جامائەتچىلىككە يايماسلىق. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىغا باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغان كىشى ئۇنى سەتلەشتۈرگەن بولىدۇ. قېرىندىشىغا ئادەم يوق

يەردە نەسىھەت قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان ۋە قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ».

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەلەف ـ سالىھلار بىرەر كىشىگە نەسىھەت قىلماقچى بولسا، ئادەم يوق يەردە خۇپىيانە ھالدا نەسىھەت قىلاتتى. بەزى سەلەف ـ سالىھلار مۇنداق دېگەن: <قېرىندىشىغا خۇپىيانە نەسىھەت قىلغان كىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ، قېرىندىشىغا باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلغان كىشى ئۇنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ>. فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <مۇئمىن كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ، پاسىق كىشى قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ ۋە ئۇنى ئەيىبلەيدۇ>».①

- ئۈچىنچى، نەسىھەتتە مۇلايىم بولۇش، يۇمشاق سۆز قىلىش، سۆزلىگەندە تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىش ۋە كەمتەر بولۇش. ئىمام ئىبنى ھەزىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن بىر كىشىگە نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، باشقىلار يوق يەردە يۇمشاق سۆز بىلەن نەسىھەت قىلغىن، نەسىھەت قىلغان كىشى تەرىپىدىن تىل ئاھانەتكە ئۇچرىساڭ ئۇنى باشقىلارغا ئېيتمىغىن، بولمىسا سوخەنچى بولۇپ قالىسەن؛ نەسىھەت قىلغاندا قوپال سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغىن، بولمىسا ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىسەن ۋە ئۈركۈتۈۋېتىسەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَّيِّنًا لَّعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَىٰ﴾ «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن»②. پەيغەمبەر ﷺ نەسىھەت قىلىشتا باشقىلارنى ئۈركۈتۈۋېتىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇغان.③

---

① «جامع العلوم والحكم» 1 ـ توم 262 ـ بەت.

② سۈرە تاھا 44 ـ ئايەت.

③ «الأخلاق والسير لابن حزم الأندلسي» 1 ـ توم 109 ـ ۋە 110 ـ بەت.

• تۆتىنچى، قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەرتى بىلەن نەسىھەت قىلماسلىق كېرەك. ئىمام ئىبنى ھەزىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا نەسىھىتىڭنى قوبۇل قىلىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلما. ئەگەر سەن بۇ يوللاردىن ھالقىپ كەتسەڭ، ئۇ چاغدا سەن نەسىھەت قىلغۇچى ئەمەس بەلكى زالىم؛ دىيانەت ۋە قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان بۇيرۇقۋاز بولۇپ قالىسەن. بۇنداق نەسىھەت ئاقىللارنىڭ ۋە چىن دوستلارنىڭ سەمىمىي تەكلىپى ئەمەس، بەلكى ئەمىرنىڭ پۇقرالىرىغا، خوجايىنىنىڭ قۇلىغا بولغان بۇيرۇقىدۇر».

نەسىھەت قىلغۇچى نەسىھەت قىلماقچى بولغان ئوبيېكت ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولۇشى، قىلماقچى بولغان نەسىھەتنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلگەن بولۇشى كېرەك. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شارائىت تەقەززاسى بىلەن ۋاجىب بولغان دەۋەتلەرنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاجىب ئەمەللەرنى ئورۇنداش جەريانى نۇرغۇنلىغان ۋاستە ۋە شەرتلەرگە موھتاج بولىدۇ. خۇددى ھەدىستە ئېيتىلغاندەك، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماقچى بولغان كىشى ئۆزى بۇيرۇۋاتقان ۋە توسۇۋاتقان ئىشلار ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىم ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ۋە بۇ جەرياندا مۇلايىم، ئېغىر-بېسىق بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشلار ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، بۇيرۇغان ۋاقىتتا مۇلايىم بولۇش، بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ئىشلار سەۋەبلىك ئەزىيەتكە ئۇچرىسا سەۋر قىلىش، بۇيرۇغاندىن كېيىن ئېغىر-بېسىق بولۇش لازىم. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچى ئەزىيەتكە ئۇچرايدۇ».[①]

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ

---

[①] «مجموع الفتاوى» 15- توم 167- بەت.

نەسىھەت قىلىنغۇچىدىن ئالىم، ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىسى يۇقىرى، ئادالىتى مۇكەممەل، دىيانىتى ئۈستۈن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. ئۇستاز ئۇبەيدۇللاھ ئىسھاق ئەلەسى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئىمام ئابدۇراھمان ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھقا قىلغان نەسىھەت خېتىنىڭ ئەۋۋىلىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىلمى ئاز كىشىنىڭ ئىلىملىكلەرنى يامانلىقتىن توسۇشى يوللۇق بولمىغان بولسا ئىدى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ئېتىبارسىز قارالغان بولاتتى ۋە بىزمۇ بەنى ئىسرائىلغا ئوخشاپ قالغان بولاتتۇق. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ﴾ <ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!>[1].

بەلكى ئادەتتىكى كىشى پەزىلەتلىك كىشىنى، پاسىق كىشى سالىھ كىشىنى يامانلىقتىن چەكلىسە بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە پاسىق كىشىلەرمۇ بىر-بىرىنى پاسىقلىقتىن توسۇشى كېرەك. ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: <يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانغان بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى گۇناھكار كىشىلەرمۇ بىر-بىرىنى يامانلىقتىن توسىدۇ>.

ئۇسۇلشۇناس ئالىملارنىڭ بەزىلىرى: <ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭمۇ بىر-بىرىنى ھاراق ئىچىشتىن توسۇشى ۋاجىب بولىدۇ> دېگەن ۋە بۇ سۆزىگە ﴿كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ﴾ <ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!>[2] دېگەن مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ يامان ئىشلاردا شېرىك ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلسىمۇ، الله تائالا ئۇلارنى بىر-بىرىنى يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەن>».[3]

---

[1] سۈرە مائىدە 79- ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 79- ئايەت.
[3] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 6- توم 253- ۋە 254- بەت.

ئەگەر سىز نەسىھەت قىلماقچى بولغان كىشى ئابرۇيلۇق ۋە ھوقۇقدار كىشى بولسا، ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيى، سىزگە بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاھىدە دوستلۇق مۇناسىۋىتىڭىز سىزنى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. ئەمەلىيەتتە نەسىھەت قىلىش ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، نەسىھەت ئۇنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ خاتالىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۆزئارا نەسىھەت قىلىش — سۆھبەتداشلىق ۋە قېرىنداشلىق ھەقلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپىدۇر.

شۇنىسى ئېنىقكى، نەسىھەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ. شەيخ ئوسامە بىنلادىن رەھىمەھۇللاھ (الله ئۇنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن) ئۆزىنىڭ بىر رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: «دىن پەقەت نەسىھەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە دىن يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ: ‹إن أفضل الجهاد كلمة حق عند سلطان جائر› ‹ھەقىقەتەن، جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتۇر› دېگەن. دېمەك، بۇنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈندۇر.

دىنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەرقانداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىسالى بىر كېمىگە چىققان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. كاپىتان ئۇ كېمىنى دەريا ئېقىنىدىكى چوڭقۇر قاينام تەرەپكە ھەيدەيدۇ، ئاندىن بىر كىشى كاپىتانغا نەسىھەت قىلماقچى بولىدۇ. باشقا كىشىلەر كاپىتاننىڭ ئاچچىقلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ: ‹كاپىتانغا نەسىھەت قىلما! ئەگەر نەسىھەت قىلىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن› دەيدۇ-دە، نەتىجىدە ھەممىسى ئاشۇ قاينامغا بارىدۇ.

مەيلى ئىلگىرىكى ياكى ھازىرقى دەۋردە بولسۇن، ئۇممەتنىڭ ياخشى كىشىلىرى ئەڭ كۆپ نەسىھەت قىلىدىغان، نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغان ۋە

ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلىنغانلىقىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <ئەگەر سىلەر بىزگە نەسىھەت قىلمىساڭلار سىلەردە ھېچ ياخشىلىق يوق، ئەگەر بىز نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىساق بىزدىمۇ ھېچبىر ياخشىلىق يوق>».[1]

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، الله تىن قورقىن! الله بىلەن قەسەمكى، ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس> دېدى». ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: <سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى ھاقارەتلىمىگىن> دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ھېلىقى كىشىگە ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: <كىشىلەرنى نەسىھەت قىلغىلى قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار بىزگە نەسىھەت قىلالمىسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچبىر ياخشىلىق يوق؛ ئەگەر بىز نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىساق، بىزدە ھېچبىر ياخشىلىق يوق> دېدى».[2]

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى كۆرسىتىپ قويغان كىشى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدۇر>».[3]

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ ماڭا: <مەن يامان كۆرىدىغان نەرسىنى (يەنى ئەيىب-نۇقسانلىرىمنى) مېنىڭ ئالدىمدا ئېيتقىن. چۈنكى، كىشى قېرىندىشى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئالدىدا دېمىگۈچە قېرىندىشىغا سەمىمي

[1] «حقوق الإنسان» 1- توم 245- بەت.

[2] «موارد الظمآن لدورس الزمان» 6- توم 31- بەت.

[3] «الطغيان السياسي وسبل تغييره من المنظور القرآني» 1- توم 128- بەت.

نەسىھەت قىلغان بولمايدۇ› دېگەن».[①]

مانا بۇلار سىزدىن ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدۇر. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ۋەز-نەسىھەتلەر بار، سىز بۇلارنى ياخشى ئويلىنىڭ! ﷲ سىزگە شۇ ئارقىلىق مەنپەئەت يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس. سىزگە باشقىلار نەسىھەت قىلغاندا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنى رەت قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ! چۈنكى بۇنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىكتۇر. ﷲ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

❖ ❖ ❖

---

[①] «تسهيل الوصول لفوائد سير أعلام النبلاء» 1- توم 119- بەت.

## 23 ـ ئەسلەتمە

## رەھبەرلىك قاتلىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە

الله يولىدىكى ھەربىر مۇجاھىد شۇنى بىلىپ يېتىشى كېرەككى، بىر كىشىنىڭ ياكى مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ۋە مەرتىۋىسى ھەرقانچە ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، الله نىڭ دىنى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا موھتاج ئەمەس. بەلكى بۇ دىن ئۆزى مۇستەقىل بەرپا بولىدىغان، بىرەر شەخس ياكى تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە باغلىنىشلىق بولمىغان، بىرەر رەھبەر ياكى قوماندانىنىڭ شەھىد بولۇپ كېتىشى بىلەن ئاجىزلاپ قالمايدىغان، الله ياردەم بېرىشكە ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشقا كېپىل بولغان دىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ۞ هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ۞﴾ «ئۇلار الله نىڭ نۇرىنى (يەنى الله نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر [8] مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى[9]»[1].

الله تائالا ئۆز كىتابىدا بۇ دىنغا ئەمەل قىلىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ ھەمدە بۇ دىنىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ ئەۋزەل كىشىسى بولغان يولباشچىمىز مۇھەممەد ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا

[1] سۈرە سەپ 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەت.

﴿وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۇكۇر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ»[1].

شەيخ سەئدى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ﴾ <مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)>. يەنى مۇھەممەد ﷺ تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى رەببىنىڭ ئەلچىلىكلىرىنى يەتكۈزۈش، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتۇر؛ ئۇلار مەڭگۇ قالمىغان، شۇنداقلا اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاشتا ئۇلارنىڭ مەڭگۇ ھايات قېلىشى شەرت ئەمەس، ئۇممەتلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىشى ۋاجىب دېگەنلىكتۇر. ﴿أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ﴾ <ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟)>. يەنى، پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىمان، جىھاد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەللەرنى تەرك قىلىش بىلەن ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ ﴿وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا﴾ <كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ>. يەنى، بەلكى ئۇ ئۆزىگە زىيان سالىدۇ، اللە ئۇنىڭدىن بىھاجەتتۇر. اللە ئۆزىنىڭ دىنىنى بەرپا قىلىدۇ، مۇئمىن بەندىلىرىنى ئەزىز قىلىدۇ. اللە ئارقىسىغا يېنىۋالغانلارنى ئەيىبلىگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ھەم

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

پەيغەمبىرى بىلەن سابىت تۇرغان ۋە رەببىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ <الله شۇكۇر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ> شۇكۇر پەقەت ھەرقانداق ئەھۋالدا الله قا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ».①

سەئدى رەھىمەھۇللاھ ھەرقانداق بىر دەۋەتچىدە ۋە ئىلاھىي ئامانەتنى ئادا قىلغۇچى ھەربىر مۇئمىندە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنىڭ قابىلىيەتلىك رەھبەرلىرى ۋە يولباشچىلىرىنى يوقۇتۇپ قويغان تەقدىردىمۇ ئىماندا بەرقارار بولۇشى، دىنىي ساھەلەردە دىنىنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى شەھىد بولسا يەنە بىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ داۋاملىشىشى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە الله نىڭ دىنىنى بەرپا قىلىشى ۋە دىنىنى قوغداپ جىھاد قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئىزچىل داۋاملىشىدۇ ۋە تەرتىپلىشىدۇ».②

الله يولىدىكى مۇجاھىد بىرەر قوماندان ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرەر ئەمىرنى يوقىتىپ قويغاندا سەۋرچان ۋە تەمكىن بولۇشى، ئۇچرىغان مۇسىبەتلەرگە ئەجىر-ساۋاب ئۈمىد قىلىشى، الله تىن يوقاتقانلىرىدىنمۇ ياخشىسىنى ئورۇنباسار قىلىپ بېرىشىنى تىلىشى، كۆپ ۋايساپ شىكايەت قىلماسلىقى، باشقىلارنىمۇ سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشى، ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مۇسىبەتنى ئەسلىتىشى، سۇباتلىق، ئىرادىسى كۈچلۈك، يىراقنى كۆرەر بولۇشى ۋە بۇ جەھەتتە ئەبۇ بەكرى سىددىق

---

① «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان لعبد الرحمن ناصر السعدي» 1- توم 150- بەت.

② «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان لعبد الرحمن ناصر السعدي» 1- توم 150- بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە ئەڭ گۈزەل نەمۇنە قىلىشى زۆرۈردۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتى مۇسۇلمانلارغا ئەڭ چوڭ مۇسىبەت بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى. بۇ ئىش ئۇلارغا شۇ دەرىجىدە ئېغىر كەلگەن ئىدىكى، بەزىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتىنى ئىنكار قىلىۋاتقان، بەزىلەر ئىش تاشلىغان، يەنە بەزىلەر ھودۇققىنىدىن ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ۋە سالام قىلغان كىشىنىمۇ تونۇمايۋاتقان، بەزىلەر چۇقان سېلىپ يىغلاۋاتقان، نۇرغۇن بەدەۋىيلەر دىنىدىن يېنىۋالغان، باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن بىر ھالەتتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەلبىدىكى تەۋرەنمەس ئىمان، شىجائەتلىك روھنى نامايەن قىلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ ئۆزىگە يۈكسەك سەۋر ۋە جەزمىيەتنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، كىشىلەرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، اللہ نىڭ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىدىكى كاتتا نېئمەتلەرگە تاللىغانلىقىنى بايان قىلىپ: <كىمكى مۇھەممەد ﷺ گە ئىبادەت قىلىدىغان بولسا مۇھەممەد ﷺ ۋاپات بولدى. كىمكى اللہ قا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا اللہ مەڭگۈ ھايات، ئۇ ئۆلمەيدۇ> دېدى ۋە ﴿**وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ**﴾ <مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللہ قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللہ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ>[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. كىشىلەر بۇ ئايەتنى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلاۋەت قىلغانغا قەدەر ئاڭلاپ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

باقمىغاندەك تۈيغۇغا كەلدى. ئاندىن ھەممەيلەن ئۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ئۇ كىشىلەرنى سابىت تۇرۇشقا ئۈندەپ، شىجائەتلەندۈردى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تۆلكىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدۇق، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە نۇتۇق سۆزلەپ بىزنى شىجائەتلەندۈرۈۋىدى، بىز شىرلارغا ئوخشاش ھالەتكە كەلدۇق».[1]

شۇنداق! دەل مۇشۇنداق ئىمانلىق قەلب ئىگىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قەلبلەر تەسكىن تاپىدۇ، ئىرادىلەر كۈچىيىدۇ، ئۇلۇغۋار ئىشلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ھەربىر مۇۋەھھىد بۇ دىننى ھىمايە قىلىدىغان ھەممىگە قادىر زاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ ئۈممەتنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكىنى، بۇ دىن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان پىداكار زاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قوماندان ياكى بىرەر مۇجاھىدنى يوقۇتۇپ قويۇش ۋە ياكى بىرەر مۇۋەھھىد دەۋەتچى ۋاپات بولۇش تۈپەيلى قەلبىڭلارغا چۈشكۈنلۈك كىرىۋالمىسۇن.

شائىرنىڭ مۇنۇ سۆزى نېمە دېگەن گۈزەل ـ ھە!

كېتىپ قالسا بىزدىن بىر رەھبەر،

ئىزنى باستى يەنە بىر رەھبەر.

دانالارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى،

ئەينەن كېلۇر ھامان بىر كۈنى.

دىن يولىدىكى مانا مۇشۇنداق دەۋەتچى ۋە قوماندانلارنىڭ ئاققۇزغان قانلىرى قەلبلىرىڭىزنى يالقۇنجىتىپ، ﷲ نىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان ئاتەش، دىنىنىڭ غەلىبىسىگە تۈرتكە بولىدىغان يېقىلغۇ ۋە سىزدىن ئىلگىرىكىلەر يەتكەن مەنزىللەرگە يېتىشىڭىز ئۈچۈن مەشئەل بولسۇن. ئەگەر سىز پەزىلەتلىك كىشىلەرگە بولغان دوستلۇق ۋە سەمىمىيلىكتە ئەستايىدىل

[1] «منهاج السنة النبوية في نقض كلام الشيعة القدرية لابن تيمية» 8 ـ توم 83 ـ بەت.

بولسىڭىز، مانا بۇ ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر. سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ ئىش-ئىزلىرىغا تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، بىز بايان قىلغان ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. الله تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر، بىزگە الله كۇپايە ۋە نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

بۇ يول ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇشەققەتلىك داۋانلار بىلەن تولغان بولغاچقا، دەۋەت ۋە جىھاد سېپىدىكى بەزى مەشھۇر كىشىلەر بوشاڭلىق ۋە ئاجىزلىققا گىرىپتار بولۇپ، قەلبىنى دۇنيا مۇھەببىتى ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش قاپلىۋالىدۇ ۋە بۇ تۈپەيلى دەۋەت ۋە جىھاد سەپلىرىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ. ئىلگىرى ئوتلۇق دەۋەتلىرى ئارقىلىق دەۋەت ۋە جىھاد سەپلىرىنىڭ رەمزىسىگە ئايلانغان كىشىلەر بىردىنلا جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمەنلىرى سېپىدە بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇنداق ئەھۋاللار جىھاد مەيدانلىرىدا پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىد بۇنداق ئەھۋالدا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ**﴾ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز-نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر»[1].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۆزى نازىل قىلغان ۋەھيىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، الله تىن باشقىغا ئەگىشىشتىن توسقان. كىمكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئەگەشمىسە، يەنە بىرىگە ئەگىشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ**

[1] سۈرە ئەئراف 3- ئايەت.

الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ <كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!>① . ئالىملار مۇنداق دېگەن: <كىمكى مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىسە، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىدۇ>. بۇنداق بولغانىكەن مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋاجىب بولۇپ، ھېچكىمنىڭ مۇئمىنلەر بىرلىككە كەلگەن يولدىن چىقىپ كېتىشى لايىق بولمايدۇ».②

ئەگەر مۇجاھىد بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە، ئۇنى الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە توغرىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدا توغرا كۆرسەتمە بار. قەلبىدە بىرەر شەخسكە تايىنىپ قالماسلىق ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىشى ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بىرەر كىشىگە باغلىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى باشقىلارنى دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈش ئىمان مىقدارىدا بولىدۇ. سىز بۇ يولدا «ھەق ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ھەق بىلەن تونۇلىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزىڭىزنىڭ شوئارى قىلىشىڭىز كېرەك. الله توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

❖ ❖ ❖

① سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت.

② «مجموع الفتاوى» 7 ـ توم 173 ـ بەت.

# 24 ـ ئەسلەتمە

## الله يولىدا خىزمەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئى قېرىندىشىم! قېرىنداشلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۆزى قىيىن، دەرىجىسى كاتتا، مەرتىۋىسى ئۈستۈن، خالىس نىيەت بىلەن قىلىنىسىلا شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەللەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا «جەڭدە (قېرىنداشلىرىغا) خىزمەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى» دەپ بىر باب تۈزۈپ، ئاندىن ئۇ بابتا تۆۋەندىكى ئۈچ ھەدىسنى بايان قىلغان.

«سەھىھ بۇخارى»نى شەرھلىگەن ئەينى رەھىمەھۇللاھ بۇ بابنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «بۇ، جەڭدە سەپداشلىرىغا خىزمەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ھەققىدىكى باب بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ئۈچ ھەدىس بار. بۇنىڭدىكى بىرىنچى ھەدىستە چوڭنىڭ كىچىككە، ئىككىنچى ھەدىستە كىچىكنىڭ چوڭغا، ئۈچىنچى ھەدىستە تەڭتۇشلارغا خىزمەت قىلىش كۆزگە چېلىقىدۇ».[1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھقا ھەمراھ بولغانىدىم، ئۇنىڭ يېشى مەندىن چوڭ بولسىمۇ، دائىم مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلاتتى. جەرىر مۇنداق دېگەن: ‹مەن بىرەر ئەنسارىنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەملا، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىم›».[2]

مۇتەللىپ ئىبنى ھەنتەبىنىڭ ئازادگەردىسى ئەمىر ئىبنى ئەبۇ ئەمىردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ ئۇنىڭ بىلەن خەيبەرگە بىللە چىققانىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئۇھۇد تېغى كۆرۈندى ۋە: ‹هذا جبل

---

[1] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 14 ـ توم 173 ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

يحبنا ونحبه› ‹بۇ تاغ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ھەم بۇ تاغنى ياخشى كۆرىمىز› دېدى، ئاندىن مەدىنىنى كۆرسىتىپ: ‹اللهم إني أحرم ما بين لابتيها، كتحريم إبراهيم مكة، اللهم بارك لنا في صاعنا ومدنا› ‹ئى الله ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى (بىرەر ھايۋاننى ئۇۋلاش ياكى دەرەخلىرىنى كېسىشنى ھارام قىلىش ئارقىلىق) ھۆرمەتلىك قىلغىنىدەك، مەنمۇ مەدىنىدە ئۇنىڭ ئىككى قارا تاشلىق زېمىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ھارام قىلدىم (يەنى بۇ ئورۇندىكى ھايۋانلارنى ئۇۋلاش ياكى دەرەخلىرىنى كېسىش چەكلىنىدۇ). ئى الله ! بىزگە بۇ شەھەرنىڭ تارازا ـ ئۆلچەملىرىنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن› دېدى». [1]

ئەينى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىن ئەگەر ياشتا چوڭ كىشى ھۆرمەتكە سازاۋەر، قەۋمى ئىچىدە ئىناۋەتلىك، ئىلىملىك كىشى بولسا كىچىكلەرنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ». [2]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە (سەپەردە) ئىدۇق. بىزنىڭ كۆپىنچىمىز كىيىمىنى سايىۋەن قىلىپ سايىداۋاتاتتى. روزا تۇتقانلار بولسا ھېچ ئىش قىلمىدى. روزا تۇتمىغانلار بولسا تۆگىلەرنى ھەيدەپ ئاپاردى، تاماق ئەتتى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ذهب المفطرون اليوم بالأجر› ‹بۈگۈن ئەجىرنى روزا تۇتمىغانلار ئېلىپ كەتتى› دېدى». [3]

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى سۇفرەدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «بۇ ھەدىستە ئەگەر روزا تۇتمىغان كىشىلەر جىھاد، ئىلىم ئېلىش ۋە ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قىلالىسا ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالىسا، ئۇ چاغدا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 14 ـ توم 174 ـ بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

روزا تۇتۇشنىڭ ئەجرىدىن جەڭدە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەجرى كاتتا ئىكەنلىكى ھەمدە ھەرقانداق ھالەتتە جىھادتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىڭ ۋە بىر-بىرىگە خىزمەت قىلىشنىڭ كاتتا پەزىلەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىستە يەنە ئۆزىنىڭ قەۋمى ئىچىدە ئىلىم، ھۆرمەت، دىيانەت ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان ياشتا كىچىكلەرگە چوڭلارنىڭ خىزمەت قىلىشىنىڭمۇ دۇرۇس ئىكەنلىكى؛ ئەمما جەڭدە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ خىزمەت قىلغۇچىنىڭ ئەجرى خىزمىتى قىلىنغان ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان».①

قېرىنداشلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش كەمتەرلىكنىڭ، مۇئمىنلەرگە كىچىك پېئىل بولۇشنىڭ ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ نۇرغۇنلىغان شەھىدلەرنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئىدى. مەن الله شەھىدلىككە تاللىغان نۇرغۇن شەھىدلەرنى كۆردۇمكى، ئۇلار قېرىنداشلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بولغان قىزغىنلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [الله تائالا ماڭا ئۆز قولى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنى قۇتقۇزغان ۋە ئۈممەتنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان جىھاد مەيدانىدىكى ئەنسارىلارنىڭ سېپىدە بولۇشنى نېسىپ قىلدى، شۇنداقلا الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى ئايىمايدىغان ئۈممەت پىداكارلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا مۇشەررەپ قىلدى. مەن ئۇلارنى «ھۆرلەرگە ئاشىق بولغانلار» دەپ ئاتايمەن. مەن مانا بۇ ھۆرلەر ئاشىقلىرىنىڭ يىقىلغان جايلىرىغا شاھىت بولدۇم. كۆپ يىللىق تەجرىبەم ئارقىلىق پەزىلەتلىك، ياخشى خۇلق ئىگىلىرىنىڭ شەھىدلىككە تاللىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. مەن شەھىدلەردە تېپىلىدىغان سۈپەتلەرنىڭ تامامەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ سۈپەتلەر بولسا، ئاز سۆزلەش، كۆپ ئىشلەش،

① «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 5- توم 74- بەت.

مۇسۇلمانلارغا ياخشى ئۈيدا بولۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا بەسلىشىش قاتارلىقلاردۇر. سەن شەھىدلەردىكى ئىش-پائالىيەتلەرنىڭ بىزگە سۆزلىرىدىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن. «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ياخشى ئەمەس تۇرۇقلۇق الله ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ: <مەن سىلەرگە پەقەت ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىمەن، سىلەرگە ئەمەلىمنى مىراس قالدۇرىمەنكى، ئۇ سىلەرگە مېنىڭ سۆزۈمدىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى ئۆگىتىدۇ> دېگەن»].[1]

سەلەف-سالىھلار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى سەپەرلەردە ھەمراھلىرىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشنى شەرت قىلاتتى.[2]

ئىمام ھاپىز ئەبۇ يۇسۇپ ياقۇپ فەسەۋى، بىلال ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئامىر ئىبنى ئابدۇلقەيس بىرەر غازاتتىن قايتماقچى بولسا ھەمراھ بولىدىغان كىشىلەرنى تاللايتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ھەمراھلارنى ئۇچراتسا: <ئى دوستلار! سىلەر ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ماڭا بەرسەڭلار مەن سىلەرگە ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن> دەيتتى. ئۇلار: <ئۇ قايسى خىسلەتلەر؟> دەپ سورىسا، ئۇ: <بىرىنچى، مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن، ھېچقايسىڭلار مەندىن خىزمەت قىلىشنى تالاشمايسىلەر؛ ئىككىنچى، مەن سىلەرنىڭ مۇئەززىنىڭلار بولىمەن. ھېچقايسىڭلار مەندىن مۇئەززىنلىكنى تالاشمايسىلەر؛ ئۈچىنچى، تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە چىقىمىڭلارنى قىلىمەن> دەيتتى. ئەگەر ئۇلار ماقۇل دېسە شۇلارغا قوشۇلاتتى، ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئاشۇ ئىشنىڭ بىرىنى

---

[1] «تميم العدناني» 1- توم 46- بەت.

[2] ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئۇلارغا خىزمەتچى بولۇش شەرتىنى قوبۇل قىلسا، شۇلار بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقاتتى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، بىرگە چىقمايتتى.

تالاشسا، ئۇلارنىڭ قېشىدىن باشقىلارنىڭ يېنىغا كېتەتتى». [1]

ئىمام قۇشەيرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بىلەن سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئەزان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك شەرتنى قوياتتى». [2]

ئى ياخشىلىق ئىزدىگۈچى! قېرىنداشلىرىڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا بەسلەشكىن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىڭنى سەرپ قىلغىن، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولۇشتا ئىلگىرىكى سالىھ بەندىلەرنى ئۈلگە قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغىن، شۇندىلا ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان الله نىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ئىككى دۇنيادا نېئمەتكە ئېرىشىسەن.

❁ ❁ ❁

[1] «المعرفة والتاريخ لأبي يوسف يعقوب بن سفيان بن جوان الفارسي الفسوي» 2- توم 73- بەت.

[2] «الرسالة القشيرية للقشيري» 2- توم 459- بەت.

# 25 ـ ئەسلەتمە

## دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى

دۈشمەننىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بولسا قۇدرەت تېپىش ۋە غەلىبە قىلىش يوللىرىنى ھازىرلاشنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت ۋە شەرىئەت مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان، تارىختىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

اللہ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَدَخَلَ الْمَدِينَةَ عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ مِنْ أَهْلِهَا﴾ «مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى»[①].

اللہ تائالا پىرئەۋن جەمەتىدىكى مۇئمىننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُؤْمِنٌ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ﴾ «پىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۇئمىن ئادەم ئېيتتى»[②].

اللہ تائالا غار ئىگىلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَتَلَطَّفْ وَلَا يُشْعِرَنَّ بِكُمْ أَحَدًا﴾ «ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن»[③].

اللہ تائالا مۇئمىنلەرنى ئېھتىيات قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلَاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِنْ وَرَائِكُمْ وَلْتَأْتِ طَائِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ

---

① سۈرە قەسەس 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە غافىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە كەھف 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار)»[1].

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ اللہ تائالانىڭ ﴿وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ﴾ «(دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن» دېگەن سۆزى ھەققىدە: «بۇ ئايەت ــ دۈشمەننىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ۋە بۇنىڭغا پۇرسەت تېپىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىش ۋە قورالنى يېنىدا تۇتۇش ھەققىدىكى نەسىھەتتۇر» دېگەن.[2]

اللہ تائالا دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىنى چېكىندۈرۈش، زىيانكەشلىكىنى بەربات قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى تارمار قىلىش

---

[1] سۈرە نىسا 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 5- توم 371- بەت.

ئۇچۇن ئېھتىيات قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَخُذُوا حِذْرَكُمْ إِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا﴾ «ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى»[①].

ئىمام رازى ﴿وَخُذُوا حِذْرَكُمْ﴾ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، الله تائالا ئايەتنىڭ باش قىسمىدا يامغۇر ياكى كېسەل سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارغا ھەرەج بولىدىغان بولسا، قوراللىرىنى قويۇشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئايەتنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم ئېھتىياتچان بولۇشقا ۋە ھوشيارلىقنى ئېخمۇ كۈچەيتىشكە بۇيرۇغان. بۇنىڭ ھېكمىتى بولسا مۇسۇلمانلار قوراللىرىنى قويۇپ قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلماسلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئايەتتە بىرقانچە نۇقتا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى دۇشمەندىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەشتۇر. بۇنىڭ دائىرىسىگە زىيانلىق دەپ قارالغان بارلىق نەرسىلەردىن ئېھتىياتچان بولۇش، كېسەللىكنى داۋالاش، ۋابا كېسەلدىن يىراق تۇرۇش ۋە يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان تام ئاستىدا ئولتۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».[②]

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن بۇ خىل مەزمۇندىكى ئايەتلەردىن دۇشمەننىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۇشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن پەخەس بولۇش ۋە راھەت-پاراغەتكە بېرىلمەسلىك قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، دۇشمەن مۇئمىنلەرگە سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غەپلەتتە قېلىشىنى كۈتىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ كېپىللىكىگە ئىگە قىلىنغان، ۋەھىي بىلەن

---

① سۈرە نىسا 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «مفاتيح الغيب التفسير الكبير لإمام فخر الدين الرازي» 11- توم 206- بەت.

كۆچلەندۈرۈلگەن كىشى تۇرۇقلۇق دۈشمەندىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ ﴿وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ «الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ»[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ جىھادنىڭ ۋاسىتىلىرى بولغان قورال-ياراغ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت تەييارلاش، ئات باغلاش، دۈشمەننى كۆزىتىش ۋە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئېلىش، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇشى بىلەن ئۆز دىنىنى بارلىق باتىل دىنلار ئۈستىدىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشى ھېچبىر زىت كەلمىگىنىدەك، الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى ساقلاشقا كېپىل بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلىشىدىمۇ ھېچبىر زىتلىق يوقتۇر».[2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش-ئىزلىرىمۇ يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىزگە دەلىلدۇر. ئۇ ئۇھۇد غازىتىدا ئىككى قات ساۋۇت كىيىپ مۇشرىكلارنىڭ نەيزە-قىلىچلىرىدىن ساقلانغان ئىدى. ھىجرەت سەپىرىدە مۇشرىكلارنى ئېزىقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سەۋر غارىغا ئۈچ كۈن يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇ بىرەر ئورۇنغا ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، بۇنى بەكمۇ مەخپىي تۇتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ بىر ئورۇنغا قوشۇن ئەۋەتكەندە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە خەۋەرلەرنىڭ دۈشمەن ئىچىگە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشۇننىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى بىر ۋاراققا يېزىپ بەرگەن ۋە ئۇنى بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇپ، شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق

---

[1] سۈرە مائىدە 67- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «زاد المعاد» 3- توم 421- بەت.

دېگەن: «الحرب خدعة» «جەڭ ــــ ھىيلە ـ نەيرەڭدۇر». [1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «‹بۇ ھەدىستە جەڭدە ئېھتىيات قىلىشقا ۋە كاپىرلارنى ئالداشقا قىزىقتۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان كىشىنىڭ زىيان تارتىپ قالىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن›. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدە ياكى ئۇلارغا بېرىلگەن ئامانلىقنى بۇزمىغان ئاساستا، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى ئالداشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن›. ئىبنۇلئەرەبى مۇنداق دېگەن: ‹جەڭدىكى ئالداش ــــ مەقسەتلەرنى بۇراش ۋە مۇددىئالارنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ›. بۇ ھەدىستە جەڭدە ھىيلە ئىشلىتىشكە بولغان ئېھتىياجنىڭ جەڭدە شجائەت كۆرسىتىشتىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە كۆرسەتمە بېرىلگەن. يۇقىرىقى ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «الحج عرفة» «ھەج قىلىش ــــ ئەراپاتتا تۇرۇشتۇر» دېگەن ھەدىسىگە ئوخشايدۇ. ئىبنى مۇنىر مۇنداق دېگەن: ‹جەڭ ــــ ھىيلە ـ نەيرەڭدۇر› دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى بولسا ــــ جەڭ قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنۇمى ئەڭ ياخشى بولغان، مەقسەت تولۇق ھاسىل بولىدىغان ئىش روبىرو ئېلىشىش بولماستىن، بەلكى تاكتىكا ئىشلىتىشتۇر. چۈنكى، تاكتىكا بىلەن غەلىبە قىلىشنىڭ روبىرو ئېلىشىشقا قارىغاندا خەتىرى ۋە زىيىنى ئاز بولىدۇ›. ۋاقىدى مۇنداق دېگەن: ‹پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىسنى تۇنجى قېتىم خەندەك غازىتىدا دېگەنىدى›». [2]

ئەبۇ مۇنزىر سالىم تىرابلىسى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ باشقا ئالىملاردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر دۈشمەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 13 ـ توم 221 ـ بەت.

ۋاجىبتۇر».

شۇنىڭ ئۈچۈن الله يولىدىكى مۇجاھىد دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشىگە ئىمكان بەرمەسلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك. دۈشمەندىن ھەمىشە ھوشيار بولۇش شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە سەل قاراشقا بولمايدىغان شەرئىي بۇيرۇق بولۇپ، جىھاد ئەمەلىيىتىدە بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى، دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋە خىيىم-خەتەرلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن، مۇئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇش بىلەن شىجائەتلىك بولۇش قىلچە توقۇنۇشمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ شىجائەتلىك بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، سەۋەبلەرنى ھازىرلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېھتىياتچان كىشى ئىدى. ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن قالسىلا ئەڭ شىجائەتلىك كىشىلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبلەرنى ھازىرلاشقا سەل قارىغانلىقى بايان قىلىنمىغان.

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا «جەڭدە يالغان سۆزلەش» دەپ بىر باب تۈزۈپ، ئۇنىڭدا يەھۇدىي كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش قىسسىسىنى بايان قىلغان. ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن سۆزلىگۈچى گەرچە ئېيتقان سۆزىنىڭ ھەقىقىتىنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، جەڭدە يالغان سۆزلەشكە ئېھتىياج تۇغۇلغاندا يالغان سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ».[1]

شۇنىڭدەك، يوللۇق بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۇتۇشمۇ الله قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە الله قا تايىنىشقا زىت ئەمەستۇر.

---

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 16- توم 3- بەت.

ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <مەن تۆگەمنى ئوتلاقتا قويۇپ بېرىپ الله قا تەۋەككۇل قىلىمەنمۇ؟> دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: ‹اعقلها وتوكل› <ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلاپ قويۇپ ئاندىن الله قا تەۋەككۇل قىلغىن> دېگەن».[①]

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، الله قا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىش ـــ الله تەرەپتىن بېكىتىلگەن ۋە الله نىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا تۇتقان يولى ئۇ ئارقىلىق داۋاملىشىدىغان ماددىي سەۋەبلەرنى ھازىرلاش بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. چۈنكى، الله ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە سەۋەبلەرنى ھازىرلاشقا بۇيرۇغان. دېمەك، ماددىي ئىمكانىيىتى ئارقىلىق سەۋەبلەرنى ھازىرلاشقا تىرىشىش ـــ الله قا قىلىنىغان ئىتائەت، قەلب بىلەن الله قا تەۋەككۇل قىلىش بولسا ئۇنىڭغا بولغان ئىماندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا خُذُوا حِذْرَكُمْ**﴾ <ئى مۇئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار>[②]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ**﴾ <دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار>[③]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ**﴾ <ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار>[④]. سەھل تۇستەرى مۇنداق دېگەن: <تىرىشىش ۋە كەسىپ قىلىشنى يامان كۆرگەن كىشى سۈننەتكە تەنە قىلغان بولىدۇ. تەۋەككۇل قىلىشنى يامان كۆرگەن كىشى ئىمانغا تەنە قىلغان بولىدۇ.

---

[①] ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان.
[②] سۈرە نىسا 71 ـ ئايەت.
[③] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[④] سۈرە جۇمۇئە 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى، تەۋەككۇل قىلىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولسا، كەسىپ قىلىش ئۇنىڭ سۈننىتىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا ئەمەل قىلغان كىشى ئۇنىڭ سۈننىتىنىمۇ ھەرگىز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك>».①

ماددىي سەۋەبلەرگە ئەھمىيەت بېرىش دىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ياردىمى تېگىدىغان بارچە ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلاردىن پايدىلىنىش ئەڭ مۇھىم ۋاجىبلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، كۇفرى باش كۆتۈرۈپ زېمىننى زۇلۇم ۋە جاھالەت قاپلايدۇ.

ئەبۇ ۋەلىد ئەنسارى ئۆزىنىڭ «الغاية من الحاياة بين معاول الهدم وعوامل البناء» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي سەۋەبلەرنى ھازىرلاش ھەمدە ئۇنىڭدىن قۇربى يەتكەنلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىش بولسا ﷲ يولىدىكى ئەڭ چوڭ جىھادنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، ﷲ يولىدىكى جىھاد ئۇنىڭسىز مۇكەممەل بولمايدۇ. ۋاجىب ئۇنىڭسىز ئورۇندالمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ ۋاجىبتۇر. ماددىي سەۋەبلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندە ئىسلام كۈچىيىپ، كۇفرى ئاجىزلىشىدۇ. ناۋادا ھېچبىر سەۋەبلەرنى قوللانماستىن غەلىبە-نۇسرەت قازىنىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ﷲ يولىدا ئەزىيەتكە ئۇچرىغان، ﷲ قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان، مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق بولغان بولاتتى. ئۇ بىرەر ئورۇنغا قوشۇن ئەۋەتسە، ئالدىنئالا خەۋەرچى ۋە كۆزەتچى ئاۋانگارتلارنى ئەۋەتەتتى. ئۇ ئۆزى بىۋاستە 27 قېتىم غازاتقا قاتناشقان، سەۋرى غارىغا يوشۇرۇنغان، ئۇھۇد كۈنى ئىككى قات ساۋۇت كىيىپ چىققان ۋە خەندەك كۈنى خەندەك كولاشقا بۇيرۇغان...».

① «جامع العلوم والحكم» 2- توم 498- بەت.

# 26 ـ ئەسلەتمە

## غەيۋەتخورلۇقنىڭ زىيىنى

غەيۋەت قىلىش ئىنساننى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان ئەڭ چوڭ ئاپەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ الله تائالاغا يامان كۆرۈلىدىغان، شەرىئەتتە ئەيىبلىنىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇپ راغىبتىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «بىر ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى تىلغا ئېلىشقا ئېھتىياجى يوق تۇرۇپمۇ، ئۇنى تىلغا ئېلىشى غەيۋەتتۇر. ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <غەيۋەت — قېرىندىشى ئاڭلاپ قالسا خاپا بولىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ يۈرۈشتۇر>. ئىبنى ئەسىر «النهاية» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: <بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىدىكى بىرەر نۇقسان ۋە يامانلىقنى ئۇنىڭ يوق يېرىدە تىلغا ئېلىشى غەيۋەتتۇر>. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ «الأذكار» ناملىق كىتابىدا غەززالى رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگەن: <بىر كىشىنى ئۇ يامان كۆرىدىغان ئىش بىلەن تىلغا ئېلىش غەيۋەتتۇر. يامان كۆرىدىغان ئىش مەيلى ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە، دىنىدا، دۇنياسىدا، پىسخىكىسىدا، تەن شەكلىدە، ئەخلاقىدا، پۇل ـ مېلىدا، بالىسىدا، ئايالىدا، خىزمەتچىسىدە، كىيىم ـ كېچىكىدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا، چىرايىدا ۋە ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى ئۇ بۇلارنى ئېغىزىدا دېگەن ياكى ئىشارەت قىلىپ ئىپادىلىگەن بولسۇن، ئوخشاشلا ھېچ پەرقى يوق غەيۋەتتۇر>».[1]

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ ساھابىلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن خۇشچىراي ئۇچرىشاتتى، يوق

---

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 24 ـ توم 268 ـ بەت.

يەرلىرىدە غەيۋەتنى قىلمايتتى ھەمدە شۇنداق قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىنى مۇناپىقلارنىڭ ئادىتى دەپ قارايتتى».[①]

غەيۋەت قىلىش تولىمۇ قەبىھ قىلمىش بولغاچقا، ﷲ تائالا بۇنى ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە باراۋەر قىلغان. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾ «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ﷲ تىن قورقۇڭلار، ﷲ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[②].

تەبەرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرگە مۇنداق نىدا قىلىدۇ: <ئى قەۋم! سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆلۈك ھالەتتە يېيىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ئەگەر سىلەر ئۇنى ياقتۇرمىساڭلار، ﷲ شۇنداق قىلىشنى سىلەرگە ھارام قىلدى. ھايات قېرىندىشىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرمەڭلار، قېرىندىشىڭلارنىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى گۆشىنى يېيىشنى يامان كۆرگەندەك، تىرىك ھالەتتە غەيۋىتىنى قىلىشنىمۇ يامان كۆرۈڭلار. چۈنكى، ﷲ ئۇنىڭ ئۆلۈك ھالەتتىكى گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلغاندەك، تىرىك ھالىتىدە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى ھارام قىلدى>».[③]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «<ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ يىرگىنىشلىك قىلىق بولغاچقا، ﷲ ئۇنى غەيۋەت قىلىشقا مىسال قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيۋەت قىلىش دىندا ھارام ۋە قەبىھ سانىلىدىغان ئىشتۇر». قەتادە مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ئۆلۈك

---

① «إحياء علوم الدين لأبي حامد الغزالي» 3 ـ توم 143 ـ بەت.

② سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «جامع البيان في تأويل القرآن لابن جرير الطبري» 22 ـ توم 308 ـ بەت.

ھالەتتىكى قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى رەت قىلغاندەك، تىرىك ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى رەت قىلىشى كېرەك. الله ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىشنى غەيۋەت قىلىشنىڭ ئورنىدا كەلتۈردى، چۈنكى ئەرەبلەردە شۇنداق ئادەت بار ئىدى>». [1]

غەيۋەتنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەر يېتىپ كەلگەن.

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ «تحريم الغيبة» ناملىق رىسالىسىدە غەيۋەت توغرىسىدىكى 56 ھەدىسنى كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى ھەقىقەت ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە ھەقنىڭ ساداسىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قۇلاق سالىدىغان ھەربىر كىشىنىڭ دىققىتىگە سۇنغان. تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ۋىدالىشىش ھەجىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «إن دماءكم، وأموالكم، وأعراضكم، حرام عليكم كحرمة يومكم هذا، في شهركم هذا، في بلدكم هذا» «سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلارنىڭ قانلىرىنى ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈشىڭلار، ماللىرىڭلارنى ناھەق يول بىلەن يەۋېلىشىڭلار، خۇددى مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ شەھەرنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك ھارامدۇر». [2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەردىن: «أتدرون ما الغيبة؟» «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇلار: <الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ذكرك أخاك بما يكره› <قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى تىلغا ئېلىشىڭ> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دىن: <ئەگەر قېرىندىشىمدا بار بولغان ئىشلارنى دېسەمچۇ؟> دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹إن كان فيه ما تقول، فقد اغتبته، وإن لم يكن فيه ما تقول فقد بهته› <ئەگەر ئۇنىڭدا بار ئىشنى دېسەڭ غەيۋەت

[1] «على ضوء الإجابة عن موانع الإستجابة» 1- توم 61- بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلغان بولىسەن، يوق ئىشنى دېسەڭ تۆھمەت قىلغان بولىسەن› دېدى».[①]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: ‹إياكم والظن، فإن الظن أكذب الحديث، ولا تحسسوا ولا تجسسوا، ولا تنافسوا، ولا تحاسدوا، ولا تباغضوا، ولا تدابروا، وكونوا عباد الله إخوانا كما أمركم. المسلم أخو المسلم، لا يظلمه، ولا يخذله، ولا يحقره› ‹گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمانخورلۇق سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، جاسۇسلۇق قىلىشماڭلار، شەخسىيەتچىلىك قىلىشماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار. ھەممىڭلار الله بۇيرۇغاندەك قېرىنداش بەندىلەردىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، شۇنداق بولغانىكەن، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، (ياردەمگە موھتاج بولغان پەيتتە) ياردەمسىز تاشلىۋەتمەيدۇ ۋە كەمسىتمەيدۇ» دېدى. ئاندىن كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «التقوى هاهنا التقوى هاهنا بحسب امرىء من الشر أن يحقر أخاه المسلم، كل المسلم على المسلم حرام: دمه، وعرضه، وماله» «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە؛ بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەرلىك يامانلىقتۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىززەت-نومۇسىغا چېقىلىشى ھارامدۇر» دېدى.[②]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سباب المسلم فسوق، وقتاله كفر» «مۇسۇلمان كىشىنى ھاقارەتلەش پاسىقلىق، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كاپىرلىقتۇر».[③]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر تولىمۇ كۆپ بولۇپ، الله توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىگە نىسبەتەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

---

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەدىسلەر يېتەرلىكتۇر.

ئۇممەت غەيۋەتنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، غەيۋەت قىلىشنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئالىملار ئۇنىڭدىن قىسمەن ھالەتلەرنى ئايرىپ قارىغان بولۇپ، ئۇ ھالەتلەردە غەيۋەت قىلىشنى مەنپەئەت نۇقتىسىدىن دۇرۇس دەپ قارىغان.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھالەتلەرنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

**بىرىنچى، ئەرز ـ شىكايەت قىلىش**

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ پادىشاھ، قازى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىش ئىگىلىرىگە ياكى ئادالەتپەرۋەر بىر كىشىگە زالىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «پالانى ماڭا زۇلۇم قىلدى، ۋە مېنى مۇنداق ـ مۇنداق قىلدى، مۇنداق نەرسەمنى ئېلىۋالدى» دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشى دۇرۇس.

**ئىككىنچى، گۇناھكار پاسىق كىشىنىڭ ئەھۋالىنى تۈزەش ئۈچۈن يامانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىش**

بىراۋنىڭ پاسىق ۋە گۇناھكار كىشىدىكى يامانلىقلارنى تاشلاتقۇزۇشقا قۇربىتى يېتىدىغان بىر كىشىگە «پالانى ئۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئۇ ئىشتىن توسۇپ قالغىن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشى دۇرۇس. ئەگەر باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن بولغان مەقسەت يامانلىقتىن توسۇش بولمايدىكەن، ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، پەتىۋا سوراش**

ئۇ كىشى پەتىۋا بەرگۈچىگە: «دادام ياكى قېرىندىشىم ماڭا زۇلۇم قىلدى ياكى پالانى مۇنداق قىلدى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ مەن قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالايمەن، ھەققىمنى ئالالايمەن ۋە زۇلۇمنى چېكىندۈرەلەيمەن؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا بولىدۇ.

**تۆتىنچى، مۇسۇلمانلارنى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش**

ئۇنىڭ نۇرغۇن يوللىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھەدىس نەقىل قىلغۇچى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنچىسىز كىشىلەرنى ئەيىبلەش. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بىلەن دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭغا ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ۋاجىبتۇر.

ئۆزئارا قۇدىلىشىش، شېرىكلىشىش ياكى بىرەر نەرسىنى ئامانەت قويۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنسا، گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ئەھۋالنى يوشۇرماستىن بىلىدىغانلىرىنى تىلغا ئېلىشى ۋاجىبتۇر.

**بەشىنچى، پاسىقلىقى ياكى بىدئەتلىرى بىلەن تونۇلغان بىر كىشىنى ئەنە شۇ سۈپەتلىرى بىلەن تىلغا ئېلىش دۇرۇس**

بۇ ھاراق ئىچىش، باشقىلارنىڭ بىرنەرسىسىنى تارتىۋېلىش، باج ئېلىش، ماللارنى ناھەق ئېلىۋېلىش ۋە يامانلىقلارغا باشلامچى بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تونۇلغانلارنى شۇ ئىشى بىلەن تىلغا ئېلىش دۇرۇس دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەيىبلىرىنى تىلغا ئېلىش ھارامدۇر. ئەمما، يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەندىن باشقا ئۇنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر تېپىلسا، ئەنە شۇ سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ.

**ئالتىنچى، باشقىلارنىڭ تونۇۋېلىشى ئۈچۈن بىراۋنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەش**

ئەگەر بىر ئىنسان كۆزى ئاجىز، توكۇر، گاس، قارىغۇ، ئالغاي، پاناق دېگەندەك لەقەملەر بىلەن تونۇلغان بولسا، ئۇ كىشىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇ لەقەم بىلەن تىلغا ئېلىش دۇرۇس، لېكىن كەمسىتىش مەقسىتىدە يۇقىرىقى لەقەملەر بىلەن تىلغا ئېلىش ھارام. ئەگەر ئۇنداق تونۇشتۇرماي باشقىچە تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسا ئۇ تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مانا بۇ ئالتە ئورۇن ئالىملار تەرىپىدىن غەيۋەت قىلىش دۇرۇس دەپ قارالغان ئورۇنلار بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالى رەھىمەھۇللاھنىڭ «ألإحياء» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ دەلىللىرىنى كۆپلىگەن مەشھۇر سەھىھ ھەدىسلەردىن ئۇچرىتالايمىز. شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەيۋەت قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىنگەن سەۋەبلەردۇر».[1]

غەيۋەت قىلغان كىشىلا گۇناھكار بولماستىن غەيۋەتكە قۇلاق سالغان كىشىمۇ ئوخشاشلا گۇناھكار ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، غەيۋەتكە قۇلاق سالغۇچى غەيۋەت قىلغۇچىنى توسۇپ قېلىشى، ئۇنى رەت قىلىشى ۋە قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدىشى ۋاجىب؛ ئەگەر بۇنىڭدىن ئاجىز كەلسە ياكى غەيۋەتخور نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، شۇ سورۇندىن چىقىپ كېتىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن گۇناھتا شېرىك بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَمِعُوا اللَّغْوَ أَعْرَضُوا عَنْهُ وَقَالُوا لَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ سَلَامٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِي الْجَاهِلِينَ﴾ «ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): <بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز> دەيدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾ «ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾ «(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ

---
[1] «الأذكار ليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 340- ۋە 342- بەت.
[2] سۈرە قەسەس 55- ئايەت.
[3] سۈرە مۆئمىنۇن 3- ئايەت.

قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ وَإِمَّا يُنْسِيَنَّكَ الشَّيْطَانُ فَلَا تَقْعُدْ بَعْدَ الذِّكْرَى مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ**﴾ «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن»[2].

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من رد عن عرض أخيه، رد اللّٰه عن وجهه النار يوم القيامة» «كىمكى قېرىندىشىنىڭ (غەيۋەتى قىلىنغاندا ئۇنىڭ) ئابرۇيىنى قوغداپ قالسا، الله قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاختىن قوغداپ قالىدۇ»[3].

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ تەلھە ئىبنى سەھل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىيلەندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من امرئ مسلم يخذل امرأ مسلما في موضع ينتهك فيه حرمته وينتقص فيه من عرضه، إلا خذله اللّٰه تعالى في موطن يحب فيه نصرته؛ وما من امرئ مسلم ينصر مسلما في موضع ينتقص فيه عرضه وينتهك فيه حرمته، إلا نصره اللّٰه في موطن يحب فيه نصرته» «قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلگەن، ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان يەردە بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا، الله ئۇنى قاتتىق ياردەمگە موھتاج بولغان بىر پەيتتە ياردەمسىز تاشلاپ قويىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلگەن، ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا، الله مۇ ئۇ كىشى قاتتىق

---

[1] سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 68 ـ ئايەت.
[3] تىرمىزى توپلىغان.

ياردەمگە موھتاج بولغان بىر پەيتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ».①

«الزواجر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى رەھىمەھۇللاھ ئەۋزائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: <غەيۋەتنى توسۇپ قېلىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشقا كەلسەك، ئۇنىڭ ھۆكمى غەيۋەت قىلىشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. شۇنداق! ئەگەر ئۇنىڭغا غەيۋەتنى توسۇش مۇمكىن بولمىسا، غەيۋەت قىلغۇچىدىن ئايرىلىپ كېتىش ۋاجىب بولىدۇ>. زەركەشى ئۇنىڭغا قوشۇپ مۇنداق دېگەن: <ئېنىق گەپ شۇكى، غەيۋەتنى توسۇپ قېلىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش چوڭ گۇناھتۇر>».②

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، غەيۋەت قىلغۇچىنىڭ غەيۋەت قىلىشى ھارام بولغىنىدەك، غەيۋەتنى ئاڭلىغۇچىغىمۇ قۇلاق سېلىشى ۋە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشى ھارام بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىرەر ئىنساننىڭ غەيۋەتنى باشلىغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى ئۆزىگە ئېنىق بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشتىن قورقمىسا، ئۇنى توسۇشى كېرەك. ئەگەر زىيان يېتىشىدىن قورقسا، ئۇنى قەلبىدە ئىنكار قىلىش ۋە شۇ سورۇندىن چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولسا چىقىپ كېتىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر تىلى بىلەن ئىنكار قىلىشقا ياكى باشقا بىر سۆز بىلەن غەيۋەتنى ئۈزۈۋېتىشكە قۇربى يەتسە شۇنداق قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن گۇناھكار بولغان بولىدۇ».③

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تەقۋادار سالىھ كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن، مۇجاھىدلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈش ــ ئەھۋالى ئېنىق بولمىغان بىر

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان.

② «الزواجر عن اقتراف الكبائر لابن حجر الهيتمي» 2- توم 19- بەت.

③ «الأذكار ليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 339- بەت.

كىشىنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزۈشتىنمۇ قەبىھ ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان ياخشى بولمىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا رەببانى ئالىملار ۋە ئۆز دىنىغا ئىخلاس قىلغۇچى مۇجاھىدلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ــ كىشىلەرنى ئۇلارغا ئەگىشىشتىن، ئىزىنى بېسىشتىن ۋە پاك ھىدايەت بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىشتىن مەھرۇم قويۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىدلارنى بىردەم ئەيىبلەپ، يەنە بىردەم كەمسىتىپ سورۇننىڭ قىزىق نۇقتىسى قىلىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭدىن تىلىنى يىغىشى لازىم. خاتالىقتىن ھېچبىر كىشى خالىي ئەمەستۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كۆرگەن كىشى نەسىھەتنىڭ ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلىشى لازىم.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «غەيۋەتنى قىلىنغان مۇئمىننىڭ ھالىغا قارىتا، غەيۋەت قىلىشنىڭ گۇناھىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمانى كۈچلۈك مۇئمىننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئادەتتىكى بىر مۇئمىننىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئېغىر بولىدۇ».[①]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتى قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى غەيۋەتكە قۇلاق سالماسلىقى ۋە غەيۋەت قىلغۇچىنى توسۇپ قىلىشى كېرەك. ئەگەر سۆزى ئارقىلىق نەسىھەت قىلسا غەيۋەتتىن توختىمىسا، قولى بىلەن توسۇشى؛ قولى بىلەن توسۇشتىن ئاجىز كەلسە، شۇ سورۇندىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇستازىنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئۇستىدە ھەققى بار كىشىنىڭ ياكى پەزىلەتلىك سالىھ كىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغانلىقىنى

---

① «مجموع الفتاوى» 28ـ توم 225ـ بەت.

ئاڭلىسا، ئۇ چاغدا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىشلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم».①

غەيۋەت قىلىشنىڭ كەففارىتى ۋە ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش ھەققىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. قىسمەن ئالىملار «غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋەت قىلىنغۇچىدىن ئەپۇ سوراش ۋاجىب» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئىمام نەۋەۋى، ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. كۆپچىلىك ئالىملار شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك «غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋەت قىلىنغۇچىغا مەغپىرەت تىلىسە، ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلسا ۋە (غەيۋىتى قىلىنىۋاتقان ئورۇنلاردا) ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى تىلغا ئالسىلا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹كفارة الغيبة أن تستغفر لمن اغتبته تقول: اللهم اغفر لنا وله› ‹غەيۋەتنىڭ كەففارىتى بولسا ‹ئى الله! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن› دەپ غەيۋەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشتۇر›② دېگەنلىكى بايان قىلىنغان كېيىن مۇنداق دېگەن: ‹بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بولۇپ، بۇلار ئىمام ئەھمەدتىن نەقىل قىلىنغان. غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىشتا غەيۋەت قىلىنغۇچىغا مەغپىرەت تىلەش كۇپايە قىلامدۇ؟ ياكى چوقۇم ئۇنى غەيۋەت قىلىنغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش كېرەكمۇ؟ دېگەن ئىككى سوئال ھەققىدىكى كۈچلۈك كۆزقاراش شۇكى، غەيۋەت قىلىنغۇچىغا ئۇقتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى ئۇنىڭ ھەققىدە مەغپىرەت تىلەش، ھەمدە ئۇنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان سورۇنلاردا ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى تىلغا ئېلىش كۇپايە قىلىدۇ. بۇ كۆزقاراشنى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ۋە باشقا ئالىملار

① «الأذكار» 1 ـ توم 343 ـ بەت.

② بۇنى بەيھەقى «الدعوات الكبير» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ «سەنەدى ئاجىز» دېگەن.

تاللىغان>.

<غەيۋەت قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش كېرەك> دېگۈچى ئالىملار غەيۋەتنى ئىقتىسادىي ھەقلەرگە ئوخشاتقان. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئېنىقتۇر. ئىقتىسادىي ھەقلەرگە كەلسەك، زالىمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشى بىلەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى پايدىلىنىدۇ؛ خالىسا ئۇنى ئالىدۇ، خالىسا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ. ئەمما غەيۋەتكە كەلسەك، ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. غەيۋەت قىلغان كىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان شەخسكە ئۆزىنىڭ غەيۋەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەقسىتىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە يۈز بېرىدۇ ھەمدە ئۇ غەيۋىتى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىسا، ئوغىسى قايناپ قەلبى رەنجىشى، ھەتتا ئاداۋىتى كۈچىيىپ، غەيۋەت قىلغان كىشىگە مەڭگۈ چىراي ئاچماسلىقى مۇمكىن. بۇ توغرا ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس. چۈنكى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زات اللہ تائالا ئۇنى ۋاجىب قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. شەرىئەت زىيان پەيدا قىلىش ۋە ئاۋۇتۇش ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئازايتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. اللہ توغرىسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر».[1]

ئەگەر غەيۋەت قىلغان كىشى غەيۋىتى قىلىنغان كىشىنىڭ غەيۋەتتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلسە، غەيۋەت قىلغۇچى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇنى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قۇدامە مەقدىسى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئالىملار تاللىغان. اللہ توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «غەيۋەت قىلىشنىڭ گۇناھى

---

[1] «الوابل الصيب من الكلم الطيب لابن قيم الجوزية» 1 ـ توم 141 ـ ۋە 142 ـ بەت.

ئېغىر بولغانلىقى ئۈستىگە ئەجىرنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا، بىر تۈركۈم ئالىملار غەيۋەت قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ئورۇنلاردىمۇ غەيۋەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئىبنى مۇبارەكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: ‹ناۋادا مەن بىرەر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولسام، ئاتا-ئانامنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولاتتىم. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى ئېلىۋېلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر›. بىر كىشى سەلەفلەردىن بىرىگە: ‹سەن مەن توغرىسىدا مۇنداق دەپسەنغۇ؟› دېگەندە، ئۇ: ‹ئۇنداقتا سەن مەندىنمۇ ھۆرمەتلىنىشكە لايىق ئىكەنسەن› دېگەن. بىر كىشى ھەسەن بەسرىگە: ‹پالانى سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلدى› دېگەنىدى، ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭغا بىر قاچا تاماق ئەۋەتىپ: ‹ياخشى ئەمەللىرىڭنى ماڭا ھەدىيە قىلغانلىقىڭنى بىلدىم، شۇڭلاشقا ساڭا بۇ تاماق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردۇم› دېگەن».[①]

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، غەيۋەتنىڭ يامراپ كېتىشى جىھادىي جامائەتلەرنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدىغان، مۇجاھىدلار ئارىسىدىكى ئۆچ-ئاداۋەت پىلتىسىگە ئوت ياقىدىغان، بارلىق يامانلىق ۋە ئىچكى نىزالارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدىغان خەتەرلىك ئىللەتتۇر. قارايدىغان بولساقمۇ غەيۋەت قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈش سەۋەبىدىن نۇرغۇن جەڭگى-جېدەللەر پەيدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن الله يولىدىكى ھەربىر مۇجاھىد تىلىنى يىغىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جىھادىي جەمئىيەتنىڭ بىر دانە خىشى ئىكەنلىكىنى ۋە جىھادنى ئۆزى يالغۇزلا قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىشى لازىم. شۇڭا ئۇ بىرەر كىشىنىڭ مۇجاھىدلارنى ئەيىبلەپ ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيلىرىنى تۆكۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا ئۇلارنى قوغدىشى، ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشى ۋە

[①] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 9- توم 245- بەت.

ھۆرمەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشقا يول قويماسلىقى لازىم.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىھۇدە گەپلەردىن يىراق بولۇشۇڭ كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾ ‹ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر›①.

سېنىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭ ھەققىدە قىلىنغان غەيۋەتكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشۇڭ توغرا ئەمەس. ئەگەر سەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان بىر سورۇندا ئولتۇرساڭ، غەيۋەتنى توسۇپ، غەيۋەت قىلغۇچىلارغا رەددىيە قايتۇرۇشۇڭ ۋاجىب بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، گۇناھتا ئۇلار بىلەن شېرىك بولغان بولىسەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ﴾ ‹سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغۇۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر›②.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىغا بىر تۈركۈم مەست كىشىلەر بىلەن بىر روزىدار ئېلىپ كېلىندى. ياساۋۇللار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھقا: ‹بىز ئۇلارنى ھاراق ئىچىۋاتقان سورۇندىن تۇتۇۋالدۇق، بۇ روزىدارمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپتىكەن› دېگەندە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ: ‹ئۇنى ئۇلار بىلەن قوشۇپ 80 دەررە ئۇرۇڭلار! الله تائالا ﴿إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ﴾ ‹ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر› دېگەن» دېدى.

ئى مۇجاھىد قېرىنداشلار! سۆز-چۆچەكلەرگە قۇلاق سالماڭلار، ئالدىنقى سەپكە كۆپرەك چىقىڭلار، زۆرۈرىيەت بولمىسا پىشاۋۇردا تۇرۇۋالماڭلار، لېكىن

① سۈرە مۆئمىنۇن 3- ئايەت.

② سۈرە نىسا 140- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئائىلىگىلار بىلەن ئالاقە قىلىش، كىيىم-كېچەكلىرىگىلارنى ياخشىلاش ۋە مۇنچىغا چۈشۈش ئۈچۈن تۇرۇپ قېلىش بۇنىڭ سىرتىدا، ئىشىگىلارنى تۈگەتكەن ھامان جىھاد زېمىنىغا قايتىپ كىرىگىلار، چۈنكى ياخشىلىق بۇ زېمىنغا توپلانغان، ئۇ زېمىن بولسا قىلغان ياخشىلىق ۋە ساۋابىگىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ».

# 27 ـ ئەسلەتمە

## ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، نامازنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋاجىب ۋە شەرتلىرى بار بولۇپ، خۇشۇ بولسا نامازنىڭ غايىسى، ئىماننىڭ مېۋىسى، قەلبتىكى جەزمىيەتنىڭ نەتىجىسى، نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. خۇشۇ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ: «تۆۋەن تۇرۇش، ئەيمىنىش، جىمجىت تۇرۇش» دەپ ئىزاھلىغان.

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ «(شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۇر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇئمىنلەرنى <ئۇلار نامازغا تۇرسا قورقۇپ تۇرغۇچىلاردۇر> دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامازدىكى بۇ ھالىتى الله قا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۆۋەنچىلىكىنى ئىپادىلىشى ۋە نامازدا الله ئورۇنلاشقا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنلىشىدۇر. قىسمەن ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇ ئايەت بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قارىغانلىقى سەۋەبلىك نازىل بولغان. ئاندىن بۇ ئايەت سەۋەبلىك ئۇلار بۇنداق قىلىشتىن توسۇلغان»[2].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «خۇشۇ ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىسى: ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ئەيمىنىش؛ ئىككىنچىسى: جىمجىت تۇرۇش ۋە ئارام ئېلىشتۇر. مانا بۇ — قەلبنىڭ يۇمشىشىنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشىگە قارىمۇقارشىدۇر. قەلبنىڭ خۇشۇسى الله قا قۇلچىلىق قىلىشنى ۋە بۇ تۇيغۇنى

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 2ـ ئايەت.

[2] «جامع البيان في تأويل القرآن لابن جرير الطبري» 19 ـ توم 694ـ بەت.

قەلبى ئارام تېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، نامازدىكى خۇشۇ نامازدا جىمجىت تۇرۇش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە <ئۇلار ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچىلاردۇر> دېگەن. ھەسەن ۋە قەتادە: <ئۇلار قورقۇپ تۇرغۇچىلاردۇر> دېگەن. مۇقاتىل: <كەمتەر بولغۇچىلاردۇر> دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <قەلبتىكى خۇشۇ — مۇئامىلىدە مۇسۇلمان كىشىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىش بولسا، نامازدا ئوڭ-سولغا قارىماسلىقتۇر> دېگەن. مۇجاھىد: <كۆزنى يۇمۇش ۋە كەمتەرلىك> دېگەن».①

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [ئالىملار خۇشۇ ھەققىدە «ئۇ نامازنىڭ پەرزلىرى قاتارىدىنمۇ ياكى ئەۋزەل ئەمەللىرى قاتارىدىنمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراشتا بولغان. بەزى ئالىملار: «خۇشۇ نامازنىڭ پەرزلىرىدىن دېسە، بەزىلىرى نامازدىكى پەزىلەتلىك ئەمەللەر قاتارىدىن» دېگەن. رەھىمەھۇللاھ يەنە ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيدنىڭ «بەندىگە نامىزىدىن پەقەت چۈشەنگەنلىرىلا مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىغا ئالىملار ئىجماغا كەلگەن» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. بۇنى نىيسابورى ئۆز تەپسىرىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ: ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ﴾ <ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ>② دېگەن سۆزى دەلىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلانماي تۇرۇپ ئۇ ھەققىدە پىكىر قىلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ «مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»③. بۇ ئايەتنىڭ روھى غەپلەتتە قېلىش ۋە بىخۇدلۇققا زىت كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾

---

① «مجموع الفتاوى» 7- توم 28- بەت.

② سۈرە مۇھەممەد 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە تاھا 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«غاپىللاردىن بولمىغىن»[1]. اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنْتُمْ سُكَارَى حَتَّى تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار،[2] نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار»[3].][4]

ئىمام قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، خۇشۇنىڭ ئورنى قەلبتە بولۇپ، خۇشۇ بەندىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان تۇنجى ئەمەلدۇر، بۇ ئەسەرنى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن بولۇپ، ئىمام تىرمىزى جۇبەير ئىبنى نۇفەيردىن، ئۇ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ۋە ئۇنى <ھەسەن غەرىب> دەپ باھالىغان[5]».[6]

---

[1] سۈرە ئەئراف 205- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ، ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى.

[3] سۈرە نىسا 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] «فتح القدير لابن علي بن محمد الشوكاني» 3- توم 560- بەت.

[5] ئابدۇراھمان ئىبنى جۇبەير ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئۇ كۆزىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ: <هذا أوان يختلس العلم من الناس حتى لا يقدروا منه على شيء> <مانا بۇ، كىشىلەردىن ئىلىم شۇ قەدەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ۋاقىتكى، ئۇلار (ئىلىمدىن) ھېچبىر مەلۇماتقا ئىگە بولالمايدۇ> دېۋىدى، زىياد ئىبنى لەبىد ئەنسارى: <ھالبۇكى، بىز قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇۋاتساق، ئىلىم بىزدىن قانداق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؟ اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىزمۇ ئوقۇۋاتىمىز ۋە خوتۇن- باللىرىمىزغىمۇ ئوقۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ثكلتك أمك يا زياد، إن كنت لأعدك من فقهاء أهل المدينة، هذه التوراة والإنجيل عند اليهود والنصارى فماذا تغني عنهم؟> <ئى زىياد! ئىسىت ساڭا! مەن سېنى مەدىنىنىڭ يېتىشكەن ئالىملىرىدىن سانايتتىم، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولدىمۇ؟ (قېنى، ئۇ كىتابلاردىكى اللہ نىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىندىمۇ؟ خۇددى شۇنىڭدەك، قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنمايدىغان زامانمۇ كېلىدۇ)> دېدى. جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇبادە ئىبنى سامىت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، قېرىندىشىڭ ئەبۇ دەردانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا ئەبۇ دەردانىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئۇ: <ئەبۇ دەردا راست ئېيتىدۇ، ئەگەر خالىساڭ، مەن ساڭا ئىنسانلاردىن بىرىنچى بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئىلىمنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇ بولسىمۇ خۇشۇ (خۇشۇ ئىبادەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك). جامائەتكە تولغان بىر مەسجىدكە كىرىپ، خۇشۇ بىلەن ناماز ئوقۇغان بىرمۇ كىشىنى كۆرەلمەيدىغان كۈنلىرىڭ كېلىشكە بەكمۇ ئاز قالدى> دېدى».

[6] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 12- توم 104- بەت.

شۇڭلاشقا، نامازخان ئۆزى قىرائەت قىلىۋاتقان ئايەت ۋە دۇئالار ھەققىدە ئويلىنىشى، قەلبى ۋە ئەزالىرىنى خۇشۇ ۋە جىمجىتلىققا كۆندۈرۈشى ۋاجىبتۇر. چۈنكى، نامازخان ئايەت ۋە دۇئالىرىدىن ئۆزىنىڭ خۇشۇسى مىقدارىدىلا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا نامازخان ئۆزىنىڭ پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ زاتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك. پەرەز قىلىپ باقايلى، ناۋادا بىر كىشى دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك قورقۇنچ ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە تۇرغان بولاتتى - ھە! ھەممە نەرسە الله قا مەلۇملۇقتۇر. ئۇنداقتا بارچە پادىشاھلارنى باشقۇرغۇچى، ئاسمان - زېمىننى بويسۇندۇرغۇچى زات ئالدىدىكى قورقۇنچنى قانداقمۇ ئاشكارىلىماي تۇرغىلى بولسۇن؟ ئى الله ! گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمىز.

شۇنى بىلگىنكى، خۇشۇ بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك مۈكچىيىۋېلىش، بەدەننى تىترىتىش، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىش ۋە بويۇننى ساڭگىلىتىش بولماستىن، بەلكى ئۇ قەلبكە يوشۇرۇنغان، ئىنسانىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە نامايان بولىدىغان نەرسىدۇر.

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: [«مەن ئەئمەشتىن خۇشۇ ھەققىدە سورىسام، ئۇ ماڭا: «ئى سەۋرى، سەن خۇشۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ كىشىلەرگە ئىمام بولماقچىمۇ؟ مەنمۇ ئىبراھىم نەخەئىدىن بۇنى سورىغانىدىم، ئۇ: <ئى ئەئمەش! خۇشۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ كىشىلەرگە ئىمام بولماقچىمۇ سەن؟ خۇشۇ دېگەن قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەرنى يېيىش، كۆرۈمسىز كىيىملەرنى كىيىش ۋە بويۇننى ئېگىپ تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەممە ئادەملەرنى ھەقتە ئوخشاش كۆرۈش ۋە الله ساڭا پەرز قىلىپ بېكىتكەن ھەربىر پەرزدە الله تىن قورقۇپ تۇرۇشتۇر> دەپ جاۋاب بەرگەن» دېدى.] [1]

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 1 - توم 375 - بەت.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (نامازدا) بېشى چۈشۈپ كەتكەن بىر ياشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «ئى يىگىت! بېشىڭنى كۆتۈر، خۇشۇ دېگەن قەلبتىكىدىنمۇ ئارتۇق بولمايدۇ» دېدى.①

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خۇشۇ قەلبتە بولىدۇ. ئۇ مۇسۇلمان كىشىگە نىسبەتەن باغرى يۇمشاق بولۇش ۋە نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۈگۈرتمەسلىكتۇر».②

مانا بۇ ـــ بەندىدىن تەلەپ قىلىنغان، مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك خۇشۇدۇر. شۇڭا سەن خۇشۇنى مۇھىم بىلگىن، الله نىڭ ئىزنى بىلەن نىجات تاپىسەن. الله سىنى ئامان قىلسۇن.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار سەلەف ـ سالىھلارنىڭ خۇشۇ ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشۇسى الله تىن ھەقىقىي قورقۇش ئىدى. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىمىز (الله بىزنى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن).

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ رەبىئتىن مۇنداق نەقىل قىلغان: [مەن قايسىبىر نامازغا كىرسەم، ئۆزۈم ئوقۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى مېنى غەمگە سالىدۇ. ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھمۇ نامازلىرىنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بەزىدە قىزى داپ چالاتتى ۋە ئاياللار ئۆي ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى سۆزلەيتتى. ئەمما، ئۇ شۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئاڭلىمايتتى ۋە ئۇنىڭغا زەن سالمايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «ساڭا نامازدا كۆڭۈللۈك بىرەر ئىش سۆزلىنەمدۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «شۇنداق، مېنىڭ الله ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىم ۋە ئىككى دۇنيانىڭ بىرىگە قايتىپ بارىدىغانلىقىم سۆزلىنىدۇ» دېدى. ئۇنىڭغا: «سەن نامازدا بىز ئويلىغاندەك دۇنيا ئىشلىرىنى

① «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 1ـ توم 375ـ بەت.
② «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 1ـ توم 375ـ بەت.

ئويلامسەن؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «ماڭا نىسبەتەن بەدىنىمگە نەيزىلەرنىڭ سانجىلىشى نامىزىمدا دۇنيا ئىشلىرىنى ئويلاشتىن سۆيۈملۈكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: «ئەگەر غەيب پەردىسى كۆتۈرۈلگەن بولسا ئىدى، جەزمى ئىشەنچىنى ئاشۇرالمىغان بولاتتىم».

مۇسلىم ئىبنى يەسسارمۇ ئەنە شۇنداقلاردىن بىرى ئىدى. نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدتىكى بىر تۈۋرۈك يىقىلىپ چۇشۇپ جاراھەتلەنگەندە، بىر ئەزاسى كېسىۋېتىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئىدى. تېۋىپلار ئۇنى قانداق كېسىش ھەققىدە گاڭگىراپ قالغاندا بەزىلەرنىڭ: ‹ئۇ نامازدا تۇرسا ئۆزىگە بولۇۋاتقان ئىشلارنىمۇ سەزمەيدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا شۇ ئەزاسىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەن»].[1]

ئىبنۇلئەرەبى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى مۇنكەدىر ئۇرۇۋەگە مۇنداق دېگەن: ‹ناۋادا سەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ نامازدىكى ھالىتىنى كۆرگەن بولساڭ، ئۇنى شامالدا لىڭشىۋاتقان شاخ ئوخشايدۇ دەپ قالاتتىڭ. ئۇ مەنچاناق تاشلىرى چۇشۇش خەۋپى بار ئورۇندىمۇ نامىزىنى داۋام قىلىۋېرەتتى. مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: ‹ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير نامازغا تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىكى خۇشۇنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بەدىنى قېتىپ قالغان ياغاچتەك بولۇپ قالاتتى›».[2]

❖ ❖ ❖

---

[1] «إحياء علوم الدين» 1- توم 171- بەت.

[2] «أحكام القرآن لابن العربي» 5- توم 348- بەت.

# 28 ـ ئەسلەتمە

## تىلنى يىغىش ۋە كەمسۆزلۈكنىڭ پەزىلىتى

تىلنى بىھۇدە ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك پايدىسى تەگمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلاپ قېلىش نىجات تېپىشنىڭ ۋە ئەمەللىرىنى اﷲ قا سالامەت يەتكۈزۈشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى، اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ جانلىق ئىپادىسى ۋە بارچە ياخشىلىقلارنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. مەناۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تىلنى ساقلاش بارچە دىن ۋە مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ياخشى كۆرۈلىدىغان خۇلق بولۇپ كەلگەن، چۈنكى ئۇ مۇئامىلىدىكى چىقىشقاقلىقتا ۋە ئىناقلىقتا سەۋەب بولىدۇ».

قۇرئان كەرىم نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا تىلنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ «(ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ»①.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يەنى، ئىنسان قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىنى قالدۇرماستىن يېزىشقا تەييار تۇرىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ۝كِرَامًا كَاتِبِينَ۝ يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ۝﴾ <ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار [10]. ئۇلار (اﷲ نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ [11]. ئۇلار

① سۈرە قاف 18 ـ ئايەت.

قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [12]>» ①.②

دىنىمىزدا تىلنى ساقلاش ناھايىتى تەكىتلەنگەنلىكى ۋە بارلىق ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشنىڭ ئاساسى ھەمدە نىجات تېپىشنىڭ سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا «تىلنى ساقلاش ھەققىدە» دەپ بىر باب تۈزۈپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش ھەدىسنى بايان قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليقل خيرا أو ليصمت» «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسۇن».③

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من يضمن لي ما بين لحييه وما بين رجليه أضمن له الجنة» «كىمكى ماڭا ئۆزىنىڭ ئىككى ساقىلى (يەنى ساقال بىلەن بۇرۇتى) ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى (يەنى ئېغىزىنى) ساقلاشقا ۋە ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى (ئەۋرىتىنى) ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلسا، مەن ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن».④

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن العبد ليتكلم بالكلمة من رضوان الله تعالى ما يلقي لها بالا يرفعه الله بها درجات، وإن العبد ليتكلم بالكلمة من سخط الله تعالى لا يلقي لها بالا يهوي بها في جهنم» «بىر بەندە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، الله رازى بولىدىغان بىر ئېغىز سۆزنى قىلىپ سالىدۇ ـ دە، شۇ سەۋەبلىك الله ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىنى

① سۈرە ئىنفىتار 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە.
② «تفسير القرآن العظيم لابن الكثير» 7 ـ توم 397 ـ بەت.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يۇقىرى قىلىدۇ؛ يەنە بىر بەندە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، الله غەزەپلىنىدىغان بىر ئېغىز سۆزنى قىلىپ سالىدۇ-دە، شۇ سەۋەبلىك الله ئۇ كىشىنى دوزاخقا تاشلايدۇ». ①

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (شۇ سەۋەبلىك الله ئۇ كىشىنى دوزاخقا تاشلايدۇ) دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ كىشى سۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلانمايدۇ، ئۇنىڭ قەبىھ سۆز ئىكەنلىكىنى تەپەككۇرمۇ قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەيدۇ. مانا بۇ بىرەر سۇلتان ياكى ۋالىيلارنىڭ يېنىدا سۆزلىگەنگە ياكى تۆھمەت قىلغانغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانغا زىيان سېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا تىلنى ساقلاشقا قىزىقتۇرۇلغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: <كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسۇن>. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قىلماقچى بولغان كىشى سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆڭلىدە ئويلىنىشى، ئەگەر پايدىلىق بولسا سۆزلىشى، پايدىلىق بولمىسا سۆزلىمەي جىم تۇرۇشى كېرەك». ②

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر سۆزىدىكى خاتالىقلار ۋە سەۋەنلىكلەرنى ساناپ تۇرۇشقا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىمان ئېيتقان كىشى ئاخىرەتلىكىدىن غەم قىلىشى، ئەھمىيەتسىز سۆزلەردىن يىراق تۇرۇشى، يالغان سۆزلەش ۋە باتىل يوللارغا ئەگىشىشكە ئوخشاش دۇنيا-ئاخىرەتلىك پۇشايمانغا قالدۇرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلماسلىقى، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى، الله تىن ياردەم سوراپ تىلىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلىشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

---

① بۇخارى توپلىغان.

② «الجواهر الهريرية من كلام خير البرية» 4- توم 3- بەت.

‹كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسۇن›. يەنى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە مۇكەممەل ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىمانى قۇۋۋىتى ئۇ كىشىنى دۇنيادا ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىشقا ۋە قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەردىن نېرى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ».[1]

ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان ھەربىر مۇئمىن مەنپەئەتلىك دەپ قارالغان سۆزلەردىن باشقا ھەرقانداق سۆزلەردىن تىلىنى يىغىشى كېرەك. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سۆزلەش بىلەن سۆزلىمەسلىكنىڭ پايدىسى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا سۆزلىمەسلىك سۈننەتتۇر. چۈنكى، بەزىدە مۇباھ سۆز ھارامغا ياكى مەكرۇھقا ئېلىپ بارىدۇ، بۇنداق ئىش ئادەتتە كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ قېلىش ھەقىقىي ئىمانلىق مۇئمىنلەرلا قادىر بولالايدىغان ئىشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسۇن».[2]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «‹بۇ ھەدىس سەھىھلىكى بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىستىن ياخشى بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلەشنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ياخشى سۆز دېگىنىمىز پايدىلىق ئىكەنلىكى ئوچۇق بولغان سۆزدۇر. ئەگەر سۆزلىمەكچى بولغان كىشى سۆزنىڭ ئوچۇق، پايدىلىق ئىكەنلىكىدە شەكلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ سۆزنى سۆزلىمىسۇن›. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹سۆزلىمەكچى بولغان كىشى سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلىنىشى، ئەگەر پايدىلىق سۆز بولسا سۆزلىشى؛ ئەگەر شەكلىنىپ قالسا، پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر

---

[1] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 10- توم 175- بەت.

[2] «الأذكار ليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 332- بەت.

ئۇنى سۆزلىمەسلىكى كېرەك>». ①

ھەدىسشۇناس ئالىم ئەھمەد زەررۇق مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: <ئەگەر سۆزلەش بىلەن سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى ئوخشاش بولۇپ قالسا، سۈكۈت قىلىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ». ②

ئىبنى مۇفلىھ مەقدىسى ھەنبەلى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «خەللال ئەتادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: <سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ئارتۇق سۆزلەشنى يامان كۆرەتتى. الله نىڭ كىتابىنى ئوقۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ياكى تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنى ئارتۇق سۆز دەپ قارايتتى>». ③

ئى قېرىندىشىم! بىھۇدە سۆزلەردىن ساقلانغىن، ئېغىزىڭدىن چىقىۋاتقان سۆزگە دىققەت قىلغىن، تىلىڭنى ئۆز ئىختىيارىڭغا قويۇۋەتمىگىن، بىھۇدە سۆزلەرگە ئورۇن بەرمە، قەلبىڭنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئورۇنسىز ۋە مەنپەئەتسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن.

تىلنى ساقلاشقا ئەڭ لايىق بولغان كىشىلەر — الله جىھاد ئىبادىتى ئارقىلىق ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە دىنىنىڭ مۇقەددەس ئامانىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان الله يولىدىكى مۇجاھىدلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنى بىھۇدە كۆپ چاقچاق قىلىش، غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىك قىلىش، شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان ۋە جېدەل-ماجىراغا سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلاش، الله نى زىكىر قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش قاتارلىقلار بۇ نېئمەتكە تولۇق شۈكرى قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. الله بىزنى ئۆزىگە ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردىن

① «الأذكار ليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 332- بەت.

② «النصيحة الكافية لمن خصه الله بالعافية لشهاب الدين أبي العباس أحمد زروق» 1- توم 10- بەت.

③ «الآداب الشرعية والمنح المرعية لمحمد بن مفلح شمس الدين المقدسي» 1- توم 10- بەت.

يىراق قىلىپ، ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سېخىي ۋە پەزلى-مەرھەمىتى كەڭرى زاتتۇر.

سەلەفلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) كۆپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقى، كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ كۆپلەپ نادامەت چېكىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، قالايمىقان ۋە بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

شائىر مۇنداق دېگەن:

كىمكى ئەگەر قوبۇل قىلسا نەسىھەتنى،
يىراق قىلدى ئۆز نەپسىنى ھالاكەتتىن.
ئاز سۆزلىگەن ھاسىل قىلدى پەزىلەتنى،
ئامان بولۇپ تىلىنىڭ يامان شۇملۇقىدىن.

تۆۋەندە سەلەف-سالىھلارنىڭ تىلنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە نەمۇنىلىك ئىش-ئىزلىرىنى بايان قىلىمىز. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر سورۇندا قەيس ئىبنى سائىد بىلەن ئەكسەم ئىبنى سەيف بىرى يەنە بىرىگە: <سەن ئادەملەردىن قانچىلىك ئەيىبلەرنى بايقىدىڭ؟> دەپتۇ. ئىككىنچىسى: <ئەيىبلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، مەن 8 مىڭ ئەيىبنى ساناپ بولدۇم، ئاندىن بىر خىسلەتنى تاپتىمكى، ئەگەر شۇ خىسلەت تېپىلسا، بارلىق ئەيىبلەرنى يۆگەيدۇ> دەپتۇ. بىرىنچىسى: <ئۇ قايسى خىسلەت؟> دېگەنىكەن، ئىككىنچىسى: <ئۇ تىلنى يىغىش> دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <سۆزنى ئەمىلىم دەپ ھېسابلىغان كىشىلەر پايدىسىز سۆزلەرنى ئاز قىلىدۇ>. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ ھەمراھى رەبىئكە مۇنداق دېگەن: <ئى رەبىئ! پايدىسىز سۆزلەرنى قىلمىغىن. چۈنكى، سەن بىرەر ئېغىز سۆز قىلساڭ سۆز سېنى باشقۇرىدۇ.

سەن سۆزنى باشقۇرالمايسەن>. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <ئىنساننىڭ ئۇزۇن مۇددەت قاماقلىشقا ھەقلىق بولغان بىردىنبىر ئەزاسى تىلىدۇر>. باشقىلار مۇنداق دېگەن: <تىل يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئەگەر ئۇنى باغلاپ قويمىساڭ سېنى ھالاكەتكە سۆرەيدۇ>».①

«الطبقات الكبرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبنى سەئد مۇنداق دېگەن: «رەبىئ ئىبنى خەيسەمگە: <ئى ئەبۇ يەزىد! سەن كىشىلەرنى ئەيىبلىمەمسەن؟> دېيىلگەندە، ئۇ: <الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزۈمدىن رازى ئەمەس تۇرۇپ، باشقىلارنى قانداقمۇ ئەيىبلەي؟ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىدا الله تىن قورقىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا كەلگەندە الله تىن (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن) خاتىرجەم بولدى> دېگەن».②

ئىمام غەززالىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ مالىك ئىبنى دىنارغا مۇنداق دېگەن: <ئى ئەبۇ يەھيا! ئادەملەرگە نىسبەتەن تىلنى ساقلاش ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ساقلاشتىنمۇ قىيىندۇر>. يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد مۇنداق دېگەن: <مەن تىلنى مۇھاپىزەت قىلغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ باشقا ئەمەللىرىنىڭمۇ ئىسلاھ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم>».③

خەللالدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «مەن تۆت پادىشاھنىڭ بىر سۆزگە بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىمەن. كىسرا مۇنداق دېگەن: <مەن سۆزلىمىگەنلىرىمگە ئەمەس، بەلكى سۆزلىگەنلىرىمگە پۇشايمان قىلىمەن>، قەيسەر مۇنداق دېگەن: <مەن سۆزلىگەنلىرىمگە قارىغاندا سۆزلىمىگەنلىرىمگە جاۋاب بېرىشكە بەكرەك ھەقلىقمەن>. ھىندىستان پادىشاھى مۇنداق دېگەن: <مەن شۇنداق بىر ئەھمىيەتسىز سۆز قىلغان كىشىگە ھەيرانمەن. ئەگەر ئۇ سۆز ئوتتۇرىغا ئېلىپ

---

① «الأذكار ليحيى ابن شرف النووي» 1- توم 335- بەت.

② «الطبقات الكبرى لأبي عبد الله محمد بن سعد بن منيع الهاشمي المعروف بابن سعد» 6- توم 186- بەت.

③ «إحياء علوم الدين لأبي حامد الغزالي» 3- توم 111- بەت.

چىقىلسا، ئۇ كىشى شۇ سۆزنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ؛ ئەگەر ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ>. خىتاي پادىشاھى مۇنداق دېگەن: <سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئۇنى سۆزلىگۈچى باشقۇرالايدۇ، ئۇ ئېغىزدىن چىقىپ بولغاندا سۆزلىگۈچىنى باشقۇرىدۇ>».

كەمسۆزلۈك ــ دۇنيا-ئاخىرەتلىك نىجادلىقنىڭ كاپالىتى، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ زىننىتى، تەقۋادارلىقنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئەقىلنىڭ يىلتىزىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر كەمسۆز كىشىلەردە غەيۋەتخورلۇقتىن پەرھىز قىلىشتىن باشقا خىسلەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، كامىل ياخشىلىق ئىگىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى» دېگەن. خەللال مۇنداق دېگەن: «سۆزلەشكە تېگىشلىك ئورۇندا سۆزلەش ئەڭ ئېسىل خىسلەت بولغىنىدەك، سۈكۈت قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا سۈكۈت قىلىشمۇ ئەڭ شەرەپلىك سۈپەتلەرنىڭ بىرىدۇر».[1]

كەمسۆزلۈكنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفي مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئۇ ئارقىلىق نىجات تاپىدىغان بىر سۆزنى سۆزلەپ بەرگىن> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: ‹قل ربي الله ثم استقم› <رەببىم الله دېگىن، ئاندىن كېيىن شۇ ئەقىدەڭدە مۇستەھكەم تۇرغىن> دېدى. ئاندىن مەن: <ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى مەندىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نەرسە نېمە؟> دەپ سورىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹هذا› <(مەن سېنىڭدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نەرسە) مۇشۇ> دېدى».[2]

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەڭ ئەۋزەل مۇسۇلمان قايسى؟» دەپ سورىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «من

[1] «الأحاديث الأربعون النووية مع شرحها» 1- توم 35- بەت.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

سلم المسلمون من لسانه ويده» «مەيلى تىلى بىلەن بولسۇن ۋە قولى بىلەن بولسۇن، مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بەرمىگەن كىشى» دېدى.①

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەل ھەققىدە تەلىم بەرگىن› دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: ‹لئن كنت أقصرت الخطبة، فقد أعرضت المسألة: أعتق النسمة، وفك الرقبة› ‹ناھايىتى قىسقا سۆز قىلغان بولساڭمۇ، مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇڭ. قۇلنى ئازاد قىلغىن، قۇللۇقتىن بوشاتقىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەئرابى: ‹ئىككىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹لا، عتق النسمة أن تفرد بعتقها، وفك الرقبة أن تعطي في ثمنها، والمنحة الوكوف والفيء على ذي الرحم القاطع، فإن لم تطق ذاك، فأطعم الجائع، واسق الظمآن، ومر بالمعروف، وانه عن المنكر، فإن لم تطق ذلك، فكف لسانك إلا من خير› ‹ياق، قۇلنى مۇستەقىل ئازاد قىلغىنىڭ قۇل ئازاد قىلغانلىق بولىدۇ. قۇلنىڭ ئازاد بولۇشىغا پۇل ياردەم قىلغىنىڭ ئۇنى قۇللۇقتىن بوشىتىش بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن (تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈتىنى كەلگەن-كەتكەنلەرگە) سېغىپ ھەدىيە قىلغىن. سەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلغىن. ئەگەر ئۇنى قىلالمىساڭ، ئاچ قالغان كىشىگە تائام، ئۇسسۇزغا سۇ بەرگىن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقىن. ناۋادا ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ، ياخشىلىقتىن باشقا ئىشلاردا تىلىڭنى يىغقىن» دېدى.②

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: ‹ئى ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى! قانداق قىلسام نىجات تاپىمەن› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: ‹أمسك عليك لسانك، وليسعك بيتك، وابك على خطيئتك› ‹تىلىڭنى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

مۇھاپىزەت قىل، ئۆيۈڭدە ئولتۇر ۋە خاتالىقلىرىڭغا (تەۋبە قىلىپ) يىغلىغىن> دېدى». [1]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ (ماڭا): ‹ألا أخبرك برأس الأمر، وعموده، وذروة سنامه› <مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟> دېدى. مەن: <ھەئە، ئېيتىپ بەرگىن> دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹رأس الأمر الإسلام، وعموده الصلاة، وذروة سنامه الجهاد› <ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، چوققىسى جىھادتۇر> دېدى. ئاندىن كېيىن يەنە: ‹ألا أخبرك بملاك ذلك كله!› <مەن ساڭا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇختىلايدىغان ئىشنى دەپ بېرەيمۇ> دېدى ۋە تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹كف عليك هذا› <تىلىڭنى يىغقىن!> دېدى. ئاندىن مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز قىلغان سۆزلىرىمىزدىنمۇ ھېساب بېرەمدىمىز؟> دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ثكلتك أمك وهل يكب الناس في النار على وجوههم إلا حصائد ألسنتهم؟› <ئى مۇئاز! ئىسىت ساڭا، كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم تاشلايدىغىنى شۇ تىللىرى ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بولماي نېمە؟> دېدى». [2]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ (ئۇنىڭغا): «ثكلتك أمك، وهل يكب الناس على مناخرهم في النار إلا حصائد ألسنتهم؟ إنك لن تزال سالما ما سكت، فإذا تكلمت كتب عليك أو لك» «ئىسىت ساڭا، ئى مۇئاز! كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم تاشلايدىغىنى شۇ تىللىرى ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بولماي نېمە؟ ئەگەر سەن سۈكۈت قىلساڭلا سالامەت قالىسەن، ناۋادا بىرەر ئېغىز سۆز قىلساڭ، ئۇ چاغدا ئۇ سېنىڭ زىيىنىڭغا ياكى پايداڭغا ماڭىدۇ» دېدى. [3]

ئىبنى ھىببان تىلنى ساقلاشقا ۋە ھەمىشە كەمسۆز بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان. تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «تولا گەپ قىلىش ۋە ئاغزى بېزەپلىك بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئالامىتى بولغىنىدەك، گۈزەل خۇلق ۋە تەمكىنلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق كىشى گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە تەمكىن بولۇشى كېرەك. ئەقىللىق كىشى قۇرۇق ئارزۇنى كۆپ قىلمايدۇ، ئارزۇسى كۆپ كىشىنىڭ ئەمىلى ئاز بولىدۇ، ئەجەل توشقاندا قۇرۇق ئارزۇلار ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ». [1]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «سۈكۈنات مېھرى-مۇھەببەت ۋە تەمكىنلىكنى يېتىلدۈرىدۇ، تىلنى مۇھاپىزەت قىلغان كىشىنىڭ روھى راھەتلىنىدۇ. تەكرار سۈكۈت قىلىش تەكرار سۆز قىلغاندىن ياخشىدۇر. سۈكۈت قىلىش ئەقىلنىڭ ئارامى بولسا، سۆزلەش ئۇنىڭ ئۈيقۇسىدۇر». [2]

شۇنى بىلگىنكى، بەزى ئىشلار ئارقىلىق كەمسۆز بولغىلى ۋە تىلنى ساقلاشقا ئادەتلەنگىلى بولىدۇ. ئەھمەد زەرۇق مۇنداق دېگەن: «تىلنى دائىم زىكرى بىلەن مەشغۇل قىلىش، كىشىلەردىن ئايرىم تۇرۇش، تاماقنى ئاز يېيىش ئارقىلىق تىلنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كەمسۆز كىشىگە ئايلانغىلى بولىدۇ». [3]

تىلنى ساقلاش ۋە كەمسۆزلۈكنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختالساق يېتەرلىك. يېگانە اللە تىن بىزنى تىلىمىزنى ساقلاشقا ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سالالايدىغان ئەقىلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

❁ ❁ ❁

[1] «روضة العقلاء لابن حبان» 1- توم 7- بەت.

[2] «روضة العقلاء لابن حبان» 1- توم 18- بەت.

[3] «النصيحة الكافية لمن خصه الله بالعافية لشهاب الدين أبي العباس أحمد زروق» 1- توم 10- بەت.

# 29 ـ ئەسلەتمە

## زىيان تارتىشقىمۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شەرىئەت بەندىلەرنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شەرىئەت دېگەن بۇ سۆز ئادالەت، مېھرى ـ شەپقەت، مەنپەئەت ۋە ھېكمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادالەتتىن ئادالەتسىزلىككە، مېھرىبانلىقتىن شەپقەتسىزلىككە، پايدىدىن زىيانغا ۋە ھېكمەتتىن ھېكمەتسىزلىككە چىقىپ كەتكەن ھەرقانداق بىر مەسىلە شەرىئەتتىن ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، شەرىئەت ــ اللە نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدىكى ئادالىتى، زېمىندىكى سايىسى، مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى رەھمىتى، اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ پاكىتلىق شەكىلدە تونۇشقا دالالەت قىلىدىغان روشەن ھۆجەتتۇر. ئۇ اللە نىڭ نۇرىدۇركى، كۆرگۈچىلەر ئۇ ئارقىلىق قەلب نۇرىغا ئىگە بولىدۇ؛ ئۇ شۇنداق يولدۇركى، بەندىلەر ئۇ ئارقىلىق ھىدايەت تاپىدۇ؛ دەرتلەرگە داۋا دورىدۇركى، ھەرقانداق كېسەل ئۇ ئارقىلىق شىپا تاپىدۇ؛ اللە نىڭ بىردىنبىر توغرا يولىدۇركى، ئۇنىڭدا ماڭغانلار ھەقىقەتەنمۇ توغرا يولدا بولغان بولىدۇ».[①]

شەرىئەت مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا مۇسۇلمانلارنى بىرى ـ بىرىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن توسقان. مۇسۇلمان كىشى اللە تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىسىلا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلسا جىنايىتى مىقدارىدا جازالىنىدۇ. ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھنىڭ «جامع العلوم و الحكم» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى ئەھكاملار بايان قىلىنغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

① «إعلام الموقعين عن رب العالمين» 3 ـ توم 11 ـ بەت.

مۇنداق دېگەن: «لا ضرر ولا ضرار» «زىيان تارتىشقا ۋە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ». ①

گەرچە بۇ ھەدىس ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار بار بولسىمۇ، ئەمما بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان كۆپلىگەن يوللار ئارقىلىق نەقىل قىلىنغان. ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ ھەدىس باشقا ھەدىسلەرنىڭ كۈچلەندۈرۈشى ئارقىلىق «ھەسەن» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇنى شەرئىي دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنى شەيخ ئەلبانىمۇ ئۆزىنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

شەيخ ئەبۇ يەھيا لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس — فىقھى ئىلىمدىكى مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىرىدۇر. «المراقي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن: <فىقھى ئىلىمى زىياننى يوقىتىشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان>». ②

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «<ضرر> دېگەن ساڭا پايدىسى بار، ئەمما قوشناڭغا زىيىنى بار ئىشتۇر. <ضرار> دېگەن ساڭا ھېچبىر پايدىسى يوق، ئەمما قوشناڭغا زىيىنى بار ئىشتۇر>. قىسمەن ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇلار مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىككى سۆزنى تەڭلا ئىشلەتكەن>». ③

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ ئالىملاردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: [«ضرر» بولسا ئۆزىگە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىش، «ضرار» بولسا ئۆزىگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئىشلار بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىشتۇر. بۇ خۇددى ئۆزىگە زىيىنى بولمىغان، ئەمما توسۇلغان كىشى

---

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «المنتقى من المراقي للشيخ العلوان» 1- توم 11- بەت.

③ «الجامع لأحكام القرآن للقرطبي» 8- توم 254- بەت.

زىيانغا ئۇچرايدىغان بىر ئىشنى چەكلەشكە ئوخشايدۇ. بۇ ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە ئىبنى سەلاھ قاتارلىق ئالىملارنىڭ نەزىرىدىكى كۈچلۈك قاراشتۇر. يەنە بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «‹ضرر› دېگەن ئۆزىگە زىيان سالمىغان بىر كىشىگە زىيان سېلىش، ‹ضرار› دېگەن ئۆزىگە زىيان سالغان بىر كىشىگە دۇرۇس بولمىغان يول بىلەن زىيان سېلىشتۇر. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ناھەق زىيان سېلىشتىن چەكلىگەن»].[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىشى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا زىيان يېتىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقى ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قېرىنداشلىرىدىن ئەزىيەت ۋە زۇلۇمنى چېكىندۈرۈشى لازىم.

جىھاد ساھەلىرىدە نۇرغۇنلىغان جامائەت ۋە تەشكىلاتلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مانا بۇنداق ئەھۋاللاردا پايدا-مەنپەئەتلەردىكى ئوخشاشماسلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئىسلام شەرىئىتى ھېچبىر كىشىنىڭ يەككە شەخسلەرگە ۋە ئومۇمىي مۇجاھىدلارغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا زىيان سېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى زىيان تارتماسلىق ۋە زىيان يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى بويىچە مۇجاھىدلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەملىشىشى، جىھادنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن مۇھىم بىلىشى ۋاجىبتۇر. كىمكى قېرىندىشىغا ياردەم بېرىدىكەن، الله مۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇجاھىد دىندىكى مۇھىم قائىدىلەرنىڭ بىرى بولغان كۆپ سانلىق كىشىلەرگە كېلىدىغان ئومۇمىي زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن، يەككە شەخسلەرگە كېلىدىغان كىچىك زىياننىڭ بەدىلىنى تۆلەشتىن باش تارتماسلىقى كېرەك.

---

[1] «جامع العلوم والحكم» 3- توم 911- بەت.

شاتىبى رەھىمەھۇللاھ «الموافقات» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە پايدا كۆزلىگەن ياكى زىياندىن ساقلانماقچى بولغان كىشىلەر ئومۇمغا زىيىنى يېتىدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قويۇلىدۇ. كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ مال سېتىۋېلىش، شەھەرلىك ئادەمنىڭ يېزىلىق ئادەمنىڭ مېلىنى سېتىپ قويۇشىدىن چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىس ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا بۇزغان نەرسىلەرنى تۆلىشىگە سەلەفلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ».

يەككە شەخس ياكى مۇئەييەن بىر جامائەتنىڭ باشقىلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن كارى بولماسلىقى، ئەسكىرىي ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىش چەكلەنگەن ئورۇنلاردا ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەت قىلىشى ئومۇمىي مۇجاھىدلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. الله يولىدىكى مۇجاھىد ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە بارچە ھالەتلەردە الله تىن قورقۇشى ۋە ھەردائىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ».[1]

❋ ❋ ❋

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

# 30 ـ ئەسلەتمە

## الله ئاچچىقىنى يۇتىدىغان ۋە باشقىلارنى كەچۈرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ

ئاچچىقىنى يۇتۇش، يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش، زۇلۇم قىلغان ۋە ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ــ ئالىيجاناب ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ گۈزەل خۇلقىدۇر. ئەپۇچانلىق بولسا قۇرئاندا قىزىقتۇرۇلغان، كۆپ ئەجىر ـ ساۋابلار ۋەدە قىلىنغان ئىشتۇر. ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئاچچىقىنى يۇتالايدىغان ۋە كەچۈرۈۋېتەلەيدىغان كىشىلەرنى تەقۋادارلار دەپ سۈپەتلىگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[1].

سەئدى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «يەنى، باشقىلار ئۇلارغا بىھۇدە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ غەزىپىنى قوزغاپ قويسا، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىنتىقام ئالالايدىغان تۇرۇقلۇق ھېسسىياتىغا ئەگەشمەيدۇ، ئەكسىچە قەلبىدىكى ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتىپ سەۋر قىلىدۇ. سۆزى ياكى قىلىقلىرى ئارقىلىق يامانلىق قىلغان ھەرقانداق بىر كىشىنى كەچۈرۈۋېتىش ئەپۇچان كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئەپۇ قىلىش ئاچچىقىنى يۇتۇشتىنمۇ قىيىندۇر. چۈنكى، ئەپۇ قىلىش يامانلىق قىلغۇچىغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئۇنى جازالاشتىن ۋاز كېچىش بولۇپ، بۇنداق پەزىلەت پەقەت الله رىزالىقىنىلا كۆزلەيدىغان، ئىخلاسمەن، گۈزەل ئەخلاق ئىگىلىرىدىلا تېپىلىدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ ‹كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ›①. الله تائالا كىشىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېھسان دەرىجىسىگە يېتىشكە قىزىقتۇرۇپ: ﴿وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ‹الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ› دېگەن. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ‹كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر›②. ئەبۇ بەكرى تەرتۇشى رەھىمەھۇللاھ ‹سراج الملوك› ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: ‹شۇ ئىشلارغا ئىرادە باغلاش بولسا تاللانغان پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر›.

الله نىڭ كىتابىدىكى بۇ ئايەتمۇ شۇنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ ‹ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)›③». ④

يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرىئەتنىڭ بارلىق قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان».

سىلە-رەھىمنى ئۇلاش، يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئەپۇ قىلىش ۋە مۆئمىنلەرگە كۆيۈنۈشكە ئوخشاش پەزىلەتلەر الله نىڭ «ئەپۇ قىلغىن» دېگەن

---

① سۈرە شۇرا 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە شۇرا 43- ئايەت.

③ سۈرە ئەئراف 199- ئايەت.

④ «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان لعبد الرحمن ناصر السعدي» 1- توم 148- بەت.

سۆزىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ؛ سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاش، ھالال ـ ھارام ھەققىدە اللہ تىن قورقۇش، كۆزنى نامەھرەملەردىن يىغىش ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش قاتارلىقلار «ياخشىلىققا بۇيرۇغىن» دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ؛ ئىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇرۇش، زالىملاردىن يۈز ئۆرۈش، ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولۇشتىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار «جاھىللاردىن يۈز ئۆرۈگىن» دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەپۇچان بولۇشنىڭ ئەجرى كاتتا ئەمەل ئىكەنلىكى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھەدىس ۋە ئەسەرلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ خۇي ـ مىجەزلىرىدىكى خىسلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. اللہ ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذِ الْعَفوَ وَأْمُر بِالعُرْفِ وَأَعْرِض عَنِ الجَاهِلِينَ﴾ <ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)>[1]. دېمەك، اللہ تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى كىشىلەرگە ئەپۇچان بولۇشقا بۇيرۇغان».[2]

رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاش، زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىش ـــ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى قاتارىدىندۇر. چۈنكى، اللہ تائالا جەننەتنى تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلىغان. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اللہ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اللہ

---

[1] سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.

[2] «مجموع الفتاوى لابن تيمية» 30 ـ توم 370 ـ بەت.

ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[①].[②]

الله يولىدىكى مۇجاھىدلار جىھاد مەيدانىدا ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەرخىل ۋە ئەخلاقلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ھەرخىل مىجەزدىكى كىشىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا ئاچچىقىنى يۇتۇش ۋە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش مۇجاھىدلار قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەربىر مۇجاھىد يامانلىققا يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن چېكىندۈرۈشى ۋە بۇنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ — پەقەت سەۋر قىلىش، ئاچچىقىنى يۇتۇش ۋە الله يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەردىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش ئارقىلىق نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشقا موھتاجدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئاچچىقىنى يۇتۇش باشقىلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. شەيخ ئەبۇ يەھيا لىبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يامانلىق قىلغان كىشىگە غايىبانە دۇئا قىلىش مۇسۇلمان كىشى زىننەتلىنىشى ۋاجىب بولغان ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلاردىندۇر».

شەيخ ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى ئۆزىنىڭ «التي هي أحسن» ناملىق ماقالىسىدە الله تائالانىڭ: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْزَغُ بَيْنَهُمْ﴾ «شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ»[③] دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ نەپسى-خاھىشى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە شەيتانغا يېقىن بولغاچقا، چىرايلىق سۆز قىلىش نەپسىگە تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى، چىرايلىق سۆز قىلىش دېگەنلىك ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە كەمتەر بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىنساندىكى باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇشنى ياخشى كۆرۈش خاھىشىغا قارىمۇقارشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چىرايلىق سۆز ئارقىلىق ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش

[①] سۈرە ئال ئىمران 134- ئايەت.
[②] «مجموع الفتاوى» 10- توم 423- بەت.
[③] سۈرە ئىسرا 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆز نەپسىگە جەڭ ئېلان قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىن چىرايلىق سۆزنىڭ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا ئىناقلىقنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا شەيتاننىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشماسلىقى ئۈچۈن چىرايلىق سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇنىڭغا باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش كېرەك».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقنى يۇتقان ۋە كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن كىشى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر. چۈنكى بۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشى ئەمىلىدۇر. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. قىسمەن سەلەفلەردىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: ‹سېنىڭ بىراۋغا ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلىشىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلغىنىڭدۇر›. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿إِنْ أَحْسَنْتُمْ أَحْسَنْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا﴾** ‹(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر›.[1] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا﴾** ‹كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرىرىمۇ ئۆزىگىدۇر[2]›»[3].

سەلەف-سالىھلار ئاچچىقنى يۇتۇش، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ھەقىقەتەن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس شۇنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: [ئۇيەينە قېرىندىشىنىڭ

---

[1] سۈرە ئىسرا 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فۇسسىلەت 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «مجموع الفتاوى» 30- توم 364- بەت.

ئوغلىغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ ئالدىدا خېلى ئىناۋىتىڭ بار، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىپ بەرگەن بولساڭ» دېدى. ھۇر ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇيەيىنەگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت ئېلىپ بەردى. ئاندىن ئۇيەيىنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپلا: «ئى ئىبنى خەتتاب! خىجىل بولمامسەن؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزگە كۆپرەك مال بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئارىمىزدا ئادىللىق قىلمايۋاتىسەن» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە ئەدەپلەپ قويماقچى بولغانىدى، ھۇر ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: <ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن>[1] دېگەن. بۇ كىشىنىڭ (يەنى ئۇيەيىنەنىڭ) نادان ئىكەنلىكىنى بىلىسەنغۇ؟!» دېدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆمەر بۇنى ئاڭلاش بىلەن ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمىدى. چۈنكى، ئۇ الله نىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغان ھامان توختايتتى»].[2]

ئىبنى ئەساكىر رەھىمەھۇللاھتىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: [ئەلى ئىبنى ھۇسەيىننىڭ دېدىكى ئەلىنىڭ نامازغا تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. چۆگۈن دېدەكنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئەلىنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتتى ـ دە، يۈزىنى يېرىۋەتتى. ئاندىن ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدەككە قارىۋىدى، دېدەك: «الله تائالا: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ﴾ <ئاچچىقىنى يۇتقۇچىلار> دېگەن» دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا: «مەن ئاچچىقىمنى يۇتتۇم» دېدى. دېدەك يەنە: «الله تائالا: ﴿وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ﴾ <(يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرگۈچىلەردۇر> دېگەن» دېدى. ئەلى

[1] سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

ئۇنىڭغا: «الله سېنى ئەپۇ قىلسۇن» دېدى. دېدەك: «الله تائالا: ﴿وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ <الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ> دېگەن دېۋىدى، ئەلى: «كەتكىن، مەن سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم» دېدى].[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [مەن خەلىپە مەنسۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، ئۇ بىر كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! رەسۇلۇللاھ ﷺ: < إذا كان يوم القيامة نادى مناد بين يدي الله عز وجل من كانت له يد عند الله فليتقدم، فلا يتقدم إلا من عفا عن ذنب> <قىيامەت كۈنى بولغاندا، بىر جاكارچى قانداق بىر ئادەمنىڭ الله نىڭ ھۇزۇرىدا ياخشىلىقتا قولى بولسا ئالدىغا چىقسۇن دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا پەقەت باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان كىشىلا ئالدىغا چىقىدۇ> دېگەن» دېۋىدىم، ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى].

ئاچچىقنى يۇتۇشنىڭ ئەكسى تېز ئاچچىقلىنىش بولۇپ، ئۇ بارچە يامانلىقنىڭ يىلتىزى ۋە ئەقىلنىڭ دۈشمىنىدۇر. دانىشمەنلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن كىشى سالامەتلىكتىن مەھرۇم قالىدۇ».

ئىبنى قۇدامە مەقدىسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقلىنىش ئوتنىڭ يالقۇنى بولۇپ، ئىنسان ئاچچىقلانغاندا مەلئۇن شەيتان ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ. چۈنكى الله تائالا شەيتاننىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿خَلَقْتَنِي مِنْ نَارٍ وَخَلَقْتَهُ مِنْ طِينٍ﴾ <مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ>[2] دېمەك، لاينىڭ تەبىئىتى جىمجىتلىق ۋە تەمكىنلىك بولسا، ئوتنىڭ تەبىئىتى لاۋۇلداش ۋە يالقۇنلاشتۇر».[3]

---

[1] «تاريخ دمشق لابن عساكر» 41- توم 387- بەت.

[2] سۈرە ئەئراف 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «مختصر منهاج القاصدين لابن قدامة المقدسي» 1- توم 178- بەت.

ئاچچىقلىنىشتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىس ۋە ئەسەرلەر يېتىپ كەلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <ماڭا نەسىھەت قىلغىن> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: ‹لا تغضب› <غەزەپلەنمىگىن> دېدى. ئاندىن ئۇ بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىمدا ‹لا تغضب› <غەزەپلەنمىگىن> دېدى». [1]

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ ئىبنى تىيىندىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «پەيغەمبەر ﷺ <غەزەپلەنمىگىن> دېگەن بۇ سۆزدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى جەملىگەن. چۈنكى، ئاچچىقلىنىش مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، مېھرى-شەپقەتنى توسۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بەزىدە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىماننىڭ كېمىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ>». [2]

«عمدة القاري» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئەينى بەيزاۋىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئېھتىمال پەيغەمبەر ﷺ ئىنسان دۈچ كېلىۋاتقان بارلىق بۇزۇقچىلىقلارنىڭ پەقەت ھېسسىياتىغا بېرىلىش ۋە غەزەپلىنىشتىن بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. شەھۋەت بولسا ئاچچىقلىنىش بىلەن ماس قەدەمدە ماڭىدىغان نەرسىدۇر. ھېلىقى كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن زىيىنى ئەڭ چوڭ، گۇناھى ئەڭ ئېغىر، ئەگەر ئۇنى تىزگىنلىيەلىسە ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى بويسۇندۇرغان ھېسابلىنىدىغان ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىشقا ۋاستە بولىدىغان نەرسىگە يېتەكلەشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى ئاچچىقلانماسلىققا بۇيرۇغان>.

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <ئاچچىقلانمىغىن> دېگەننىڭ مەنىسى — ئاچچىقلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ۋە ئاچچىقلىنىشنى كەلتۈرۈپ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 10- توم 520- بەت.

چىقىرىدىغان ئىشلارغا يېقىن كەلمىگىن دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاچچىقلىنىش ئىنسان تەبىئىتىدە بار نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئىنسان تەبىئىتىدىن چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى ــ ئاچچىقلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىش ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلمىغىن دېگەنلىكتۇر».[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹ما تعدون الرقوب فيكم؟› <سىلەر قانداق كىشىنى رەقۇب دەپ قارايسىلەر؟> دەپ سورىغاندى، بىز: <پەرزەنتى تۇرمايدىغان كىشىنى رەقۇب دەيمىز> دېسەك، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ليس ذاك بالرقوب، ولكنه الرجل الذي لم يقدم من ولده شيئا› <ئۇنداق ئەمەس، رەقۇب دېگەن بىرمۇ بالىسىنى ئۆزىدىن بۇرۇن يەرلىككە قويۇپ باقمىغان كىشى رەقۇب بولىدۇ> دېدى. ئاندىن يەنە: ‹فما تعدون الصرعة فيكم؟› <قانداق كىشىلەرنى باتۇر دەپ قارايسىلەر؟> دەپ سورىغاندى، بىز: <چېلىشتا يېڭىلمەيدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز> دېسەك، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ليس بذلك، ولكنه الذي يملك نفسه عند الغضب› <ئۇنداق ئەمەس، باتۇر دېگەن، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلەيدىغان كىشىدۇر> دېدى».[2]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەر بالىلىرى ئۆلۈپ كېتىش بىلەن مۇسىبەتلەنگەن كىشىنى رەقۇب (غەمكىن كىشى) دەپ قارايسىلەر، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر. بەلكى شەرىئەتتە كۆزدە تۇتۇلغان رەقۇب بولسا ــ ھاياتىدا پەرزەنتلىرىدىن بىرەرسىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتمىگەن كىشىدۇر. ئەمما بۇ كىشىنىڭ بىرەر بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا ساۋاب ئۈمىد قىلغان سەۋەبلىك، مۇسىبەتكە ئۇچرىغانىنىڭ ئەجرىگە ۋە سەۋر قىلغانىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىنى ساقلاپ قويۇلغان ياخشىلىق سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالغان بولاتتى.

---

[1] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 22 ـ توم 164 ـ بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

سىلەر ھېچكىم يىقىتالمايدىغان كۈچلۈك ئادەمنى ماختاشقا سازاۋەر، كۈچلۈك چېلىشچى دەپ قارايسىلەر، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي باتۇر ـــ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كىشىدۇر، مانا بۇ ماختاشقا سازاۋەر باتۇر كىشى بولۇپ، رىيائىلىقىمىزدا بۇنداق كىشىلەرنى ئۇچراتماق تولىمۇ تەس. بۇ بابتا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ھىدايەت ئىگىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر».①

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان سەۋەب ۋە ۋاستىلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق غەزىپىنى يەڭگىلى ۋە ئۇنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆز-ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش، ئورۇنسىز چاقچاق، مازاق، مەسخىرە، ئەيىبلەش، جېدەللىشىش، زىددىيەتلىشىش، ئالداش، ئارتۇق مال ۋە ئابرۇيغا زىيادە ھېرىسمەن بولۇش قاتارلىقلار غەزەپنى ئۇلغايتىدىغان سەۋەبلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەتتە سۆكۈلگەن قەبىھ قىلمىشلاردۇر. بۇ سەۋەبلەر يوقالماي تۇرۇپ ئاچچىقلىنىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىش لازىم. ھاكاۋۇرلۇقنى كەمتەرلىك بىلەن، مەغرۇرلىنىشنى ئۆزىنىڭ الله نىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن، ئورۇنسىز چاقچاق قىلىشنى دىنىي خىزمەتلەرگە ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن، مازاق قىلىشنى گۈزەل ئەخلاقلار ۋە دىنىي ئىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن، باشقىلارنى كەمسىتىشنى كەڭ قورساق بولۇش بىلەن، باشقىلارنى ناھەق ئەيىبلەشنى ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا ئۆزىنى زورلاش بىلەن، دۇنياغا زىيادە ھېرىسمەنلىكنى قانائەتچانلىق بىلەن يوقاتقىلى بولىدۇ».②

---

① «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 16 ـ توم 162 ـ بەت.

② «إحياء علوم الدين لأبي حامد الغزالي» 3 ـ توم 172 ـ بەت.

ئەمما غەزەپنىڭ ئوتىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق پەسەيتكىلى بولىدۇ. ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئاچچىقىنى يۇتۇش، ئەپۇ قىلىش، ئېغىر-بېسىق بولۇش ۋە سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولغاندا ئۇنىڭ پەزىلىتىگە ۋە ساۋابىغا بولغان قىزىقىشى كۈچىيىدۇ. ئاچچىقىنى يۇتۇشنىڭ ساۋابىغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئۇ كىشىنى باشقىلاردىن دەردىنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئەنتىنى ئېلىشتىن توسۇپ قالىدۇ ۋە تېزلا ئاچچىقى يانىدۇ».[1]

ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن قۇدرەتلىك يېگانە زات الله تائالا ئالدىدا ئاجىز ۋە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى، باشقىلارغا بىھۇدە ئاچچىقلانغاندا قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئەپۇ قىلىشىغا موھتاج بولۇپ قېلىپ، الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى؛ باشقىلارغا غەزەپلىنىشنىڭ ئۆزئارا ئاداۋەتكە ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاش يوللار بىلەن ئىنتىقام ئېلىشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشى؛ ئاچچىقى كەلگەن ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ سەتلىشىپ غالجىر ئىتقا ۋە بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى؛ تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىقلىقنىڭ پەيغەمبەرلەر، ئالىملار ۋە دانىشمەنلەرگە خاس خۇلق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى قاتارلىقلار غەزەپنى يېڭىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ غەزەپلەنگەندە قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەش كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەنمۇ يوقالمىسا، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىش، ئولتۇرغان بولسا يېتىۋېلىش؛ ئۇنىڭ بىلەنمۇ يوقالمىسا، سوغۇق سۇدا تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە

---

[1] «إحياء علوم الدين» 3- توم 173- بەت.

كۆرسەتمە بەرگەن. چۈنكى، ئوتنى پەقەت سۇلا ئۆچۈرەلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا غضب أحدكم فليتوضأ بالماء، فإنما الغضب من النار» «بىرىڭلار ئاچچىقلىنىپ قالغان چاغدا تاھارەت ئالسۇن. ھەقىقەتەن ئاچچىقلىنىش ئوتتىندۇر». يەنە بىر نەقىلدە: «إن الغضب من الشيطان، وإن الشيطان خلق من النار، وإنما تطفأ النار بالماء، فإذا غضب أحدكم فليتوضأ» «ئاچچىقلىنىش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ. شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئوتنى پەقەت سۇلا ئۆچۈرەلەيدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاچچىقلىنىپ قالغان چاغدا تاھارەت ئېلىۋەتسۇن» دېيىلگەن.[①]

ئاچچىقلىنىشنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش ھەققىدە ئىبنى ئەزرەق مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق كىشىنىڭ ئىنكاسى تېز بولىدۇ. ئاچچىقلىنىش ئەقىلنىڭ دۈشمىنى بولسا، تەپەككۇر قىلىش ئۇنىڭ دوستىدۇر. ئاچچىقلانغان كىشىگە ھېسسىيات ھۆكۈمران بولىدۇ. ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن كىشى سالامەتلىكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاچچىقلىنىشنىڭ بېشى مەجنۇنلۇق، ئاخىرى پۇشايماندۇر. ئاچچىقلىنىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى ئاچچىقلىنىش ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان كىشىگە نىسبەتەن ئاجىزلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشىگە نىسبەتەن ھەسرەت-نادامەتتۇر؛ ئاچچىق نەرسە ھەسەلنى بۇزغاندەك، ئاچچىقلىنىش ئىماننى بۇزىدۇ. ئاچچىقلىنىش ھەرقانداق يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر؛ ھاماقەتلىكنىڭ بېشى غەزەپلىنىشتۇر. بىلىمسىزلىككە رازى بولغان كىشى ئېغىر-بېسىقلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. قانداق بىر كىشى ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ نەپسىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتسە بۇ ئۇنىڭ دوزاختا كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ».[②]

---

[①] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[②] «بدائع السلك في طبائع الملك لابن الأزرق» 1- توم 464- بەت.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەزەپكە بېرىلىش ھەرقانداق يامانلىقنىڭ مەنبەسى ۋە ناچار خۇلقنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپكە بېرىلىشتىن ۋە غەزەپنى قوزغايدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغىن.

# 31 ـ ئەسلەتمە

## ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش

شۇنى بىلگىنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكلىرىنى (بەيتۇلمالنى) ئاسراش ھەربىر مۇجاھىدقا ۋاجىبتۇر. ئۇنىڭغا چېقىلىشنىڭ ھاراملىقى شەخسىي مۈلۈكنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ مال مۇجاھىدلارنىڭ ھاجەتلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ مۇجاھىدلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار»[1]. ئىمام جەسساس رەھىمەھۇللاھ «أحكام القران» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ھەرقانداق بىر كىشىنى باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز تەسەررۇپ قىلىشتىن توستى»[2].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەيتۇلمال ــ ئومۇمىي مۇجاھىدلارنىڭ خىزمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ مېلىنى يېتىمنىڭ مېلىغا ئوخشاش دەپ قارايمەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولسام ئۆزۈمنى تارتىمەن، ئەگەر ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسام ھاجەت مىقدارى ئىشلىتىمەن» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: «ئومۇمنىڭ مۈلكىنى خۇددى يېتىمنىڭ مۈلكىنى سەرپ قىلغاندەك سەرپ قىلىش كېرەك. چۈنكى، يېتىمغا ئىگە بولغۇچى يېتىمنىڭ مۈلكىنى ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ» دېگەن قاراشتا بولغان.

---

[1] سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «أحكام القرآن للجصاص» 2 ـ توم 241 ـ بەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانەتلىرى ھېسابلىنىدىغان ئومۇمنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە مەسئۇل قىلىنغان ھەربىر كىشى ئۇنى ئۆزى خالىغانچە سەرپ قىلماسلىقى، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئۇنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتى يېتىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىدىنمۇ بەكرەك ئاسرىشى كېرەك.

بەيتۇلمالنى ئىسراپ قىلىش ۋە ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشنىڭ خەتىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان.

خەۋلە بىنتى ئامىر ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن رجالا يتخوضون في مال الله بغير حق فلهم النار يوم القيامة» «اللە نىڭ مال-مۈلكىنى ئورۇنسىز تەسەررۇپ قىلىدىغانلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ». [1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يەنى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز رەۋىشتە تەسەررۇپ قىلىدۇ. بۇ ھەدىستە، غەنىيمەتلەر تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئالغان كىشىنىڭ اللە قا ئاسىي بولىدىغانلىقى، ئىش ئىگىلىرىنىڭ بەيتۇلمالدىن بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشىدىن ۋە ئۇنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بەرمەسلىكتىن توسۇش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان». [2]

سەنئانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس بەيتۇلمالنى تەسەررۇپ قىلىشقا شەرتى چۈشمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بەيتۇلماللارنى ناھەق ئىگىلىۋېلىشى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىشىنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنداق قىلىشنىڭ دوزاخقا گىرىپتار قىلىدىغان ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹يتخوضون› دېگەن سۆزى اللە نىڭ مۈلكىنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشنىڭ قەبىھ ئىش

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 6- توم 219- بەت.

ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئەگەر ئېھتىياجى بولسا بەيتۇلمال باشقۇرغۇچىلاردىن ھاجەتكە چۇشلۇق مىقداردا سوراپ ئالسا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ». ①

خەۋلە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن هذه المال خضرة حلوة فمن أصابه بحقه بورك له فيه، ورب متخوض فما شاءت به نفسه من مال اللّٰه ورسوله ليس له يوم القيامة إلا النار» «شەك ـ شۈبھىسىزكى مال ـ دۇنيا كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭغا توغرا ئۇسۇل بىلەن ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ مېلىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ؛ اللّٰه ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ مۈلكىنى (يەنى بەيتۇلمالنى) ئۆزى خالىغانچە كەلسە ـ كەلمەس تەسەررۇپ قىلىدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ». ②

ئەللامە مۇبارەك فورى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «اللّٰه نىڭ مۈلكىنى اللّٰه رازى بولمايدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان قىسمەن كىشىلەر باركى، ئۇلار بەيتۇلمالنى قالايمىقان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ (ئومۇمىي) مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلماي ئۆزى ئىگەللىۋالىدۇ. قىسمەن ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇ تۈردىكى كىشىلەر كۆڭلىگە ياققان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىنى قولىغا كىرگۈزۈشتە ۋاستە تاللىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جازاسى قىيامەت كۈنى جەھەننەمگە كىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ــ اللّٰه نىڭ مۈلكىنى ھەقسىز رەۋىشتە تەسەررۇپ قىلىدىغان كىشىنىڭ ھۆكمىدۇر». ③

سەلەف ـ سالىھلار (اللّٰه ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بەيتۇلمالنى ئاسراشقا ئەڭ ھېرىسمەن، ئەڭ پەرھىزكار ۋە ئەڭ تەقۋادار كىشىلەر ئىدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغان كۈنى (ۋاپات بولۇش ئالدىدا) ئائىشە

---

① «سبل السلام شرح بلوغ المرام للصنعاني» 2 ـ توم 668 ـ بەت.

② تىرمىزى توپلىغان.

③ «تحفة الأحوذي شرح جامع الترمذي» 7 ـ توم 37 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «ئى قىزىم! بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلىنغاندىن بېرى، ئۇلارنىڭ بىر دىنار ياكى بىر دەرھەم پۇلىنى ئېلىپ يەۋالمىدۇق. لېكىن قورسىقىمىزغا يېگەنلىرىمىز ئۇلارنىڭ تائاملىرىنىڭ ئەڭ ناچىرى، ئۇچىمىزغا كىيگەنلىرىمىز ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئەڭ يىرىكى بولدى. يېنىمىزدا مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئولجا ماللىرىدىن مانا بۇ قارا قۇل، سۇ تارتىدىغان تۆگە ۋە بۇ ئەسكى كۆرپىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. ئەگەر مەن ۋاپات تاپسام، بۇ نەرسىلەرنى ئۆمەرگە ئەۋەتىپ بېرىڭ».

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەلچىسى (شۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بۇنى كۆرۈپ) شۇنداق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىكى، ياشلىرى يەرگە تاراملاپ ئاقتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «الله ئەبۇ بەكرگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى كۆپ چارچىتىدىغان بولدى. ئى يىگىت، ماڭ! بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ بەيتۇلمالغا قوشۇۋەتكىن».

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بۇنى ئاڭلاپ، ئۆمەرگە: ‹تۇۋا، ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسىدىن بۇ قارا قۇل، سۇ تارتىدىغان تۆگە ۋە قىممىتى بەش دەرھەملىك مانا بۇ ئەسكى كۆرپىنى ئېلىۋالامسەن؟› دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹مېنى نېمە قىلسۇن دەيسەن؟› دېدى. ئابدۇراھمان: ‹ئۇ نەرسىلەرنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرەمدىكىن دېگەنتىم› دېدى. ئۆمەر: ‹ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭدىن ئايرىلدى. ئەمدى مەن ئۇنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرامدىمەن؟ الله بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۆلۈم ئۇنىڭدىن تېز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دېدى›».[1]

---

[1] «الطبقات الكبرى لأبي عبد الله محمد بن سعد بن منيع الهاشمي المعروف بابن سعد» 3 ـ توم 196 ـ بەت.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇلمالدىن ئەڭ ئېھتىيات قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئىبنى سەئەد رەھىمەھۇللاھ ئەھنەفتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، يېنىمىزدىن بىر دېدەك ئۆتتى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر: <بۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ كېنىزىكى> ئىكەن دېيىشىۋىدى، ھېلىقى دېدەك: <مەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ كېنىزىكى ئەمەس، مېنىڭ ئۇنىڭغا كېنىزەك بولۇشۇم ھالال ئەمەس، مەن اللە نىڭ ماللىرىدىن ھېسابلىنىمەن> دېدى. ئاندىن بىز: <ئۇنداقتا ئۆمەرگە اللە نىڭ مېلىدىن نېمە ھالال بولىدىغاندۇ؟ بۇ پەقەت سەن ئېرىشكەن ھۆرمەتكەن> دېيىشىپ قالدۇق. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ، بىزنى چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردۇق، ئۇ بىزگە: <سىلەر باياتىن نېمە دېدىڭلار؟> دېدى. بىز ئۇنىڭغا: <بىز ھېچنېمە دېمىدۇق، يېنىمىزدىن بىر دېدەك ئۆتكەن ئىدى، بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ كېنىزىكى ئىكەن دېيىشتۇق> دېدۇق. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <مەن سىلەرگە بەيتۇلمالدىن ماڭا نېمە ھالال بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي. ماڭا بەيتۇلمالدىن يازدا بىر قۇر، قىشتا بىر قۇر، جەمئىي ئىككى قۇر كىيىم ۋە مەن ئۇنىڭغا مىنىپ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىدىغان بىر ئۇلاغ ھالال بولىدۇ. مېنىڭ ۋە ئائىلەمنىڭ كۈندىلىك تاماقى ئادەتتە بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس قۇرەيشلىك نورمال بىر ئائىلىنىڭ تاماقىغا ئوخشايدۇ. مەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاددىي بىر كىشىمەن، ئۇلار ئۇچرىغان (ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق قاتارلىق) ئىشلارغا مەنمۇ ئۇچراپ تۇرىمەن> دېدى».[①]

مانا بۇ ئۇنىڭ بەيتۇلمالغا بولغان پەرھىزكارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەيران قالدۇرارلىق ئىشلىرىدىن يەنە بىرسى بولۇپ، دەۋرىمىزدە بۇنداق ئىشلار بەكمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. مەدىنە ۋالىيسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چىراغنىڭ

① «الطبقات الكبرى لأبي عبد الله محمد بن سعد بن منيع الهاشمي المعروف بابن سعد» 3- توم 275- بەت.

چىقىمىنى تەلەپ قىلىپ بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «اللە بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبنى ئۇممۇ ھەزمى! مەن ساڭا قاراڭغۇ كېچىدە ئۆيۈڭدىن سىرتقا چىققاندا چىراغ ياقماي چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. اللە بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سېنىڭ شۇنداق ياشىغىنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭدىن ياخشىدۇر. سېنىڭ ئائىلەڭدە ئېھتىياجىڭدىن چىققۇدەك چىراغنىڭ پىلىكلىرى بار. سۆزۈم تۈگىدى. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى ۋە ئۇنىڭغا يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق خەت يازدى: «ساڭا مېنىڭ خېتىم كەلگەن ھامان قەلىمىڭنى ئىنچىكە ئۇچلاپ، نۇرغۇن ئېھتىياجلارنى قىسقارتىپ بىر بەتكە جەملەپ يازغىن. چۈنكى، بەيتۇلمالغا زىيان ئېلىپ كەلگەن بىر ئېغىز ئارتۇق سۆزگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىر ئېھتىياجى يوق».

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مانا بۇ مىساللار سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن پەقەتلا دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولۇپ، سىزنىڭ ئەنە شۇ كارۋانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ياخشى ئۈلگە ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭىز، اللە سىزنى ئىگە قىلغان بەيتۇلمالنى ھەقلىق رەۋىشتە پايدىلىنىپ ئۇنى ئاسرىشىڭىز ۋە ئۇنى پەقەت ئوممۇمي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى بار ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشىڭىز ئۈچۈن بۇلارنى دىققىتىڭىزگە سۇندۇق. اللە تائالادىن بارچىمىزنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

❖ ❖ ❖

## 32 ـ ئەسلەتمە

## سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر

زېمىنىسىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانەتلىرى يۈكلەنگەن ۋە بۇ ئامانەتلەرگە مەسئۇل قىلىنغان ھەربىر كىشى ئاسمان ۋە زېمىننىمۇ ئۆز زېمىنىسىگە ئېلىشتىن قورققان مانا بۇ ۋەزنى ئېغىر مەسئۇلىيەت ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانمىقى لازىمدۇر. كىشىلەرگە ئەمىر بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش مەسىلىسى الله ئىشلىرىنى قولاي قىلغان ۋە تاللانغان پەزىلەتلىك كىشىلەردىن باشقىلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان تولىمۇ خەتەرلىك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىشتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كلكم راع، وكلكم مسؤول عن رعيته» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر».[1]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئالىملاردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «‹راعي› ‹پادىچى — ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئامانەتنى قەدىرلەيدىغان ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى ئاسرايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشەنچلىك كىشىدۇر›. بۇ ھەدىستە بىرەر ئىشقا مەسئۇل قىلىنغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل بولۇشى، دىنى ۋە دۇنياسىغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان».[2]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ تەيبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «بۇ ھەدىستە، پادىچىنىڭ مالنى بېقىشقىلا مەسئۇل بولماستىن، بەلكى پادىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 12 ـ توم 213 ـ بەت.

شۇنداق بولغانىكەن، مەسئۇلىيەت ئىگىسى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەسەررۇپ قىلىشى كېرەك». [1]

مەئقەل ئىبنى يەسار مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من عبد يسترعيه اللَّه رعية، يموت يوم يموت وهو غاش لرعيته، إلا حرم اللَّه عليه الجنة» «الله تائالا بىر بەندىنى قايسى بىر قەۋمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە قىلسا، ئۇ بەندە قول ئاستىدىكىلەرگە خىيانەت قىلغان ھالدا ۋاپات بولسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ». [2]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ قازى ئىيازدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «بۇ ھەدىستە الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشقا مەسئۇل قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئامانەت قىلىپ تاپشۇرغان كىشىنىڭ، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىشتىن ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ يەردىكى ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ كۆرسىتىدىغىنى بولسا، كىشىلەرگە دىندا بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى ئۆگەتمەسلىك، شەرىئەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا سەل قاراش، زېمىننى قوغداش ۋە دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادالەتنى بەرپا قىلماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ>. قازى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق قىلمىشلارنىڭ كىشىنى جەننەتتىن توسۇپ قويىدىغان ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر>». [3]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ دەلىللەر ھەربىر مەسئۇلىيەت ئىگىسىنى ئۆز پۇقرالىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە سەل قارىماسلىققا، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى

---

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 13 ـ توم 113 ـ بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 2 ـ توم 166 ـ بەت.

ئۈچۈن تىنىماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئادالەت بەرپا قىلىش ـــ اللہ قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ھەربىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى ھەردائىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىش قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن المقسطين عند اللّٰه على منابر من نور عن يمين الرحمن وكلتا يديه يمين الذين يعدلون في حكمهم وأهليهم وما ولوا» «ئادىللىق قىلغۇچىلار اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر. ئۇلار ـــ قىلغان ھۆكۈملىرىدە، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە ۋە ئۆزلىرى ئىگە قىلىنغان ئىشلاردا ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر»[1] . اللہ ھېچبىر ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ.

ئەمىر-مەسئۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە سالاھىيىتى توشىدىغان ئەڭ مەنپەئەتلىك كىشىنى تەيىنلىشى، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى، تۇغقاندارچىلىق ھېسسىياتى ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى ئارىلاشتۇرماسلىقى ۋە مۇئەييەن مەنپەئەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەۋزەل كىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، نالايىق كىشىنى مەسئۇلىيەتكە تەيىنلىمەسلىكى كېرەك. ئەمما، كۈچلۈك بىر مەنپەئەت تۈپەيلى ئەۋزەل كىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، نائەۋزەل كىشىنى تەيىنلەش جائىزدۇر. بۇنىڭغا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كەلىمىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى تۈرتكىسىدە مۇۋاپىق بىر نامزاتنىڭ ئورنىغا ئوغلى يەزىدنى تەيىنلىگەنلىكىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارغا ئەمىر بولغان

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

كىشى بىرەر ئورۇنغا مەسئۇل تەيىنلىگەندە كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ لاياقەتلىك كىشىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆۋەنرەكلەرنى مەسئۇللۇققا قويۇۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە بۇنداق قىلمىشنىڭ الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان». [1]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر-مەسئۇللار مۇسۇلمانلار خىزمىتىگە ئادەم تەيىنلىگەندە ئۆز ئەتراپىدىكى ئەڭ لاياقەتلىك كىشىنى تاللاپ ئىشقا قويۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىب. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹من ولي من أمر المسلمين شيئاً فولّى رجلاً وهو يجد من هو أصلح للمسلمين منه فقد خان اللّٰه ورسوله› ‹مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان باش ئەمىر (بىرەر ئورۇنغا مەسئۇل تەيىنلەشتە) سالاھىيىتى ماس كېلىدىغان ئادەمنى تاپالايدىغان تۇرۇپ، نالايىق بىر ئادەمنى مەسئۇل قىلسا، ئۇ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ›. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: ‹من ولّى رجلاً على عصابة وهو يجد في تلك العصابة من هو أرضى للّٰه منه فقد خان اللّٰه ورسوله وخان المؤمنين› ‹كىمكى بىرەر جامائەتكە، شۇ جامائەتنىڭ ئىچىدە الله نى بەكرەك رازى قىلىدىغان بىر كىشىنى تاپالايدىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئادەمنى مەسئۇل قىلسا، ئۇ الله قا، الله نىڭ رەسۇلىغا ۋە مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ›. بەزى كىشىلەر بۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىبنى ئۆمەرگە قىلغان سۆزى دېگەن قاراشتا بولغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ‹مۇسۇلمان ئەمىرلەر ئارىدىكى دوستلۇق ياكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك بىر كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلغان بولسا، الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ›.

مانا بۇ مۇسۇلمان ئەمىر-مەسئۇللارغا ۋاجىب بولىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا

---

[1] «شرح صحيح البخارى لابن بطال» 8- توم 220- بەت.

ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن كىشى ئۆزىنىڭ شەھەرلەرگە قويغان ۋەكىللىرى، ئىش باشقۇرغۇچىلار، قازىلار ۋە ئۇلاردىن باشقا ئارمىيە ۋە چوڭ-كىچىك بىرىگادا قوماندانلىرى قاتارلىقلارغا ئادەم تاللاشتا ئەڭ مۇۋاپىق كىشىلەرنى تاللاپ قويۇشى زۆرۈردۇر». [1]

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەمىر (ئىشقا قويىدىغانلارنى تاللاشتا) ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق، دوست-بۇرادەرچىلىك، مەزھەبداشلىق، يۇرتداشلىق، مىللەتداشلىق، پارا ئېلىشتىن شەكىللەنگەن مەنپەئەتداشلىق ۋە ياكى بىراۋغا بولغان ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن ئەڭ لاياقەتلىك نامزاتنى قالدۇرۇۋېتىپ، لاياقەتسىز كىشىلەرنى مەنسەپكە تەيىنلىسە، ئۇنداقتا الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە خىيانەت قىلغان ھەمدە الله نىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار»[2] دېگەن ئايەتتىكى الله چەكلىگەن ئىشنى سادىر قىلىپ قالغان بولىدۇ».[3]

ئەمىر-قوماندانلار ئۆزلىرىگە پۇقرالارنىڭ ھەمىشە كۆز تىكىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىنىڭ پۇقرالىرىغا ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار دىن ئىشلىرىدا بىپەرۋالىق قىلسا، كىشىلەرنىڭمۇ بىپەرۋالىق قىلىدىغانلىقى، ئىسراپخورلۇق قىلسا كىشىلەرنىڭمۇ شۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشى زۆرۈر. چۈنكى، ئۇلار — ئۇممەتنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر-مەسئۇللار ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە گەپ-سۆزلىرىگە بەكمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك.

---

[1] «مجموع الفتاوى» 28- توم 246- ۋە 247- بەت.
[2] سۈرە ئەنفال 27- ئايەت.
[3] «مجموع الفتاوى» 28- توم 248- بەت.

يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىش ئىگىلىرى قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىقى، تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىقى ۋە مەجبۇرلىماسلىقى، بەلكى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا نەزەر سېلىشى لازىم. چۈنكى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەمىر بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللهم من ولي من أمر أمتي شيئا فشق عليهم فاشقق عليه ومن ولي من أمر أمتي شيئا فرفق بهم فارفق به»، «ئى الله ! كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىن؛ كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولغىن[①]». [②]

ئۆمەر ئابدۇراھمان رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەسئۇللۇق بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان كىشىلەر مەسئۇللۇقنىڭ مال-دۇنياغا ئېرىشىشنىڭ، شۇنداقلا تەلپۈنۈۋاتقان ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىشنىڭ ۋاسىتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، مەسئۇلىيەت ئىگىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئورۇنلارنىڭ ئەڭ يىراق بىر چېتىدە بىرەر قېچىر ياكى بىرەر

---

① ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر: <كىشىلەرنىڭ ئارزۇ قىلغان ۋە خالىغان نەرسىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشى مېھرىبانلىق> دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقىي مېھرىبانلىق الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتۇر. كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىپ يېقىنلاشقىنىكى، ئۇلارغا الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇمىغان نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالمىغىن؛ ئەگەر سەن كىشىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇمىغان نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالساڭ، ھەدىستىكى ئىككىنچى تۈرلۈك كىشىگە ئايلىنىپ قالىسەن. بۇ كىشىلەر بولسا پەيغەمبەر ﷺ بەددۇئا قىلغان كىشىلەردۇر. (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەتتۇر)، الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئەگەر بىر كىشى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇمىغان نەرسىلەردە كىشىلەرگە قىيىنچىلىق سالسا، الله ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىگە ياكى قەلبىگە ياكى ئەھلىگە ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردە قىيىنچىلىق سالىدۇ». (‹شرح رياض الصالحين› ناملىق كىتابتىن ئېلىنندى) ــــ تەرجىماندىن.

② مۇسلىم توپلىغان.

ھايۋان مۇدۇرۇپ كەتسىمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن <سەن نېمە ئۈچۈن يولنى قولايلىق قىلىپ بەرمىدىڭ؟> دەپ سورىلىدىغان ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزنى ئېغىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: <ئەي چاكار! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: <ئى ئەبۇ مۇسلىم! ئۇ (چاكار ئەمەس) ئەمىر> دېيىشتى. ئەبۇ مۇسلىم يەنە: <ئەي چاكار! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم> دەۋەردى. ئۇلار يەنە: <ئى ئەبۇ مۇسلىم، ئۇ دېگەن (چاكار ئەمەس) ئەمىر> دېدى. مۇئاۋىيە ئۇلارغا: <بولدى، ئەبۇ مۇسلىمنى دېگىلى قويۇڭلار. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ> دېدى. ئەبۇ مۇسلىم: <ئەمىرلىكنىڭ مىسالى ئۇنىڭ يۇڭ ۋە سۈتلىرىنى كۆپەيتىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېكىتىپ بېرىلىپ، ياللاپ ئىشلىتىلگەن پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ پادىغا ياخشى قاراپ، يۇڭلىرىنى كۆپەيتىپ، قوزىلارنى قاتارغا قوشۇپ، ئورۇق قويلارنى سەمرىتكەن بولسا، پۈتۈشكەن ئىش ھەققىنى ئالغاندىن سىرت يەنە تارتۇقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، پادىغا ياخشى قارىمىسا، ئاخىرىدا ئورۇقلىرى ئۆلۈپ، سېمىزلىرى ئورۇقلاپ، يۇڭ ۋە سۈتلىرى كەملەپ كەتسە، ھەق بەرگۈچى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى جازالايدۇ ۋە ھەققىنى بەرمەيدۇ. سېنىڭ ئەھۋالىڭ دەل مۇشۇ پادىچىغا ئوخشايدۇ> دېدى. مۇئاۋىيە بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە: <ئەجەب ياخشى ئوخشىتىش بولدى> دېدى».[1]

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جۈمە خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئى ئەمىرلەر! سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا پۇقرالىرىڭلارغا ئادىل ھۆكۈم

[1] «فضيلة العادلين من الولاة» 1- توم 23- بەت.

قىلىش، باراۋەر تەقسىم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار. الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئادىل ئىمامنىڭ ھۆكۈم قىلىشىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولغان ھېچبىر ياخشى ئەمەل يوق».

# 33 ـ ئەسلەتمە

## قورال كۆتۈرۈشنىڭ ئەدەبلىرى

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات ئاللاھ تائالا مۇجاھىدنىڭ ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى كېرەك بولغان ئەخلاقلارنى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر بۆلۈك ئەدەب ـ قائىدىلەرنى بېكىتكەن. ناۋادا مۇجاھىد ئۇنىڭغا سەل قاراپ بىپەرۋالىق قىلسا، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مۇسىبەتلەر ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا بەزىدە قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى مۇسىبەتلەندۈرۈپ قويۇشقا ئوخشاش خەتەرلىك ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئاللاھ بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلىسۇن.

تۆۋەندىكى بىر قاتار ھەدىسلەردە مۇجاھىدلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ قائىدىلەر بايان قىلىنغان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ يالىڭاچ قىلىچنى بىر ـ بىرىگە سۇنۇپ بېرىشتىن توسقان».[1]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر ﷺ تولىشىپ تۇرىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قىلىچنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋالماستىن يالىڭاچ قىلىچنى بىر ـ بىرىگە سۇنۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا مۇنداق دېگەندى: «ألم أزجركم عن هذا؟ فإذا سل أحدكم السيف فليغمده، ثم ليعطه أخاه» «مەن سىلەرنى بۇنداق قىلىشتىن توسمىغانمىدىم؟ بىرىڭلار غىلاپتىن سۇغۇرۇلغان قىلىچنى قېرىندىشىغا سۇنۇپ بەرمەكچى بولسا، غىلاپقا سېلىپ ئاندىن بەرسۇن».[2]

گەرچە زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قوراللارمۇ ئۆزگەرگەن، توپ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ھاكىم بۇ ھەدىسنى مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد توپلىغان.

قوراللىرى كەڭ تارقالغان، قىلىچ ۋە شۇ قاتاردىكى قوراللار جەڭ قوراللىرى قاتارىدىن سانالمايدىغان بولسىمۇ، قورال كۆتۈرۈۋاتقان قېرىنداشلار قورالنى قېرىندىشىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئوقسىزلاندۇرۇشى، ئوقسىزلاندۇرۇلغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئاندىن بېرىشى، ھەمدە بەرگەندە قورال ئۇچىنى تۆۋەنگە قاراتقان، تەپكىدىن قولىنى ئاجراتقان ھالەتتە سۇنۇپ بېرىشى كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، مۇجاھىد خەۋپ-خەتەر ھالىتىدىن باشقا ۋاقىتتا قورالنى ئوق ئالدۇرۇپ قويماسلىقى، بولۇپمۇ مۇجاھىدلار توپلاشقان ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى مەركەزلەردە قورالنى ئوقسىزلاندۇرۇشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. بىز مانا مۇشۇنداق بىخۇدلۇقىمىز تۈپەيلى نۇرغۇنلىغان سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. مەنمۇ مۇشۇنىڭغا سەل قارىغانلىقىم ئۈچۈن كۆپ قېتىم مۇسىبەتكە ئۇچرىغىلى تاسلا قالدىم. يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىزغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر قاتار مۇسىبەتلەردىن الله نىڭ ئىزنى بىلەن ساقلىنىپ قالالايمىز.

قورال كۆتۈرۈۋاتقان كىشى مەيلى چاقچاق قىلىپ بولسۇن ياكى ئوينىشىپ بولسۇن، ھەرقانداق سەۋەب بىلەن قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمەسلىكى لازىم. چەكلىمىگە سەل قاراپ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قورال تەڭلەشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەھدىت ھەدىس يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بولالايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يشير أحدكم إلى أخيه بالسلاح، فإنه لا يدري لعل الشيطان ينزع في يده، فيقع في حفرة من النار» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن. چۈنكى ئۇ ئۇقمايدۇكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ، شۇ سەۋەبلىك دوزاخنىڭ ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن». [1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ «فتح الباري» ناملىق كىتابىدا مۇنداق

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېگەن: «بۇ ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <قورال تەڭلىگەن كىشى مەيلى ئۇ راست ياكى چاقچاق قىلىپ تەڭلىسۇن، چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ھەدىستە، گەرچە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشنى سادىر قىلىش چەكلەنگەن>».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أشار إلى أخيه بحديدة، فإن الملائكة تلعنه حتى ينزع، وإن كان أخاه لأبيه وأمه» «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تۆمۈر تەڭلىسە، تەڭلەنگۈچى گەرچە ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ، (تاكى تەڭلىگۈچى قولىنى يىغىۋالغانغا قەدەر) پەرىشتىلەر تۆمۈر تەڭلىگۈچى كىشىگە لەنەت ئوقۇيدۇ».[2]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ ئىبنۇلئەرەبىدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «ئەگەر تۆمۈر تەڭلىگەن كىشى لەنەتكە لايىق بولسا، ئۇنداقتا باشقىلارنى مۇسىبەتلەندۈرگەن كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيلى راست ياكى چاقچاق قىلىپ بولسۇن، قورقۇتۇش مەقسىتىدە قورال تەڭلىگەن كىشى لەنەتكە ئۇچرايدۇ. بەلكى چاقچاق قىلغۇچى قېرىندىشىنى قورقۇتقانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدۇ. چاقچاق قىلغۇچىنىڭ گۇناھى قەستەن قىلغۇچىنىڭ گۇناھىدىن يېنىك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، قىلىچنى ئۇزاتقاندا غەپلەتتە قېلىپ ۋە قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، قېرىندىشىغا ئەزىيەت يېتىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يالىڭاچ قىلىچنى سۇنۇپ بېرىش چەكلەنگەن>».[3]

---

[1] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 13- توم 25- بەت.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 13- توم 25- بەت.

شۇڭا مۇسۇلمان كىشى قايسى ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى قورقۇتماسلىقى، بولۇپمۇ قورال بىلەن قورقۇتماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدا تۇنجى سادىر قىلغان خاتالىق — ئەڭ ئاخىرقى خاتالىق بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇنلىغان بىمەنە چاقچاقلار ئاخىرى ئۆزۈن مەزگىللىك پۇشايمان بىلەن نەتىجىلەنگەن.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەردىن قىسمەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسلەرگە سەل قارالغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇسىبەتلەر يۈز بەردى، نۇرغۇنلىغان جانلار بىھۇدە نابۇت بولدى. ئىنسان كۆپىنچە ئەھۋالدا قورالدا ئوق يوق دەپ ئويلاپ قېرىندىشىغا تەڭلەپ قالىدۇ ۋە تەپكىنى بېسىپ سېلىپ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ-يۇ، ئۇ چاغدىكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. قېرىنداشلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ئانىسىنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈپ قويغان. شۇڭلاشقا قورال كۆتۈرۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش، قورالنى ئوق ئالدۇرۇلغان ھالەتتە قويۇپ قويماسلىق، قۇلۇپنى ئوچۇق قويماسلىق، شۇنداقلا قورالنى كىچىك بالىلارنىڭ قولى يېتىدىغان ئورۇندا قويۇپ قويماسلىق كېرەك».

الله شۇ ئۇستازغا رەھمەت قىلسۇنكى، بىز ئۇستازنىڭ مۇبارەك ۋەسىيىتىنىڭ ھەممە كىشىگە يېتىپ بېرىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇستاز ياخشى ئىشلاردا، يوليورۇق ۋە كۆرسەتمە بېرىشتە ئەگىشىشكە تېگىشلىك ئۈلگە ئىدى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

# 34 ـ ئەسلەتمە

## دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىش

ھەربىر مۇجاھىد دۇئانىڭ بارچە ياخشى ئەمەللەرنىڭ يىغىندىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى، نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچى، ياراتقۇچىنى رازى قىلىشنىڭ ۋاستىسى، ئىبادەتنىڭ يىلىكى، شۇنداقلا اللە قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، دۇئاگۇي بەندىنىڭ بارچە ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان كىشى بولىدىغانلىقىنى بىلىشى زۆرۈردۇر. قۇشەيرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دۇئا — تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى، موھتاجلارنى راھەتلەندۈرگۈچى، قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچىلارنى پاناھلاندۇرغۇچى ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ شىپالىق داۋاسىدۇر».[1]

اللە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا كىشىلەرنى دۇئا قىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋە بۇنىڭغا بۇيرۇغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ**﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)»[2]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ**﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: <ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا

---

[1] «الرسالة القشيرية» 1 ـ توم 119 ـ بەت.

[2] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت.

جەھەننەمگە كىرىدۇ›»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ۝ وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا وَادْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا إِنَّ رَحْمَتَ اللَّهِ قَرِيبٌ مِنَ الْمُحْسِنِينَ۝﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ [55] الله (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار (الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇپ ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر [56]»[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَادْعُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ «دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ»[3].

دۇئانىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. سەنئانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [شۇنى بىلگىنكى، دۇئا الله نى زىكرى قىلىش بولۇپ، ئۇ نەپلە ئىبادەتتۇر. زىكرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەرقانداق بىر ھەدىس ئۇنى تەستىقلايدۇ ۋە ئىسپاتلايدۇ. الله ئۆز بەندىلىرىنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)» دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلغان: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ

---

[1] سۈرە غافىر 60 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف 55 ـ ۋە 56 ـ ئايەت.

[3] سۈرە غافىر 14 ـ ئايەت.

ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن»[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الدعاء مخ العبادة» «دۇئا ــ ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر»[2].

پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلمىغان كىشىگە الله نىڭ غەزەپلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «من لم يسأل اللّٰه يغضب عليه» «الله قا دۇئا قىلمىغان كىشىگە الله غەزەپ قىلىدۇ»[3].

الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆزىدىن بىرنەرسە سورىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سلوا اللّٰه من فضله فإن اللّٰه يحب أن يسأل» «الله تىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار، چۈنكى الله بەندىلىرىنىڭ ئۆزىدىن بىرنەرسە سورىشىنى ياخشى كۆرىدۇ»[4].

دۇئا قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدىكى ھەدىسلەر بەكمۇ كۆپ بولۇپ، دۇئا ــ بەندىنىڭ الله قا بولغان موھتاجلىقىنى، الله نىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ۋە الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ۋە ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتۇر. دۇئا بەندىنى الله قا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، بەندىگە الله نىڭ ھەقلىرىنى تونۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلىشقا قىزىقتۇرغان. الله تائالا قانداق دۇئا قىلىش ھەققىدە بەندىلىرىگە تەلىم بەرگەن. الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا**﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن»[5]. الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان

---

[1] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تىرمىزى توپلىغان.
[3] تىرمىزى توپلىغان.
[4] تىرمىزى توپلىغان.
[5] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇئاسىنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾ «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئوربۇالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»[1]].[2]

دۇئا قىلغاندا ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالەتتە قەلب ھۇزۇرى بىلەن قىلىش، غەپلەتتە قالماسلىق؛ دۇئانى ئاۋۋال الله قا ھەمدە ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاش بىلەن باشلاش؛ ئەراپات كۈنى، رامىزان ئېيى، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە، تەكبىر بىلەن ناماز ئارىلىقىدا، جەڭ قىزىغان ۋاقىتتا، سەجدىدە، يامغۇر ياغقاندا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلىش ياخشى كۆرۈلىدىغان پەيتلەرنى چىڭ تۇتۇش؛ دۇئا قىلغاندا قەلبى الله تىن ھەقىقىي قورققان، ئەيمەنگەن ۋە قۇلچىلىقنى ئىزھار قىلغان ۋە دۇئانىڭ چوقۇم ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلغان ھالەتتە دۇئا قىلىشقا ئوخشاش دۇئانىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن ھەربىر دۇئا قىلغۇچى ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان نۇرغۇنلىغان ئەدەب ـ قائىدىلەر بار. بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىلىرى ئۆز كىتابلىرىدا تەپسىلىي توختالغان.

دۇئانىڭ الله ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن شەرتلەر بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يستجاب لأحدكم ما لم يعجل: يقول: دعوت فلم يستجب لي» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا (ئۇنىڭ ئىجابەت قىلىنىشىغا) ئالدىراپ قېلىپ <مەن رەببىمگە دۇئا قىلدىم، لېكىن ھېچ ئىجابەت قىلىنمىدى> دېمىسىلا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ».[3]

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە دۇئادىن زېرىكمەسلىك، ئىجابەت قىلىنىشتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكتىن ئىبارەت

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «سبل السلام شرح بلوغ المرام للصنعاني» 6 ـ توم 96 ـ ۋە 97 ـ بەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

دۇئانىڭ بىر قىسىم ئەدەبلىرى بار. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ﷲ قا بويسۇنۇش ۋە موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىش ھېسابلىنىدۇ. داۋۇدى مۇنداق دېگەن: ‹ﷲ نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ۋە مەن دۇئا قىلسام ھېچ ئىجابەت قىلىنمىدى دېگەن كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنماسلىقى، ھەتتا ئىجابەتنىڭ ئورنىدا تۇردىغان گۇناھلىرىغا كەففارەت بولۇشتىنمۇ مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن›». ①

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ دۇئانىڭ ئىجابەت قىلىنىشىغا ئالدىراپ كېتىشى ۋە دۇئادىن سۇسلىشىپ، ئۇنى تاشلاپ قويۇشى ـــ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى توسۇپ قويىدىغان خەتەرلىك قىلمىشتۇر. ئۇنداق كىشى زىرائەت تېرىغان ياكى بىر كۆچەت تىكىپ ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ۋە مېۋە بېرىشى كېچىككەندە زىرائەتلىرى ياكى كۆچەتلىرى بىلەن كارى بولماي ئۇنى تاشلىۋەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ». ②

ھالالدىن رىزىقلىنىشمۇ دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: أيها الناس، إن اللَّه طيب لا يقبل إلا طيبا، وإن اللَّه أمر المؤمنين بما أمر به المرسلين. فقال تعالى: ﴿**يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ**﴾ وقال تعالى: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ**﴾ ثم ذكر الرجل يطيل السفر أشعث أغبر، يمد يديه إلى السماء: يا رب يا رب، ومطعمه حرام، ومشربه حرام، وملبسه حرام، وغذي بالحرام، فأنى يستجاب لذلك؟» «پەيغەمبەر ﷺ: ئى خالايىق! ﷲ پاكتۇر، پەقەت پاك (يەنى ھالال) نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ﷲ مۆئمىنلەرگە پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان نەرسىنى بۇيرۇدى. ﷲ تائالا پەيغەمبەرلەرگە: ‹ئى ئەلچىلەر! پاك (يەنى ھالال) نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ياخشى

① «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 11 ـ توم 141 ـ بەت.

② «الجواب الكافي لمن سأل عن الدواء الشافي» 1 ـ توم 11 ـ بەت.

ئەمەلنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن›[1] دېگەن بولسا، مۆئمىنلەرگە: ‹ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك (يەنى ھالال) نەرسىلەردىن يەڭلار›[2]» دېدى دەپ، ئاندىن بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ: «ئىبادەت ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەر قىلىپ (ھەج سەپىرىگە ئوخشاش) چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز-كۆزىنى توپا-چاڭ باسقان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم! ئى رەببىم!› دېگىنى بىلەن ۋەھالەنكى، ‹ئۇ ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ھارام يوللاردىن كەلگەن ۋە (ۋۇجۇدى) ھارام بىلەن غىزالانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنسۇن؟› دېدى».[3]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟!› دېگەن سۆزى — بۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن دېگەنلىكتۇر».[4]

ﷲ نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشمۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾** «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 51- ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 172- ئايەت.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 7- توم 100 - بەت.

ئىمان بىلەن بولسۇن)»[1].

قىسمەن ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بەزى ساھابىلەر: ‹ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى، رەببىمىز بىز بىلەن پىچىرلىشالايدىغان دەرىجىدە يېقىنمۇ ياكى ئۈنلۈك چاقىرىدىغان دەرىجىدە يىراقمۇ؟› دەپ سورىغاندا بۇ ئايەت نازىل بولغان». دېمەك، ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسىگە يېقىن ئىكەنلىكى، دۇئا قىلغاندا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاندىن كېيىن: ﴿فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ «ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)» دەپ مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ چاقىرىقىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان.

دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئىككى ئىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىرى، ﷲ نىڭ ئىلاھلىقىغا تولۇق بويسۇنۇش؛ يەنە بىرى، ﷲ نىڭ رەب ئىكەنلىكىگە توغرا ئىمان كەلتۈرۈش. كىمكى ﷲ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئاۋاز قوشقان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇئا قىلىشتىكى مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْتَجِيبُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَيَزِيدُهُمْ مِنْ فَضْلِهِ﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ﷲ ئىجابەت قىلىدۇ، (كامالى) پەزلىدىن ئۇلارغا ساۋابىنى زىيادە بېرىدۇ»[2] يەنى، ﷲ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ»][3].

دۇئانىڭ ئىجابەت قىلىنمىغانلىقى ﷲ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا ﷲ دۇئانى بەندىگە ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن شۇ دۇئا مىقدارىدا يامانلىقنى قايتۇرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «اقتضاء الصراط المستقيم لابن تيمية» 1 ـ توم 412 ـ بەت.

پەيغەمبەر ﷺ: «ما من مسلم يدعو بدعوة ليس فيها إثم، ولا قطيعة رحم، إلا أعطاه اللّٰه بها إحدى ثلاث: إما أن تعجل له دعوته، وإما أن يدخرها له في الآخرة، وإما أن يصرف عنه من السوء مثلها, قالوا إذا نكثر قال اللّٰه أكثر» «قايسىبىر مۇسۇلمان دۇئا قىلغاندا گۇناھ ئىشلارغا ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشكە دۇئا قىلمىسىلا، الله ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىدۇ، ياكى الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ، ياكى ئۇ كىشىدىن دۇئاسى مىقدارىدا يامانلىقنى قايتۇرىدۇ» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «بىز دۇئانى كۆپ قىلساق بولغۇدەك؟» دېيىشتى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېدى.[1]

دېمەك، دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇئمىن قانداقلا بولمىسۇن ئۈچ خىسلەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىدۇ.

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ بەندىگە بولغان مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بەندە دۇنيالىق بىرەر ھاجىتىنى سوراپ الله قا دۇئا قىلسا، الله ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ دۇئاسى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن بىر يامانلىقنى قايتۇرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ساقلاپ قويىدۇ ۋە ياكى بولمىسا شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىر گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».[2]

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دۇئا ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، الله نىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ سوراش. مانا بۇ الله نىڭ: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا﴾ <الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار>[3] دېگەن ئايىتى ھەققىدىكى ئىككى تەپسىرنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى ۋە پېقىرلىقىنى تىلغا ئېلىپ سوراش. مەسىلەن: ئى الله ! مەن موھتاج، مىسكىن، بىچارە،

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] «جامع العلوم والحكم» 3 ـ توم 1159 ـ بەت.

[3] سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خار، پاناھلىق تىلىگۈچى بەندەڭ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىش. ئۈچىنچىسى، ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى بىۋاسىتە سوراش. دېمەك، بىرىنچى قىسىم ئىككىنچىسىدىن، ئىككىنچى قىسىم ئۈچىنچىسىدىن مۇكەممەل بولىدۇ. ئەگەر دۇئاغا يۇقىرىقى ئۈچ قىسىم تەڭ جەملەنسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئەڭ مۇكەممەل دۇئا بولىدۇ». ①

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دۇئا ئارقىلىق قازا ۋە قەدەرنى قايتۇرغىلى بولىدۇ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يرد القدر إلا الدعاء، ولا يزيد في العمر إلا البر، وإن الرجل ليحرم الرزق بالذنب يصيبه» «قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرىدۇ، ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلا زىيادە قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھى تۈپەيلى رىزىقتىن مەھرۇم قالىدۇ». ②

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله بىرەر ئىشنى تەقدىر قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھازىرلاپ قويىدۇ. دۇئا شۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بەدر كۈنىدىكى غەلىبىسىنىمۇ الله شۇنداق تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن. پەيغەمبەر ﷺ غەلىبە قىلىشتىن بۇرۇن ساھابىلىرىگە كىشىلەرنىڭ يىقىلىدىغان ئورۇنلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ياردەم تىلەپ دۇئا قىلىشى سەۋەبلىك جەڭنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلگەن». ③

ئىمام غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن قازا ۋە قەدەرنى ھېچنەرسە قايتۇرالمايدىغان تۇرسا، دۇئا قىلغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ دېسەڭ، بىلگىنكى، دۇئا قىلىش دۇئا ئارقىلىق بالايى-قازانىڭ قايتىشىمۇ قازا ۋە

① «جلاء الأفهام لابن قيم الجوزية» 1- توم 153- بەت.
② ئىبنى ماجە توپلىغان.
③ «مجموع الفتاوى» 14- توم 147- بەت.

قەدەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. قالقان ئوقنى توسۇشنىڭ، سۇ زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىشنىڭ سەۋەبى بولغىنىدەك، دۇئا بولسا بالايى-قازانى قايتۇرۇش ۋە الله تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبىدۇر. قالقان بىلەن ئوق بىر-بىرىنى ئىتتىرىشكەندەك، دۇئا بىلەن بالا-قازا بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىدۇ. يەرگە ئۇرۇقنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن سۇغارماسلىق تەقدىرنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولمىغىنىدەك، قورال كۆتۈرمەسلىكمۇ الله تائالانىڭ تەقدىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ﴾ <(دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن>[①]. شۇڭا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنىڭ بۇرۇن تەقدىر قىلىنغاچقا ئۇرۇق ئۈنىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۈنمەيدۇ. سەۋەبلەرنى سەۋەب قىلىنغۇچى ئىشقا باغلايدىغىنى قازا بولۇپ، ئۇنىڭ مۇددىتى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن ۋاقىتتۇر. سەۋەب قىلىنغۇچى ئىشلارنىڭ سەۋەبلەر بويىچە تەدرىجي ۋە پىلانلىق بولۇشىنىڭ ئۆزى تەقدىردۇر. ياخشىلىقنى تەقدىر قىلغان الله ئۇنى سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلغان، يامانلىقنى تەقدىر قىلغان الله ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە ۋاستە بولىدىغان سەۋەبلەرنى ھازىر قىلغان. يىراقنى كۆرەر كىشىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشلار ئارىسىدا ھېچبىر قارىمۇقارشىلىق يوقتۇر».[②]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقىنىدەك، ئەگەر دۇئا ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇستەھەب بولسا، مۇجاھىدلار ئۈچۈن ۋاجىب بولىدۇ. بولۇپمۇ، جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا تېخىمۇ شۇنداق.

شەك-شۈبھىسىزكى، دۇئا — الله نىڭ نۇسرىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ۋە نۇسرەتنىڭ چۈشۈشىنى ۋاجىب قىلغۇچى ئامىلدۇر. الله تائالا

---

① سۈرە نىسا 102-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «إحياء علوم الدين لأبي حامد الغزالي» 1-توم 328 ۋە 329-بەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1].

ئەبۇ جەئفەر تەبەرى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەر دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ يەردە الله تائالا ئۇلارغا: <ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلار بىلەن جەڭدە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزۈشسەڭلار سابىت تۇرۇڭلار، چېكىنمەڭلار، ئارقاڭلارنى قىلىپ قاچماڭلار، قايتا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چېكىنىش ياكى ئاراڭلاردىكى بىرەر جامائەگە قېتىلىش مەقسىتىدە قېچىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا>. ﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ <مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار>. يەنى، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىڭلار، قەلبىڭلار ۋە تىلىڭلاردا الله نى ئەسلەڭلار. قەتادە مۇنداق دېگەن: <قىلىچ سوقۇشتۇرۇۋاتقان ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلاردىمۇ الله سىلەرگە ئۆزىنى زىكرى قىلىشنى پەرز قىلدى>»[2].

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ جەڭ مەيدانلىرىدا الله تىن غەلىبە-نۇسرەت تىلەپ كۆپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ الله قا ئىلتىجا قىلىپ: <اللَّهُمَّ أَنْشُدُكَ عَهْدَكَ وَوَعْدَكَ، اللَّهُمَّ إِنْ شِئْتَ لَمْ تُعْبَدْ بَعْدَ الْيَوْمِ أَبَدًا> <ئى الله ! مەن سېنىڭ ماڭا قىلغان ئەھدەڭ ۋە ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن. ئەگەر سەن (بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى)

---

[1] سۈرە ئەنفال 45- ئايەت.

[2] «جامع البيان في تأويل القرآن لابن جرير الطبري» 13- توم 574- بەت.

خالىساڭ، بۈگۈندىن كېيىن زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلغۇچىلار قالمايدۇ> دەپ دۇئا قىلدى. ھەتتا ئىلتىجا قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۈچىسىدىكى رىداسىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىدانى (يەردىن ئېلىپ) پەيغەمبەر ﷺ گە يېپىپ قويغاچ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى بولدى قىلسىلا، ھېلىمۇ رەببىمىزگە ھەقىقەتەن كۆپ يېلىندىلا< دېدى. ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ: ﴿سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ، بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ﴾ <(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇب قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ [45]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر[46]①> دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىنىچە سىرتقا چىقتى».②

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [بەدر غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۇلار جەمئىي مىڭ كىشى بولۇپ، ساھابىلەر ئاران 319 كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قىبلىگە قاراپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «اللهُمَّ أَنْجِزْ لِي مَا وَعَدْتَنِي، اللهُمَّ آتِ مَا وَعَدْتَنِي، اللهُمَّ إِنْ تُهْلِكْ هَذِهِ الْعِصَابَةَ مِنْ أَهْلِ الْإِسْلَامِ لَا تُعْبَدْ فِي الْأَرْضِ» «ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن. ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگىن. ئى الله ! ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلار جامائىتى ھالاك بولۇپ كەتسە، زېمىن يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قىبلىگە قاراپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ رەببىگە ئىلتىجا قىلىۋېرىپ، ھەتتا تونىمۇ مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

---

① سۈرە قەمەر 45ـ ۋە 46ـ ئايەتلەر.
② بۇخارى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونىنى يەردىن ئېلىپ يېپىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى، ئۇ ساڭا ۋەدە قىلغان غەلىبىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ: <مەن چوقۇم سىلەرگە ئارقىمۇ-ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دېدى»[1]. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى].[2]

ئەبۇ قەتادە پەلەستىنى ئۆزىنىڭ «مقالة بين منهجين» ناملىق قىممەتلىك ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «توغرا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بارچە ئىش-ھەرىكەتلىرى الله نىڭ كائىناتتا بەلگىلىگەن قانۇنىيەتلىرىدىن قىلچە چەتنەپ كەتمەيدۇ، بەلكى شۇ قانۇنىيەت ئىچىدە بولىدۇ. لېكىن ئاشكارا نەرسىنىڭ غەيب بىلەن باغلىنىشى، دۈشمەنلەرنىڭ قەلبىگە قورقۇنچنىڭ چۈشۈشى، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە مۆئمىنلەرگە ئۆلارنىڭ ئاجىزلىرى سەۋەبلىك ياردەم بېرىلىشىنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ كائىناتتا بەلگىلەپ قويغان تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. مانا بۇ قانۇنىيەتلەر بۇ دۇنيانىڭ ماددىي قانۇنىيەتلىرى بىلەن كىرىشىپ كېتىدۇ. ماددىي ھايات قانۇنىيەتلىرىگە پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى ۋە تارىخىي ئىش-ئىزلىرىنى پۇختا بىلگەن كىشىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلار بۇ ئىشلارغا قىلچە ئېتىبار بەرمەيدۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايدۇ. ئاسمانغا ئۆرلىگەن (يەنى مەقبۇل قىلىنغان) دۇئا — تەقلەنگەن نەيزە-قىلىچلارغا باراۋەر كېلىدۇ، ئانىلارنىڭ يىغىسى، مەزلۇملارنىڭ نالىلىرى گويا كېچىدە ئاتقان ئوق بولۇپ، الله بۇ

---

[1] سۈرە ئەنفال 9- ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئارقىلىق دۈشمەن سەپلىرىنى ۋە كاپىرلارنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىدۇ.

دۇئا مۇئمىنلەرنىڭ دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى پايدىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ قورالى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ شىجائەتلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك زات ھېسابلانغان پەيغەمبەر ﷺ مۇ بەدرىدە رەببىگە مۇناجات قىلغان ئىدى».

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇئا الله تائالانىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ چوڭ ۋاستە، شۇنداقلا زالىم كاپىرلارنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولۇپ، مۇئمىنلەر ئۇ ئارقىلىق قۇدرەت تاپىدۇ، بالا-مۇسىبەتلەر قايتۇرۇلىدۇ، ياخشىلىق ۋە خۇشاللىقلار قولغا كېلىدۇ. بىز بەدر كۈنىدىكى غەلىبىنى دۇئانىڭ كۈچى بىلەن بولغان دەپ قارايمىز. ئى قېرىندىشىم! شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئانى قولدىن بەرمە، ئۇنى داۋاملاشتۇر. بىلىپ قويغىنكى، غەلىبە سەۋر بىلەن بىرگىدۇر، قىيىنچىلىق مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. تۆۋەندىكىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازات جەريانىدا، جەڭ ئەۋجىگە چىققان ۋە ئىككى قوشۇن سەپ تارتىپ ئۇچراشقاندا قىلغان دۇئالىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر:

بىرىنچى دۇئا. «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الكِتَابِ، وَمُجْرِيَ السَّحَابِ، وَهَازِمَ الأَحْزَابِ، اهْزِمْهُمْ وَانصُرْنَا عَلَيْهِم» «ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرۇپ بەرگۈچى، دۈشمەن ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرىنى ھالاك قىلغۇچى الله ! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن».[1]

ئىككىنچى دۇئا. «اللَّهُمَّ أَنْتَ عَضُدِي وَنَصِيرِي، بِكَ أَحُولُ، وَبِكَ أَصُولُ، وَبِكَ أُقَاتِلُ» «ئى الله ! پەقەت سەنلا مېنىڭ يۆلەنچۈكۈمسەن، پەقەت سەنلا ماڭا ياردەم قىلغۇچىدۇرسەن، مېنىڭ بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىشىم، دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش قىلىشىم پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا بولىدۇ».[2] يەنە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ غازاتقا چىقسا: «اللَّهُمَّ أَنْتَ عَضُدِي وَأَنْتَ نَصِيرِي وَبِكَ أُقَاتِلُ» «ئى الله ! پەقەت سەنلا مېنىڭ يۆلەنچۈكۈمسەن، پەقەت سەنلا ماڭا ياردەم قىلغۇچىدۇرسەن، مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىم پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا بولىدۇ» دەيتتى دەپ نەقىل قىلىنغان.[1]

ئۈچىنچى دۇئا. «اللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ» «ئى الله ! ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى ساڭا تاپشۇرىمىز، ساڭا سېغىنىپ ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز».[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ﴿حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «الله بىزگە كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»[3] دېگەن بۇ سۆزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزنى ﴿إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ﴾ <شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار>[4] دېگەندە ئېيتقان».

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 35 ـ ئەسلەتمە

## ھىجرەتنىڭ مەقسىتى ھەققىدە

ئى ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى قېرىندىشىم! بىلىڭكى، ھىجرەتنىڭ مەقسىتى ــ جىھاد قىلىشتۇر. ئۇ سالىھ كىشىلەر مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن، بۇنىڭ ئۇچۇن كۆپ بەدەللەر تۆلەنگەن ۋە ئاخىرى جەننەتكە تۇتىشىدىغان يولدۇر؛ ئۇ ــ ئىماننىڭ ئالامىتى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھىجرەت بولسا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، شەھىدلىككە ئۇلاشتۇرىدىغان، ياخشىلىق، رىزىق ۋە ئىززەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول بولۇپ، ئۇ ــ جىھادنىڭ دەسلەپكى زۆرۈر باسقۇچىدۇر».

ھىجرەت ــ ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان، بەرداشلىق بېرىش قىيىن، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىبادەت بولۇپ، بۇ بىر كىشى ئۇچۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يۇرتلىرىدىن، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ۋە گۈزەل تۇرمۇشلىرىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇنى پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا قىلالايدىغان بولغاچقا، اللہ تائالا مۇھاجىرلارغا كاتتا ئەجىر ۋە مەرتىۋىلەرنى ۋەدە قىلغان.

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللَّهِ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ**﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە اللہ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر اللہ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[①].

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ**﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت

[①] سۈرە بەقەرە 218ـ ئايەت.

قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» [1].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ﴾ «ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) ـــ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ»[2].

ھىجرەت مانا مۇشۇنداق پەزىلەتلىك ۋە مەرتىۋىسى ئۈستۈن ئىبادەت بولغاچقا، شەيتان اللە نىڭ بەندىلىرىنى بۇ يولدىن توسۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ.

سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: [رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الشيطان قعد لابن آدم بأطرقه، فقعد له بطريق الإسلام، فقال: تسلم وتذر دينك ودين آبائك وآباء أبيك؟ فعصاه فأسلم، ثم قعد له بطريق الهجرة، فقال: تهاجر وتدع أرضك وسماءك، وإنما مثل المهاجر كمثل الفرس في الطول؟ فعصاه فهاجر، ثم قعد له بطريق الجهاد، فقال: تجاهد فهو جهد النفس والمال، فتقاتل فتقتل، فتنكح المرأة، ويقسم المال؟، فعصاه فجاهد» «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنى (توغرا) يوللاردىن توسۇپ ئولتۇرۇۋالىدۇ (يەنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا: <سەن مۇسۇلمان بولامسەن؟ ئۆزۈڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلامسەن؟> دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي مۇسۇلمان بولىدۇ. (شەيتان ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسۇپ قالالمىغاندىن) كېيىن ئۇنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ھىجرەت

---

[1] سۈرە تەۋبە 20 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال 74 ـ ئايەت.

قىلامسەن؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمسەن؟ مۇھاجىر دېگەن خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى ھېچ يەرگە بارالمايدۇ)> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي ھىجرەت قىلىدۇ. (ئۇنى ھىجرەت قىلىشتىن توسۇپ قالالمىغاندىن) كېيىن ئۇنىڭ جىھاد يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن جىھاد قىلامسەن؟ جىھادقا جان ۋە مال كېتىدۇ. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئايالىڭ باشقىلارغا نىكاھلىنىدۇ ۋە مال-مۈلۈكۈڭ تەقسىم قىلىنىدۇ> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي جىھاد قىلىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «فمن فعل ذلك كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، ومن قتل كان حقا على الله عز وجل أن يدخله الجنة، وإن غرق كان حقا على الله أن يدخله الجنة، أو وقصته دابته كان حقا على الله أن يدخله الجنة» «كىمكى شۇنداق قىلسا، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ كىمكى جەڭدە شەھىد قىلىنسا ياكى سۇدا غەرق بولۇپ كەتسە ۋە ياكى ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسە، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ».[1]

شەيتان ئىنساننىڭ ھەربىر ياخشىلىق يولىنى پايلاپ تۇرىدۇ ۋە توسۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر ياخشىلىق يولى بولىدىكەن، شەيتان ئۇنى پايلاپ تۇرىدۇ ۋە بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ بەندىنىڭ ئۇ يولغا كىرىشىنى توسىدۇ، ئەگەر بەندە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ ئۇ يولغا كىرسە، ئۇ يولغا توسۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ. قارشى پىكىر ۋە توسالغۇلار بىلەن ئۇ كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ. ئەگەر بەندە ئۇ يولدىكى ئەمەلنى تاماملىسا، ئىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن شەيتان ئۇ كىشىنىڭ ئەجرىنى يوقىتىۋېتىشكە ۋە ئۇنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇۋېتىشكە ئۆتىدۇ».[2]

---

[1] نەسائى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «بدائع الفوائد لابن قيم الجوزية» 2- توم 159- بەت.

ئىمان، ھىجرەت ۋە جىھاد بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. بەلكى ھىجرەت ـــ الله تائالا يولىدىكى جىھادنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇلارنى بىرلىكتە تىلغا ئالغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە بۇ نۇقتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جىھاد ـــ ھىجرەتسىز مۇكەممەل بولمىغىنىدەك، ھىجرەت ۋە جىھاد ـــ ئىمانسىز مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇ ئۈچىنى بىرلىكتە ئورۇنلىغانلار الله نىڭ رەھمىتىگە ۋە كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللَّهِ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ <شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر>[1]».[2]

شۇنى بىلگىنكى، جىھاد قىلىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلىش قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇنى ئادىل كىشىنىڭ ئادىللىقى ۋە زالىمنىڭ زۇلمى توختىتالمايدۇ.

جۇنادە ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: [رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ھىجرەت قىلىش ئاخىرلاشتى» دېيىشىپ ئىختىلاپلىشىپ قالدى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر: <ھىجرەت قىلىش ھەقىقەتەن ئاخىرلاشتى> دېيىشىۋاتىدۇ» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «إن الهجرة لا تنقطع ما كان الجهاد» «جىھاد داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن، ھىجرەت توختاپ قالمايدۇ» دېدى].[3]

---

[1] سۈرە بەقەرە 218 ـ ئايەت.

[2] «زاد المعاد ابن القيم الجوزية» 3 ـ توم 10 ـ بەت.

[3] ئەھمەد توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

رەجا ئىبنى ھەيۋە دادىسىدىن، دادىسى بولسا پەيغەمبەر ﷺ دىن ھىجرەت توغرىسىدا سورىغان ئەلچىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «لا تنقطع ما جوهد العدو» «دۈشمەن بىلەن بولغان جىھاد داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن، ھىجرەت توختاپ قالمايدۇ».[1]

جىھاد ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرقى كىشىلىرى مەسىھ دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق، ظاهرين على من ناوأهم حتى يقاتل آخرهم المسيح الدجال» «مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن دۈشمەنلىرىدىن غالىب ھالەتتە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان بىر تائىپە كىشىلەر دائىم چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى مەسىھ دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ».[2]

بەزىلەر يۇقىرىقى ھەدىسلەر بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «لا هجرة بعد الفتح، ولكن جهاد ونية، وإذا استنفرتم فانفروا» «(مەككە) فەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق، لېكىن جىھاد ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار؛ ئەگەر سىلەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار»[3] دېگەن ھەدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى قانداق باغلاپ چۈشىنىمىز؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭغا ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ نەقىل قىلغان ئالىملارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز: «كاپىر دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىش قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەدىستە ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار. بىرى، مەككە فەتىھ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەمدى ئىسلام يۇرتىغا ئايلاندى.

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەلىيەتتە، ھىجرەت كۇفرى دىياردىن ئىسلام دىيارىغا قارىتا بولىدۇ. بۇ ھەدىس مەككىنىڭ ئىسلام يۇرتى بولۇپ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىش تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىن كۆرۈشتىن ئىبارەت مۆجىزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، <مەككە فەتھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ــ مەككە فەتھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى قىلىنغان ھىجرەتنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاش ھىجرەت يوق دېگەنلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا**﴾ <سىلەردىن مەككە فەتھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۇشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس>[1]. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <لېكىن جىھاد ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەنىسى ــ ھىجرەتنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يول بار، ئۇ بولسىمۇ جىھاد قىلىش ۋە ھەرقانداق ئىشتا ياخشىلىقنى نىيەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر». [2]

«تحفة الأحوذي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <لېكىن جىھاد ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار> دېگەن سۆزى ھەققىدە تەيىبى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇ ئۇقۇم كېيىنكى ھۆكۈم ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە قارشى كېلىپ قالغاندەك چۈشەنچە بېرىپ قويسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇئەييەن كىشىلەردىن تەلەپ قىلىنغان مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئاخىرلاشتى. پەقەت

[1] سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 9- توم 123- بەت.

جىھاد ئۇچۇنلا ھىجرەت قىلىش قېلىپ قالدى. يەنە شۇنىڭدەك ياخشى نىيەتتە كاپىرلار دىيارىدىن قېچىپ چىقىش، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقىش، دىنىنى ئېلىپ پىتنىدىن قېچىش ۋە شۇنىڭ ھەممىسىگە نىيەت قىلىش قېلىپ قالدى». [1]

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھمۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «<مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىشقا بولمايدۇ> دېگەنلىك ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئاخىرلاشتى، ھىجرەت دېگەن بۇ دىنىي شوئار سەۋەبلىك ئېرىشىلىدىغان ئەجىر ئاخىرلاشتى دېگەنلىكتۇر. مەككە ئىسلام يۇرتىغا ئايلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مال ۋە جانلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ مۇھاجىرلىق شەرىپىگە ئېرىشىش ئەمدى قايتا مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ شەرەپ مەككە فەتھ قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈزۈلۈپ قالغان. لېكىن بۇ يەردە قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ھىجرەت بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا نىيەت قىلىشتۇر. <مەككە فەتھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق، لېكىن جىھاد ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش بار> دېگەنلىك، مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى بىلەن ھىجرەتنىڭ ساۋابى ئۈزۈلدى، لېكىن سىلەرنىڭ جىھاد يولى ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش يولىدىن ئىبارەت باشقا بىر يول بىلەن بۇ ساۋابنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيەتىڭلار بار، ھىجرەت قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ دېگەنلىكتۇر».

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئالىملىرىغا كۆرە، جىھاد قىلىش نىيىتىدە ۋەتەندىن ئايرىلىش ۋە كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىش ئىزچىل داۋاملىشىدىغان پەرزدۇر. تاقىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ بىدئەت

[1] «تحفة الأحوذي شرح جامع الترمذي للمباركفوري» 9- توم 190- بەت.

ۋە ھارام ئىشلار ئەۋج ئالغان يۇرتتىن چىقىپ كېتىشىمۇ ئوخشاشلا داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھىجرەت — گۇناھلارنى ۋە گۇناھ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى، بىدئەتكە چاقىرغۇچىلارنى، پاسىقلارنى، شۇنداقلا ئۆزرىسىز جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنى شەرىئەت بەلگىلىگەن دائىرىدە تەرك ئېتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەر ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىققا ھەمكارلاشمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئارقىلىق جازالىنىدۇ».[1]

الله تائالا ئۆز يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققان كىشىگە ياخشى رىزىق، قولاي تۇرمۇش، ئىبادەتلەردە ئازادىچىلىك ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇشتىكى قولايلىقلار بىلەن كاپالەتلىك قىلغان بولۇپ، الله يولىدىكى مۇھاجىرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ»[2].

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «فى ظلال القران» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: [ئىسلامدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ھىجرەت قانداقتۇر پۇل-مال، ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىنىدىغان ھىجرەت ئەمەستۇر. كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا كەڭرىچىلىك ۋە چىقىش يولى تاپىدۇ. نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋە رىزىققا ئېرىشىش يوللىرى كۆپىيىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك

[1] «مجموع الفتاوى» 15- توم 311- بەت.
[2] سۈرە نىسا 100- ئايەت.

تاپىدۇ»① . ئەمما، بەزى كىشىلەر ئىنساندىكى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش خاراكتېرى تۈپەيلى ھايات كەچۈرۈش ۋە رىزىق تېپىپ يېيىش ۋاستىلىرىنى ئۆزى ياشاپ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا باغلاپ چۈشىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ياشاپ ئادەتلەنگەن زېمىندىن باشقا زېمىنغا ھىجرەت قىلسا ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ — رىزىق، ھاياتلىق ۋە نىجات تېپىش سەۋەبلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى خاتا چۈشىنىۋېلىشتۇر. بۇنداق تەسەۋۋۇر ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ نەپسلەرنى خارلىق ۋە زۇلۇمنى قوبۇل قىلىدىغان، دىندا پىتنىگە ئۇچراشقا سۈكۈت قىلىدىغان، ئاندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتتە تەسۋىرلىگەندەك كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە دۇچار قىلىپ قويىدۇ. ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: <(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟> دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <ھىجرەت قىلساڭلار اللە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟> دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»② .

ھەقىقەتەن، اللە تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان كىشىگە زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭرىچىلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى، كەڭرى رىزىق ۋە نىجاتلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان].③

① سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا 97 ـ ئايەت.

③ «في ظلال القرآن لسيد قطب» 2 ـ توم 745 ـ بەت.

سەلەف ـ سالىھلار ئەجىر ـ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، مۇسۇلمانلار چېگرالىرىنى قوغداشتا ئۆزئارا بەسلىشەتتى ۋە جىھاد قىلىش ئۈچۈن شۇ چېگرالارغا ھىجرەت قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتىكى پەرز كۆپايە جىھاد سەۋەبلىك ئەنە شۇ چېگرالارنىڭ نامى تارىلىپ، مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئىدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شۇڭا ئىمام ئەۋزائى، ئەبۇ ئىسھاق فەزارى، مەخلەد ئىبنى ھۇسەيىن، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ھۇزەيفە مەرئەشى ۋە يۇسۇپ ئىبنى ئەسبات قاتارلىق سالىھ كىشىلەر شام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى شام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرۇش ئۈچۈن خۇراسان، ئىراق ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن. چۈنكى شام خەلقى شۇ چاغدا ئەھلى كىتاب بولغان خرىستىئانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىدى. نەسائى نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قتله أهل الكتاب فله أجر شهيدين» «كىمكى ئەھلى كىتابنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا ئىككى شەھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ». بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار دىن ئاساسىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئەمما تۈرك كاپىرلىرى دىن ئاساسىدا ئۇرۇش قىلمايدۇ. ئەھلى كىتاب غەلىبە قىلسا دىن ۋە دۇنيانى بۇزىدۇ، باشقا مۇشرىكلار دىن ئاساسىدا ئۇرۇش قىلمايدىغان بولۇپ، ئۇلار دىنىنى ۋە دىنىنىڭ دۇنياغا ئالاقىدار قىسمىنى بۇزىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ۋاقىتلاردا تۈزۈلگەن فىقھى كىتابلاردا تارتۇس كۆپ تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى، تارتۇس شەھىرى مۇسۇلمانلارنىڭ چېگراسى بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، سەرى، سەقەتى قاتارلىق ئالىم ۋە ئۇستازلارمۇ رىباتتا تۇرۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە كېلىشنى مەقسەت قىلغان. خەلىفە مەئمۇنمۇ ئۇ يەرگە يېقىن ئەتراپتا ۋاپات تاپقان. ئەسقەلان، ئىسكەندەرىيە، ئەككە، قەزۋەين ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنىشى بۇلارنىڭ ئالاھىدە شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار چېگراسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر».[1]

---

[1] «مجموع الفتاوى» 28ـ توم 52ـ ۋە 53ـ بەت.

ئىماملىرىمىزغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇلار ھەربىر ئىشتا يۈكسەك ئۈلگە ئىدى. ئۇلار كېيىنكىلەرگە كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان تەسىرلىك گۈزەل ئىش-ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇلار — قەلبى ياخشىلىق ۋە ھىممەت بىلەن تولغان خۇداگۇي ئالىملارغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر.

❁ ❁ ❁

# 36 ـ ئەسلەتمە

## غەلىبىنىڭ ماھىيىتى

غەلىبە سۆزى تىلغا ئېلىنىسا ئىنسان زېھنىگە ئەقىدە ۋە پرىنسىپلارنىڭ ئۆز قارشىسىدىكى ئېقىملار ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان ۋاقىتلىرىدىكى زەپەر تۇيغۇلىرى، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئوتلۇق ھاياجان ۋە خۇشال كەيپىياتلار كېلىدۇ.

شۇنداق! غەلىبە سۆزى ئىنسان روھىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ گۈزەل بىر خىل تۇيغۇدۇر. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا الله بۇنى مۇئمىن بەندىلىرىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بۈيۈك بىر ھېكمەت تۈپەيلى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مانا بۇ قانۇنىيەت بەزىدە كېچىكىپ قالىدۇ.

بۇ يەردە مۇجاھىدلار بىلىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ۋە چوڭ بىر ھەقىقەت باركى، ئۇ بولسىمۇ غەلىبىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدۇر. ئۇنداقتا غەلىبىنىڭ ھەقىقىي ئېنىقلىمىسى نېمە؟ ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇ — ئۆز غايىسى ۋە پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارچە نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىشتۇر.

ساھابىلەرنىڭ مۇھەممەد ﷺ گە بولغان بەيئىتى مانا مۇشۇنداق يۈكسەك غايە ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار بىر نىيەت بىر مەقسەت ئۈستىگە ئۇيۇشۇپ، قەلبلىرىدە دۇنيالىق ئۈچۈن ھېچبىر ئۇلۇش قالدۇرمىدى. ئۆز ئەقىدىسىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئەتراپقا يېيىش ئۈچۈن ئىلاھىي غەمخورلۇققا ئېرىشكەن مۇبارەك كارۋان سۈپىتىدە يولىنى داۋاملاشتۇردى. پۈتۈن غېمى الله ھۇزۇرىدىكى كاتتا ئەجىر ۋە ساۋابلارغا ئېرىشىش بولۇپ، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نازۇ ـ نېئمەتلىرى ۋە شان ـ شۆھرەتلىرىگە كۆز قىرىنى سالمىدى.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ «السيرة النبوية» ناملىق كىتابىدا ئاسىم ئىبنى

ئۆمەر ئىبنى قەتادەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلغاندا، بەنى سالىم ئىبنى ئەۋفنىڭ قېرىندىشى ئابباس ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە ئەنسارى ئۇلارغا: <ئى خەزرەج خەلقى! سىلەر بۇ كىشىگە نېمىگە بەيئەت قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟> دېدى. ئۇلار بىردەك: <شۇنداق، بىلىمىز> دېيىشتى. ئاباس ئۇلارغا: <سىلەر ئۇنىڭغا ئاق تەنلىك ۋە قىزىل تەنلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەيئەت قىلىۋاتىسىلەر، ئەگەر سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار تۈگەپ، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلىرىڭلار ئۆلۈپ، ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ھازىردىن باشلاپ مۇھەممەد ﷺ يېنىمىزدا قېلىپ قالسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالساڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ كېتىسىلەر. ئەگەر پۇل-ماللىرىڭلار تۈگەپ، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن ئەھدەڭلارغا ۋاپا قىلساڭلار، ئۇنى ئېلىپ كېتىڭلار. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر> دېدى. ئۇلار: <پۇل-ماللىرىمىز زىيانغا ئۇچراپ، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنى چوقۇم ئېلىپ كېتىمىز. ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر بىز ئۇنىڭغا (يەنى بەيئەتكە) ۋاپا قىلساق ئۇنىڭ بەدىلىگە بىزگە نېمە بار؟> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <الجنة> <جەننەت بار> دېدى. ئۇلار: <قولۇڭنى ئاچ> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ قولىنى ئاچتى-دە، ئۇلار ئۇنىڭغا بەيئەت بەردى». [1]

ئەبۇ ھەسەن نەدەۋى رەھىمەھۇللاھ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەقىقەتنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كىشىلەر ئۆز نەپسى-خاھىشلىرىدىن غالىب كېلىپ ئۆزى ۋە باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلالىسا، دۇنيادىكى پۈتۈن مەشغۇلاتى ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىش بولسا ۋە بۈگۈنى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى

[1] «السيرة النبوية» 2- توم 201- بەت.

كەلگۈسى ئۈچۈن ياشىسا، ئۇنداق كىشىلەر قىيىنچىلىق ئالدىدا ئاجىزلىق قىلمايدۇ؛ ئاتا قىلىنغان دۇنيا نېئمەتلىرى ئالدىدا خۇدىنى يوقۇتۇپ كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ؛ پېقىرلىق ۋە يوقسۇزلۇق تۇپەيلى قاقشىمايدۇ؛ دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە ئاخىرەتنى ئۇنتۇمايدۇ؛ چوڭچىلىق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق ۋە پىتنە-پاسات بىلەن شۇغۇللانمايدۇ؛ ئادالەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىنمۇ باش تارتمايدۇ؛ ئۇممەت ئۈچۈن قورغان بولۇپ، الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى ئاۋانگارتلارغا ئايلىنىدۇ».

الله يولىدىكى مۇجاھىد ھەقىقىي غەلىبىنى پەقەت جەڭلەردە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش دەپلا چۈشەنمەسلىكى كېرەك. غەلىبىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مانا مۇشۇنداق تار رامكىغا كىرگۈزۈۋېلىش تولىمۇ ئادالەتسىزلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي غەلىبە بولسا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەللەرنى تۆلەۋاتقان ئەنە شۇ ئەقىدىنىڭ غەلىبە قىلىشىدۇر. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيش كاتتىباشلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما «الله بىردۇر، الله بىردۇر» دېگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزى بىلەن ئۆز ئەقىدىسىنى قۇرەيش كاتتىباشلىرىغا ئاشكارىلاپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن ئىدى. ياسىر ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ھەقىقەت ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، الله تائالانىڭ كۆرسەتمە-بۇيرۇقلىرىنى مەنبە قىلغان جىھاد پرىنسىپلىرىدىن ۋە كۈرەشنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەقىدىدىن ۋاز كېچىش — ھەقىقىي مەغلۇبىيەتتۇر.

جىھاد بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، قورالىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا جىھاد يولىدا سۇباتلىق تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ غەلىبىدۇر. چۈنكى، دۈشمەنىنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى — پرىنسىپتىن ۋاز كەچتۇرۇش ۋە ئالدىدا تىز پۈكتۇرۇشتۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدىكى ئورەك ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسىدە ئۆزى

ھىدايەت قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ كەتسىمۇ ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەستىن مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى، رەببىسىنىڭ ۋەدىسىگە كەسكىن ئىشىنىپ بارلىقىنى الله ئۇچۇن تەقدىم قىلغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ھۇزۇر- ھالاۋەتلىرىدىن كېچىش بەدىلىگە الله تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە تەييارلاپ قويغان ئېسىل نېئمەتلىرىگە نائىل بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي غەلىبە قازانغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىسسىسى ئىلاھىي ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەربىر كىشىنىڭ توغرا مەنھەج ئۈستىدە ئىجاتلىقتا ئېرىشىشى ئۇچۇن شانلىق ئۈلگە ۋە نۇرلۇق مەشئەلدۇر.

الله تائالا ئورەك ئىگىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الْبُرُوجِ۞ وَالْيَوْمِ الْمَوْعُودِ۞ وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ۞ قُتِلَ أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ۞ النَّارِ ذَاتِ الْوَقُودِ۞ إِذْ هُمْ عَلَيْهَا قُعُودٌ۞ وَهُمْ عَلَى مَا يَفْعَلُونَ بِالْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ۞ وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَنْ يُؤْمِنُوا بِاللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ۞ الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ۞ إِنَّ الَّذِينَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ الْحَرِيقِ۞ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْكَبِيرُ۞**﴾ «بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى [1-3]، ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن [4]. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى [5]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى [6-7]، ئۇلار مۇئمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق الله قا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۇچۇنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر. الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [8-9]. مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ [10]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن

ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر [11]»①. مانا بۇ پاك روھلار ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئەقىدىسىنى ھايات قالدۇرۇپ، رەببىنىڭ رازىلىقىغا ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن نېئمەتلەرگە ئېرىشكەن ھالدا الله نىڭ ھۇزۇرىغا سەپەر قىلدى. الله تائالا تەرىپىدىن يۈكسەك مەرتىۋە ۋە ئالىي ماكانلارغا نائىل بولدى.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «معالم في الطريق» ناملىق كىتابىدا بۇ ئايەتلەرنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ قىممەت قاراش ئەقىدە قارىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مۇئمىننىڭ ئىمانىدۇر. ئەڭ يۈكسەك غەلىبە روھنىڭ جىسىم ئۈستىدىن، ئەقىدىنىڭ تۇرلۇك ئىمتىھانلار ئۈستىدىن، ئىماننىڭ شېرىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدۇر.

مۇئمىنلەر بۇ ۋەقەدە ئۆزىدىكى قورقۇنچ، دەھشەتلىك سىناقلار ۋە رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ مۇھەببەتلىرىنى يېڭىپ، شېرىك ئەھلى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، مانا بۇ ھەقىقىي غەلىبىدۇر. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئەمما ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆز مەيدانىنى جاكارلاپ رەقىبلىرى ئۈستىدىن بۇ دەرىجىدە غالىب كېلەلمەيدۇ ۋە پۈتكۈل ئالەمگە بۇنچىۋالا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ ــ الله نىڭ ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن بىر تۈركۈم ئالىيجاناب كىشىلەرنى ئورتاق ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆلارغىلا نېسىپ بولغان كاتتا شان-شەرەپكە مۇناسىپ كۆرگەنلىكىدۇر ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدۇر.

ئۇنداقتا بىز كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بىر نەزەر سالايلى. ناۋادا ئەنە شۇ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولسا ئۇلار نەقەدەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولاتتى-ھە؟ پۈتكۈل ئىنسانىيەتچۇ؟ مەۋقەسىز ھاياتلىق، ئەبجەش مېتودلار ۋە تاغۇتلارنىڭ روھ ۋە

---

① سۇرە بۇرۇج 1- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.

تەنتى مونوپول قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مۇستەبىت تۈزۈلمىسىگە رازى بولماستىن، ئۆزلىرىنى قۇربان قىلالايدىغانلار قانچىلىك چىقار؟ بۇ پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور تېما بولۇپ، ئۆلۈم بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە غەلىبىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ».[①]

ئۆزىنى ھەق ئۈستىدە دەپ قارايدىغان ھەربىر مۇۋەھھىد دەۋەتچىنىڭ مانا بۇ ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، ھەقىقىي غەلىبىنىڭ ئەقىدە، پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن «20-ئەسىر جاھالىيىتى»دىكى نەمۇنىلىك شەخس سەييىد قۇتۇبنىڭ ھاياتى ھەققىدە تونۇشۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىمىز. ئۇ شۇنداق كىشى ئىدىكى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ھۆكۈمرانلارغا كۈچۈكلىنىپ دىنىنى ئەرزىمەس دۇنياغا سېتىۋاتقاندا، ئۇ ئۆز ئەقىدىسى ۋە پەرقلىق ياشاش پرىنسىپى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەقىدىسىنىڭ ئۆزىنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك غەلىبىگە ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشەندى. بۇ ئەقىدە بويىچە ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، جاھالەت مۇرتلىرىنىڭ باتىل تەلەپلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى. يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۇنيا زىبۇزىنىنەتلىرىگە، ۋەدە قىلىنغان ساختا نام-شۆھرەتلىرىگە ئالدانمىدى. كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈم تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماستىن رەببىنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزۈپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش يولىدا رەببىنىڭ ھوزۇرىغا سەپەر قىلدى.

گەرچە سەييىد قۇتۇبنىڭ جىسمى تۇپراققا كۆمۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاھالەت پىرلىرى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىغان، ھەق بىلەن باتىلنىڭ چېگراسىنى ئايرىپ بەرگەن قىممەتلىك سۆزلىرى كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە ئېسىپ قويۇلغان نۇرلۇق

---

[①] «معالم في الطريق» 1- توم 126- بەت.

پانۇسقا ئوخشاش ساقلىنىپ قالدى. ئۆز ئەمەللىرى ئارقىلىق تەستىقلانغان يارقىن پىكىرلىرى قەلبلەرگە مۆھۈردەك ئويۇلدى. ئۇنىڭ شانلىق تەرجىمىھالى مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقى ۋە خەلقئالەمنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرىدىغانلىقىغا كۈچلۈك پاكىت ۋە يارقىن ئۈلگە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. گەرچە ئۇلار دۇنيادىن كەتكەن، چىرايلىرى ئۇنتۇلغان، كۆزلىرى غەلىبە-نۇسرەت خۇشاللىقىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ھەقىقىي غەلىبىنىڭ ئېنىقلىمىسىنى قالدۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ۝ يَوْمَ لَا يَنْفَعُ الظَّالِمِينَ مَعْذِرَتُهُمْ وَلَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ۝﴾ «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز [51]. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [52]»[①].

❖ ❖ ❖

[①] سۈرە غافىر 51- ۋە 52- ئايەتلەر.

## 37 ـ ئەسلەتمە

## جىھادتا مۇسۇلمان خەلق بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقى

ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان جىھاد ھەرىكەتلىرىنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ۋە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولساق، بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتىغا سەل قارىغانلىقىمىز تۈپەيلى كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ ــ جىھاد مەيدانلىرىدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ جىھادقا ئىشتىراك قىلىشىغا سەل قاراش ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە تەربىيە ئالغان مۇئەييەن كىشىلەرگىلا تايىنىپ قېلىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئادەم ئاملى جىھاد يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىلاھىي ئامانەتنى ئادا قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن سانىلىدۇ. لېكىن جىھاد ھەرىكەتلىرىدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۈچىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، مۇئەييەن ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا تايىنىپ قېلىش ۋە زور مىقداردىكى زاپاس مۇجاھىدلار بايلىقى بولماسلىق جىھاد ئەمەلىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى چەكلەپ قويىدۇ، ھەتتاكى يوقۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، جىھاد چاقىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئوق پەقەتلا جىھاد سەپلىرىگە ئۆزلۈكىدىن قېتىلغان ۋە يېتەرلىك تەلىم ـ تەربىيە ئالغان كىشىلەرلا بولماستىن، بەلكى مۇسۇلمان خەلقنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدۇر. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ھەرىكىتى بولسا بىرنەچچە تونىنا پارتلاتقۇچ ماددىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. خەلق بولسا پارتلىغۇچى ماددا، ئىسلام ھەرىكىتى بولسا ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ پارتلىتىدىغان چاقماقتۇر. ئىسلام ھەرىكىتى خەلقتىن ئايرىلىپ قالسا ھەرقانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر نەچچە چوڭ دۆلەتكە قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى كىچىك بىر دۆلەتنىڭمۇ قارشىسىدا تۇرالمايدۇ.

چۈنكى، خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ئىسلام ھەرىكىتى يىلتىزى كېسىۋېتىلگەن شاخقا ئوخشاش قۇرۇپ تۈگەيدۇ. شاخ ھەرقانچە چوڭ ۋە مۇستەھكەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يىلتىزدىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ».

مۇجاھىد ئۇستاز ئەبۇ مۇسئەب سۇرى ئۆزىنىڭ «دعوة المقاومة الإسلامية» ناملىق كىتابىدا الله نىڭ ﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە.) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكار سەن، مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن»[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى جىھاد قىلغىن دېگەن بۇيرۇق — مەيلى كىشىلەر جىھاد ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ياكى ئۇنىڭدىن ئولتۇرۇۋالغان بولسۇن، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تەكلىپ قىلىنىش يېشىغا يەتكەن ھەربىر شەخسكە قارىتىلغان بۇيرۇقتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتتىكى جىھادقا قىزىقتۇرغىن دېگەن بۇيرۇق — مۇجاھىدلار، ئىلىم ئەھلىلىرى، خاتىبلار، يازغۇچىلار ۋە ناتىقلارنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنى جىھادقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بۇيرۇقتۇر. بىرىنچى دەرىسىمىز قارشىلىق كۆرسىتىش توغرىسىدىكى دەۋەت بولۇپ، بۇ پەقەت روھى ئويغاق ياكى ئىخلاسمەن كىشىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۈممەتكە يۈزلەندۈرۈلگەن چاقىرىقتۇر. دېمەك، جىھاد ھەممە مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. شۇڭا بىز ھەممەيلەننى جىھادقا قىزىقتۇرۇشىمىز، سالىھ ياكى پاسىق كىشى بولسۇن، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن، ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ جىھاد قىلىشىمىز كېرەك. خۇسۇسەن قارشىلىق كۆرسىتىش چاقىرىقى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇزچىنى چېكىندۈرۈش چاقىرىقىدۇر».

---

[1] سۈرە نىسا 84 ـ ئايەت.

ئى مۇجاھىد قېرىنداشىم! سىز مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىكەنسىز، بۇ يولنى كىشىلەر بىلەن بىرگە داۋاملاشتۇرۇشىڭىز ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا ۋە سەۋردە بەسلىشىشكە موھتاج بولىسىز. چۈنكى سىز، ئۆرپ ـ ئادەت، مىجەز ـ خاراكتېر ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان؛ تىل، چۈشەنچە، بىلىم قۇرۇلمىسى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن پەرقلىنىدىغان كىشىلەرگە دۇچ كېلىسىز. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنسانغا ياقمايدۇ. لېكىن بۈيۈك مەقسەت، كاتتا ئەجىر ۋە يۈكسەك غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سەۋرچان، خۇشچىراي، كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. يەنە شۇنى بىلىڭكى، كىشىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى (يەنى پاسىق مۇسۇلمان)، ئوتتۇراھال (يەنى مۇئمىن) ۋە ياخشىلىقنى ئالدىراپ قىلغۇچى (يەنى مۇھسىن) دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. كىشىلەردىكى مۇكەممەللىكنى ئىزدەيدىغان كىشى ھەرگىز جىھاد قىلالمايدۇ.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «زالىملارغا ۋە دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى ﴿**لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ**﴾ <الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ>[①] دېگەن سۈپەتكە ئىگە كىشىلەر بىلەن جەڭگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئاسماندا ياشايدىغان پەرىشتىلەرنى ئىزدىسۇن. ئەمما، زېمىندا ئۇنداق كىشىلەرنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس».

ئىمام جۇۋەينىگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «غۇبارسىز، نۇقساندىن خالىي دەۋرنى ئىزدىگەن كىشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ئىقتىداردىن يىراق بىر ئىشقا ئۇرۇنغان بولىدۇ».[②]

---

① سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.

② «الغياثي للجويني» 350 ـ ۋە 351 ـ بەت

بەشار ئىبنى بەرەدنىڭ مۇنۇ سۆزى نېمە دېگەن گۈزەل ـ ھە!

ئەگەر بولسا ئادىتىڭ،

ئىچەلمەيسەن لاي سۇنى.

تاپالمايسەن سۈزۈك سۇ،

ئۇسسىغاندا ھەر كۈنى.

❁ ❁ ❁

# 38 ـ ئەسلەتمە

## ئەمىرنىڭ سۈپەتلىرى

ئى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىنكى، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمىرلىكنىڭ كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم شەرتى بار. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾ <بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر>[①]. ﷲ تائالا مىسىر پادىشاھىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّكَ الْيَوْمَ لَدَيْنَا مَكِينٌ أَمِينٌ﴾ <سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن>[②]. ﷲ تائالا جىبرىئىلنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ۞ ذِي قُوَّةٍ عِنْدَ ذِي الْعَرْشِ مَكِينٍ۞ مُطَاعٍ ثَمَّ أَمِينٍ۞﴾ <قۇرئان ھەقىقەتەن (ﷲ نىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر [19]. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر [20]. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر [21]>[③]».[④]

دېمەك، بۇ ئىككى سۈپەت ئەمىرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەر بولۇپ، ئەمىر بولغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە سۈپەتلەرمۇ بار.

ئىلىملىك ۋە قاۋۇل بولۇشمۇ شۇنىڭ قاتارىدىندۇر. ﷲ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى تالۇت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اصْطَفَاهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ﴾ «ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار

---

① سۈرە قەسەس 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە يۈسۈف 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە تەكۋىر 19 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە.
④ «مجموع الفتاوى» 28 ـ توم 253 ـ بەت. «السياسة الشرعية لابن تيمية» 1 ـ توم 25 ـ بەت.

قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى».[1]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە، بەدىنىنى قاۋۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سىلەردىن بىلىملىك، زېرەك، قەددى-قامەتلىك، جەڭدە سىلەردىن شىجائەتلىك، چىدامىلىق ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسىنى سىلەردىن ياخشىراق بىلىدىغان، ئىلمى سىلەردىن ئارتۇق كىشى بولدى. بۇ ئايەتتىن پادىشاھ بولماقچى بولغان كىشىنىڭ بىلىملىك، قەددى-قامەتلىك، ئىرادىلىك ۋە كۈچلۈك بولۇشىنىڭ لايىق ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ».[2]

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى «الكمائن منظور واقعي» ناملىق ماقالىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم. تۆۋەندە شۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان، ئەمىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىر قىسىم سۈپەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇ سۈپەتلەر جەڭ قوماندانلىرى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىمدۇر. الله ئۇلارنى ھەممە ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

بىرىنچى، جەڭدە تەجرىبىلىك، ئەسكىري بىلىمى مول ۋە دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىشنىڭ تۈرلۈك ماھارەتلىرىنى بىلىدىغان ھېكمەتلىك كىشى بولۇش.

ئىبنى ئەزرەق مالىكي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىشلارنى توغرا پىكىر ۋە توغرا باشقۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەجرىبە بولۇش كېرەك. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا ئېھتىماللىقلارنى توغرا مۆلچەرلىگىلى ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ».[3]

ئىككىنچى، ئەمىر ئەسكىري بىلىمنى پۇختا بىلگەندىن سىرت كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، مۆلايىم، خۇشچىراي، مۇئامىلىسى گۈزەل، كەڭ قورساق بولۇشى

---

[1] سۈرە بەقەرە 247- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير القرآن العظيم لابن كثير» 1- توم 666- بەت.

[3] «بدائع السلك في طبائع الملك لابن الأزرق» 1- توم 184- بەت.

ۋە ھەربىر كىشىنى مۇناسىپ ئىشقا قويۇشنى بىلىشى كېرەك.

ئەبۇ بەكرى تەرتۇشى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ «سراج الملوك» ناملىق كىتابىنىڭ «ئىگە بولۇش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى ھەققىدىكى شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن خىسلەتلەرنى تونۇش» دېگەن بابىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇ خىسلەتلەر ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار ــ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش، قوپاللىق قىلماسلىق ۋە ئىشلارنى مەسلىھەت بىلەن ئېلىپ بېرىشتۇر».

رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، بۇ خىسلەتلەر دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان پادىشاھلار بەكمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۈچ خىسلەتنىڭ ئىككىسى ئاسماندىن نازىل بولغان، بىرىنى پەيغەمبەرﷺ ئېيتقان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ﴾** <الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله قا تەۋەككۇل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ>[1]. بۇ ئايەتتە قوپاللىقنىڭ ھەمراھلارنى قاچۇرۇپ، بىرلىكنى پارچىلىۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى، سورۇنداشلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا ھەربىر پادىشاھ قوپاللىقتىن ئېھتىيات قىلىشى ۋە الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغاندەك بولۇشى لازىم: **﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾** <ساڭا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە مۆلايىم بولغىن>»[1].[2]

ئۈچىنچى، ئەمىر پاراسەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە شىجائەتلىك بولۇشى كېرەككى، تەنتەك بولماسلىقى لازىم.

ئۇنداق بولۇپ قالسا ئۆزىنىمۇ ۋە ئۆزگىنىمۇ هالاك قىلىدۇ. شۇنداقلا قورقۇنچاق، ئاجىزمۇ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولۇپ قالسا، پەرز جىهادنى تاشلاپ قويىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفىنى ئىراققا ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ: «سەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساهابىلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەهمىيەت بەرگىن، ھەممە ئىشتا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارار چىقارغىن، تەمكىن بولغىن. چۈنكى، جەڭنى پەقەت قايسى ۋاقىتتا قول سېلىپ، قايسى ۋاقىتتا قول يىغىشنى بىلىدىغان تەمكىن كىشىلەرلا ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ. ئالدىراپلا ئۇرۇشقا كىرىدىغان قارام كىشىنى ئەمىر قىلمىدىم. چۈنكى، ئۇرۇشقا ئالدىراپ كىرىش مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. قاراملىقنىڭ ئۇرۇشقا پايدىسى بولغان بولسا، مەن شۇنداق كىشىنى ئەمىر قىلغان بولاتتىم» دېگەن.

ئىبنى ئەزرەق مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئېھتىياتچان قوماندان ماھىر سودىگەرگە ئوخشايدۇ. ماھىر سودىگەر بىرەر پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتسە سودا قىلىدۇ، بولمىسا دەسمايىسىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمىنلىككە ئېرىشمىگۈچە غەنىيمەت توپلىمايدۇ. بەزىلەر مۇنداق دېگەن: <ئەگەر قوماندان شىجائەتلىك، تەدبىرلىك بولمايدىكەن، ئۆزىنىڭ يېنىدىكىلەرگە ئاپەت، دۈشمەنلەرگە پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ>».[3]

تۆتىنچى، ئەمىر دۆت بولماسلىقى، لېكىن دۆت بولۇۋېلىشنى بىلىشى

---

[1] سۈرە شۇئەرا 215- ئايەت.

[2] «سراج الملوك لأبي بكر الطرطوشي» 1- توم 98- ۋە 99- بەت.

[3] «بدائع السلك في طبائع الملك لابن الأزرق» 1- توم 204- بەت.

كېرەك.

مانا بۇ ئەرەبلەر ئېيتقان سۆزنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

دانالارنىڭ ئېيتقانلىرىدەك،

باش بولۇشقا مۇناسىپ كىشى.

ئەسلىدىنلا ھەرگىز دۆت ئەمەس،

دۆتلەر كەبى يول تۇتقان كىشى.

دېمەك، ئەمىر چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولۇپ قالسا قول ئاستىدىكىلەرنى ئۈركۈتۈپ قويىدۇ. كەسكىن ۋە جىددىي ۋەزىيەتلەردە يۇمشاق، مۇلايىم ۋە سۆرەلمە بولماسلىقى كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قوپاللىقنىمۇ ئۆز ئورنىغا، مۇلايىملىقنىمۇ ئۆز ئورنىغا قويۇشى كېرەك.

ئەبۇ ھامىد غەززالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھ ھەمراھلىرىغا: <مۇلايىملىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟> دېگەندە، ئۇلار: <ئى ئەبۇ مۇھەممەد، ئۆزۈڭ دەپ بەرگىن> دېدى. ئۇ: <مۇلايىملىق — ئىشلارنى ئۆز ئورنىدا قويۇش بولۇپ، قوپاللىق قىلىدىغان يەردە قوپاللىق قىلىش، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان يەردە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش، قىلىچ ئىشلىتىدىغان يەردە قىلىچ، قامچا ئىشلىتىدىغان يەردە قامچا ئىشلىتىشتۇر> دېدى».[①]

بەشىنچى، ئەمىر ھەمراھلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىماسلىقى كېرەك.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زىياد ئىبنى ئەبۇ سۇفياننى ئىراقتىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتكەندە، زىياد ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېنى نېمە سەۋەبتىن قالدۇرۇۋەتتىڭ؟ مەن ئاجىز كەلدىممۇ ياكى خىيانەت

---

[①] «إحياء علوم الدين» 3- توم 186- بەت.

قىلدىمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئىككى ئىشنىڭ ھېچبىرى سەۋەبلىك قالدۇرۇۋەتكىنىم يوق، لېكىن مەن سېنىڭ ئارتۇقچە ئويلىرىڭغا كىشىلەرنى مەجبۇرلاشنى ياقتۇرمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئالتىنچى، ئەمىر ھەربىر كىشىگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ جىھاد مەيدانىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى پەرقلىق بولغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىش ۋە خىزمەت تەقسىماتى قىلغاندا بۇ پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

ئەبۇ بەكرى تەرتۇشى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دانىشمەنلەر مۇنداق دېگەن: <سەلتەنەتنى ئەڭ تېز ۋەيران قىلىدىغان ۋە بىرلىكنى پارچىلاشقا سەۋەب بولىدىغان چوڭ ئىللەتلەردىن بىرى — ئەمىرنىڭ بىر قەۋم تەرەپتە تۇرۇپ، يەنە بىر قەۋمنى تاشلاپ قويۇشى؛ بىر قەبىلىنى قويۇپ، يەنە بىر قەبىلىگە مايىل بولۇشىدۇر. ئەمىرنىڭ بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى، ئۇنىڭ باشقا قەۋملەردىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىدۇر>. مۇنداق بىر تەمسىل بار: <تەرەپبازلىق قىلىش — ۋەيرانچىلىقتۇر>».[①]

بىلگىنىڭكە ئەمەل قىلغىن، شۇندىلا الله ئىشلىرىڭنى ئاسان قىلىدۇ. پىكرىڭنى باشقىلارغا تاڭمىغىن، بولمىسا باشقىلارنى غەزەپلەندۈرۈپ قويىسەن. باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالغىن، بۇ ئارقىلىق ئىشلارنى ئەڭ مۇۋاپىق ھەل قىلالايسەن. الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

---

[①] «سراج الملوك لأبي بكر الطرطوشي» 1- توم 107- بەت.

# 39 ـ ئەسلەتمە

## جىھادنىڭ غايىسى

الله يولىدىكى شەھىدلىكنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە سىددىقلارنىڭ دەرىجىسىدىن قالسىلا ھېچبىر دەرىجە ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغان، مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى، كاتتا دەرىجە ئىكەنلىكى، ھەتتا سەھىھ ھەدىستە ئىسپاتلانغىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ سەردارى مۇھەممەد ﷺ نىڭمۇ ئارزۇ قىلغان مەقام ئىكەنلىكىدە شەك قىلىنمايدۇ. گەرچە شەھىدلىك شۇ قەدەر كاتتا دەرىجە بولسىمۇ، ئەمما الله يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتە جىھادنىڭ غايىسى بولسا، بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن رەببىگە قۇلچىلىق قىلىشقا ئېلىپ چىقىش، زېمىندا الله نىڭ دىنىنى بەرپا قىلىش، الله نىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزۈش ۋە شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش بولۇپ، بۇ شەھىدلىكتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئاۋانگارت ساھابىلىرى دەل مۇشۇ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

الله نىڭ كىتابى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان كىشى الله نىڭ كىتابىدىن بۇنىڭ روشەن دەلىللىرىنى تاپالايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالآخِرَةِ وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا**﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز»[1]. بەيزاۋى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ﴿**فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ**﴾ <جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا> دېيىش ئارقىلىق مۇجاھىدنىڭ شەھىد بولغان ياكى دىن غەلىبە قىلغانغا قەدەر جەڭدە سابىت تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا ئاگاھلاندۇرغان

---

[1] سۈرە نىسا 74 ـ ئايەت.

ۋە ئەسلى مەقسەتنىڭ شەھىد قىلىنىشلا ئەمەس، بەلكى دىننى ئالىي قىلىش ئىكەنلىكىگە كۆرسەتمە بەرگەن». [1]

ئۇستازىمىز ئەبۇ ۋەلىد ئەنسارى ھەفىزەھۇللاھ «جهاد من المهد إلى اللحد» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ <كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز>[2]. ئويلىنىپ بېقىڭ! الله شەھىدلىك بىلەن غەلىبىنى قانداق سېلىشتۇردى؟ شۇنى ھېس قىلىش كېرەككى، ئۆلتۈرۈلۈش گەرچە الله ياخشى كۆرىدىغان شەھىدلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆرۈنۈشتە كاپىرلار ئالدىدا مەغلۇب بولۇشتۇر. ئايەتتە ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ غەلىبە قىلىش بىلەن بىر ئورۇندا تىلغا ئېلىنىشى شەھىدلىكنىڭ شەرەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا بەزى سەلەفلىرىمىز مۇنداق دېگەن: <مەن ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىلگىرىلىگەن، دىن دۈشمەنلىرى خار بولغان ھالەتتە شەھىد قىلىنىش مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئارقىسىنى قىلىپ قاچقان، دىن دۈشمەنلىرى غەلىبە قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ھەيۋە قىلغان ھالەتتە شەھىد قىلىنىشتىن سۆيۈملۈكتۇر. الله بىلەن قەسەمكى، بۇ — دىننى ھەقىقى چۈشەنگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا، بۈگۈنكىدەك دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرگەن كۈندە قانداقمۇ ئۇ سۆزنى دېمەي تۇرالىسۇن؟».

الله يولىدىكى مۇجاھىد بۇ ئۈممەتنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن يېتەكچىلەرگە ۋە كۆپلەپ ئەركەكلەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئى الله يولىدا ئاتلانغۇچى مۇجاھىد قېرىندىشىم! ئىبنى ئاشۇر مالىكىي رەھىمەھۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك: «دىن دۈشمەنلىرىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئەركەكلەرنىڭ ھايات قېلىشى ئىسلامغا پايدىلىق»

---

[1] «أنوار التنزيل وأسرار التأويل لابن عمر بن محمد الشيرازي البيضاوي» 2- توم 84- بەت.

[2] سۈرە نىسا 74- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىكەنلىكى ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن[1]. بۈگۈنكىدەك جىھاد مالغا قارىغاندا ئادەمگە تېخىمۇ بەك ئېھتىياجلىق بولغان دەۋردە مۇسۇلمان ئەركەكلەر قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان خەلقئارالىق كرىزىس ـــ مەسئۇلىيەتچان ۋە ئامانەتدار ئەرلەرنىڭ كەم بولۇشىدۇر». سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹الناس كإبل مائة لا تجد فيها راحلة› ‹كىشىلەر 100 تۆگىگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئىچىدە يارامىلىقتىن بىرنىمۇ تاپالمايسەن›. يەنى زاھىد ۋە تەقۋادار كىشى تۆگىلەر ئىچىدىكى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان يۈك تۆگىسىگە ئوخشىتىلغان. «راحلة» دېگەن سۆز، سەپەرگە ۋە يۈك كۆتۈرۈشكە چىدامىلىق كۈچلۈك تۆگىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاۋازى يېقىملىق، ئەزالىرى بېجىرىم، شەكلى چىرايلىق تۆگە بولۇپ، ئۇ سۈپەت ئەركەك ۋە چىشى تۆگىگە ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى «ة» ھەرپى مۇبالىغىدۇر. يەنى سىز ھەر يۈز تۆگىنىڭ ئىچىدە سەپەرگە يارامىلىق بىر تۆگىنىمۇ ئۇچرىتالمايسىز.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ھەمراھلىرىغا: ‹سىلەر ئارزۇيۇڭلارنى دەڭلار› دېگەندە، ئۇلار ئارزۇلىرىنى ئېيتىشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار: ‹ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەنمۇ ئارزۇيۇڭنى دەپ باققىن› دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹مەن مۇشۇ ئۆي توشقۇدەك ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. كىشىلەر ئىچىدە بىلىدىغانلار ئاز، ئەمەل قىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاز، جىھاد قىلىدىغانلار ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋە ئەڭ غېرىبلاردۇر. بۇ يولغا (يەنى ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىگە) سەۋر قىلالايدىغانلارنىڭ سانى تىلغا ئالغۇچىلىك چىقمايدۇ› دېگەن».

بىز ئۆزىمىزگە سەلتەنەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زېمىندا ئىسلام خىلاپىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. ئۇستازىمىز ئەبۇ

---

[1] «التحرير والتنوير لابن عاشور المالكي» 7 ـ توم 119 ـ بەت.

مۇنزىر سالىم تىرابلىسى مالىكىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جىھاد — ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. ھەربىر ئەقىل ئىگىسى شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، بىزنىڭ نىشانىمىز ئۈزىمىز ئۈچۈن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئەمەس، بەلكى زېمىندا الله نىڭ ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىشتۇر».

شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە قىزىقتۇرۇلغان ئىشتۇر. ئۇستازىمىز ئەبۇ ۋەلىد ئەنسارى ئېيتقىنىدەك، الله كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشنى الله يولىدىكى شەھىدلىكتىن بۇرۇن تىلغا ئالغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)»[①].

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرۈشكە قىزىقتۇرۇپ: «من قتل قتيلا له عليه بينة فله سلبه» «كىمكى بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلتۈرگەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرەلىسە، ئۇ كاپىردىن ئالغان نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله يولىدىكى مۇجاھىد كاپىرلارنى جىقراق ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە زېمىندا الله نىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنىڭ ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن شەرئىي تەلەپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. ئىمام ماۋەردى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەمىرلىك دىننى قوغداش ۋە دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا پەيغەمبەر ﷺ گە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئۇممەت ئىچىدىكى ئورۇنلىيالايدىغان كىشىگە يۈكلەش ئىجما بىلەن ۋاجىبتۇر».[②]

---

① سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «الصواعق المحرقة على أهل الرفض والضلال والزندقة لابن حجر الهيتمي» 1 ـ توم 25 ـ بەت.

ئىمام ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى رەھىمەھۇللاھ «الصواعق المحرقة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىڭكى، ساھابىلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىمام تەيىنلەشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىپ، ئۇنى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن قىلىپ بېكىتكەن. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلماستىنلا، ئىمام تەيىنلەشكە تۇتۇش قىلغان».[1]

الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ ھۆكمىنى زېمىندا بەرپا قىلىش جىھادنىڭ يۈكسەك غايىسىدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت الله ياخشى كۆرگەن ۋە الله نىڭ ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق»[2] دېگەن ئايىتىگە مۇۋاپىقلاشقان ۋە الله تەرىپىدىن تاللانغان ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، شەھىدلىك الله تاللىغان بەندىلىرىگە نېسىپ قىلىدىغان، الله خالىغان ۋاقىتتا بېرىلىدىغان شەرەپ ۋە پەزىلەتتۇر.

❖ ❖ ❖

[1] «الأحكام السلطانية للماوردي» 1- توم 15- بەت.
[2] سۈرە سەجدە 24- ئايەت.

# 40 ـ ئەسلەتمە

## ھەقىقەتكە ئەگىشىش

ھەربىر مۇجاھىد بىلىشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، رېئاللىقنى بارلىق ئىنچىكە ھالقىلار بىلەن باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن ئىش قىلىش، ئاندىن شۇ رېئاللىقتا ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئەڭ ئەۋزەل نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ۋە كۆزلىگەن غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ـــ مۇجاھىدنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇقەررەر تاللاش يولىدۇر. شۇ نەرسە ئېنىقكى، جىھاد مەيدانى ماھىر رەسسامنىڭ قەلىمىدىكى خىيالىي مەيدان ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەر سىغىدىغان كەڭرى مەيداندۇر. تەبىئىيكى، رەسسامنىڭ قەلىمىمۇ خاتا كېتىپ قالىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، رېئال ۋەقەلەر بىلەن خىيالىي تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. ئۆزىنىڭ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق كەم ـ كۈتىسىز بىر ئۈلگە پەيدا قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان ۋە ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان كىشى ـــ ئۆزىنىڭ ھەقتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى، ئارزۇيىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، ئۆزىگە سەمىمىي بولغان ھەرقانداق كىشى سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنىڭ رېئال ۋە ئەمەلىي دۇنياغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئەگەر رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنىڭ ئۇسساپ قالغۇچى سۇ دەپ ئويلايدىغان، ئەمەلىيەتتە قېشىغا كەلسە ھېچنېمە تاپالمايدىغان ئېزىتقۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.

رېئاللىقنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىشى پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماسلىقى، ئۆزىنىڭ فانتازىيەلىك خىياللىرىدىن ۋاز كېچىپ ئىشىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، رېئال دۇنياغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى

ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى لازىم.

كىشىنىڭ ئوي ـ پىلانلىرى بارچە كۈچىنى چىقىرىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا روياپقا چىقىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ ھالەتتە قېلىپ، پەقەت خىيال قىلغىلى بولىدىغان، كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان خام ـ خىيال پېتى قېلىۋېرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدلار يەتمەكچى بولغان مەنزىلنىڭ يىراقلىقىنى بىلىشى، ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىشى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىشى لازىم. جىھاد ئىنسان روھىنى جەڭ مەيدانلىرىدىكى مۇسىبەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق تاۋلاپ چىقىدۇ. پەقەت كىتاب بەتلىرى ۋە كۇتۇپخانىلارنىڭ تەكچىسى ئارىسىدا ياشايدىغانلار كۆككە ئېسىپ قويۇلغان پىل چىشى مۇنارىدا ياشىغان ۋە ھاۋاغا ئۇرۇق تىككەن ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ.

ئۇلار — ئەگىشىۋاتقان ئىدىيە ـ قاراشلىرى ۋە ئوقۇۋاتقان مەدرىسلىرى ئارقىلىق ئۆز دىنىغا ساددا مۇئامىلە قىلىۋاتقانلار بولۇپ، ئىدېئال نەزەرىيەلىرى رېئاللىقتىن تولىمۇ ئۇزاپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىي رېئاللىقتىن يىراق بولغان «ئۇلۇغۋار غايىلەر» ئىچىدە ياشاپ، ئەمەلىي مەيداندا تەر ئاققۇزمىغانلىقتىن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر جاپا ـ مۇشەققەت سىڭدۈرمىگەنلىكتىن ئۆز غايىسى بىلەن رېئاللىقنى قانداق ماسلاشتۇرۇشنى بىلمەي قالىدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالىدۇ. بۇ — ھاياتلىقتىكى ھەممىگە تونۇشلۇق ئەقەللىي ساۋاتتۇر. دوختۇرلار ئوپېراتسىيە ئەمەلىيىتى بىلەن قانچە كۆپ شۇغۇللانسا، شۇنچە پىشىپ يېتىلىدۇ، ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق كەسپداشلىرى ئارىسىدا ماھىر، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەممە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك دوختۇرغا ئايلىنىدۇ. ئىنژېنېر، دېھقان، موزدۇز، ياغاچچى، تۆمۈرچى قاتارلىقلارمۇ ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاسمان ـ زېمىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان الله نىڭ

دىنىغا ئەمەل قىلىۋاتقان كىشىلەر قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇن؟»[1]

شۇڭا ھەربىر مۇجاھىد ئۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئادەملەرنى كەم-كۈتىسىز، مۇكەممەل كىشىلەر دەپ قارىۋالماسلىقى لازىم. الله تائالا ئىنسانىنى خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان تەبىئەتكە ئىگە قىلىپ ياراتقان بولۇپ، بۇ ئىنسانىنىڭ ئەيىبى ئەمەستۇر. پەيغەمبەر ﷺ تەربىيىلەپ چىققان تونجى ئەۋلاد كىشىلەرمۇ شۇنداق ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، الله تائالا بىزنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تەكلىپ قىلىپ، جازا ۋە مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلمىغان بولاتتى. ئەمەلىي ساھەدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن كىشى خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ، قەدىمى تېيىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراق ساناپ، بىر چەتتە قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن پەرقلىقتۇر.

ھەقىقەتەن ئەركەكلەرنىڭ ئىرادىسى، ھەقىقىتى ۋە پىكىر-تەپەككۇرلىرى پەقەت ئەمەلىي مەيداندىلا ئاشكارا بولىدۇ. ھەقىقىي ئىجادچانلىق پەقەت رېئاللىق سەھنىسىدە جارى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەربىر مۇجاھىد رېئاللىقتا يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى لازىم. دېمەك، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان مۇئمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلمايدىغان مۇئمىندىن ياخشىدۇر، الله ھەقكە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

❖ ❖ ❖

---

[1] «شهر بين العمالقة» 1- توم 130- بەت.

# 41 ـ ئەسلەتمە

## ئۈممەتنىڭ ئىناقلىقى دىندىكى ئەڭ چوڭ مەنپەئەتتۇر

شۇنى بىلىڭكى، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، شەرئەت مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە تولۇقلاش، زىياننى يوقىتىش ۋە ئازايتىشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. «ئەگەر ئىككى مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالسا، ئەڭ چوڭىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككى زىياننىڭ بىرىنى تارتىشقا توغرا كەلسە، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى زىياننى تارتىپ، چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ــ شەرئەتتە يولغا قويۇلغان قائىدىدۇر».[1] ئەقىللىق كىشى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ھىجرەت ۋە جىھاد قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ۋە بۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاجىبلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە ھېچبىر شەك قىلمايدۇ. بۇ بىرلىك ئارقىلىق ياخشىلىقلار داۋاملىشىدۇ، جىھاد يولى راۋانلىشىدۇ. جىھاد كېمىسى خائىنلارنىڭ سۇيىقەستى ۋە كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشىگە پەرۋا قىلماستىن، الله تەقدىر قىلغان مەنزىلگە قاراپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى، الله ئۇلارنىڭ مىكىرىدىن ساقلاشقا كېپىل بولغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتىغا نەزەر سالغان كىشى ئۇنىڭ كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا ۋە خۇش بېشارەت بېرىشكە قىزىقتۇرغانلىقىنى بايقىيالايدۇ. ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ نەقىل قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يسروا ولا تعسروا وبشروا ولا تنفروا» «دىننى كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار».

[1] «مجموع الفتاوى» 28ـ توم 284ـ بەت. «السياسة الشرعية لابن تيمية» 1ـ توم 66ـ بەت.

نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس كىشىلەرنى الله نىڭ پەزلى ـ رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكى، بېرىدىغان مۇكاپاتلىرىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىشكە بۇيرۇپ، كىشىلەرنى قورقۇتۇۋېتىدىغان ۋە قاچۇرۇۋېتىدىغان تەھدىت تۈسىدىكى سۆزلەرنى قىلىشتىن توسقان، شۇنداقلا يېڭىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، بالاغەت يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان، بالاغەتكە يەتكەن ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يېڭى قايتقان كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا، چىڭقىتىۋەتمەسلىككە، تائەت ـ ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا بۇيرۇغان. ئىسلامنىڭ دەۋەت ئۇسلۇبىمۇ تەدرىجىيلىك پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، يېڭىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ياكى قوبۇل قىلماقچى بولغانلارغا تەكلىپلەر ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە كېيىنچە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىلىدۇ. ئەگەر ئىبادەت ئۇنىڭغا قىيىنلاشتۇرۇۋېتىلسە، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا قەدەم باسماسلىقى ياكى ئۇنى داۋاملاشتۇرماسلىقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن قەلبى ئازادە بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھەدىستە يەنە ئىش ئىگىلىرى قول ئاستىدىكىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر، چۈنكى كۆپلىگەن مەنپەئەتلەر ھەمكارلىق ۋە بىرلىك ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئىختىلاپ يۈز بەرسە، مەنپەئەتلەر قولدىن كېتىپ قالىدۇ».[1]

ئەينى رەھىمەھۇللاھ ئىبنى بەتتالنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھىسىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىرىنچى، بۇ ھەدىستە ئەگەر بىر قەۋم ياخشىلىققا بۇيرۇلسا، ئۇلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلماي يېتىنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا، ياخشىلىققا بۇيرۇشنىڭ ۋاقتىنىچە توختىتىلىپ قويۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

[1] «المنهاج شرح صحيح مسلم بن الحجاج» 12 ـ توم 41 ـ بەت.

ئىككىنچى، بۇ ھەدىستە پەرزدىن باشقا ئىشلاردا كىشىلەرنى كۆنگەن ئادەتلىرى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى، ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <ئەگەر پايدا بىلەن زىيان ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قېلىپ، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن زىيانلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا ئەڭ مۇھىمىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان ئۇل ئۈستىگە قايتا قۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلغاندا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان، كەئبىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭ گۇناھ دەپ قارايدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ بىر زىيان بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قىلىشتىن ۋاز كەچكەن>.

تۆتىنچى، بۇ ھەدىستە ئىش ئۈستىدىكىلەر پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى، دىن ۋە دۇنيا ئىشىدا ئۇلارغا بىرەر زىياننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. ئەمما، زاكات ئېلىش ۋە شەرئىي جازالارنى يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش شەرئىي ئىشلار بۇنىڭ سىرتىدا.

بەشىنچى، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى مايىل قىلىش، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ۋە ئۈركۈتۈپ قويماسلىق؛ شەرئىي بۇيرۇقنى تەرك قىلىش بولۇپ قالمىسىلا، ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ قويىدىغان بارچە ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان».[1]

پەيغەمبەر ﷺ ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ساھابىلىرىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ مەككە فەتھى بولغان كۈنى: «من دخل بيت أبي سفيان فهو آمن» «ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان كىشى ئەمىن قالىدۇ»

[1] «عمدة القاري شرح صحيح البخاري» 3- توم 416- بەت.

دېگەن. ئىلىم ئەھلىلىرى ئېتىقاندەك، بۇ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان.

مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «يا عائشة لولا قومك حديث عهدهم-بكفر-لنقضت الكعبة فجعلت لها بابين: باب يدخل الناس، وباب يخرجون» «ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭ يېڭى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولمىغان بولسا ئىدى، مەن كەئبىنى يىقىتىپ، بىر ئىشىكتىن كىرگەن كىشىلەر يەنە بىرىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ئىككى ئىشىك ئورنىتىپ، قايتا سالغان بولاتتىم» دېگەن.①

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئۈركۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قىلماقچى بولغان ئىشنى تەرك ئەتكەن. مانا بۇ ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى مايىل قىلىشقا ۋە دىنغا بولغان مۇھەببىتىنى قوزغاشقا تولىمۇ قىزىقىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله يولىدىكى مۇجاھىد كۆپىنچە ئەھۋاللاردا (بۇ ئەھۋال تەجرىبىدىمۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسپاتلانغان) مەزھىبى ئوخشىمايدىغان، دىنىنىڭ ئىجتىھادلىق شاخچە مەسىلىلىرىدە پەرقلىق يول تۇتىدىغان كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە بولۇشقا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. مۇجاھىد بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەزھىبىدىن باشقا مەزھەبنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلسە ياكى ئۇلارنىڭ باشقا مەزھەبنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسە، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى مايىل قىلىش، ئۇلارغا ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەشكە ھېرىسمەن بولۇش، پەرز جىھادنى ساقلاپ قېلىش ۋە دىن-دۇنيالىقىنى بۇزىدىغان تاجاۋۇزچىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدىغان سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەرنى تەرك قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى

① بۇخارى توپلىغان.

مايىل قىلىش ئۈچۈن نامازنىڭ بەزىبىر شەكىللىرىنى تەرك ئېتىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ مۇستەھەبلەرنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ، قەلبلەرنى مايىل قىلىشى مۇستەھەب. چۈنكى دىندا قەلبلەرنى مايىل قىلىشنىڭ پايدىسى مۇستەھەبلەرنى قىلىشنىڭ پايدىسىدىنمۇ چوڭدۇر. پەيغەمبەر ﷺ قەلبلەرنى مايىل قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشتىن ۋاز كەچكەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەپەردە نامازنى تولۇق ئوقۇغانلىقىنى توغرا كۆرمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا نامازنى تولۇق ئوقۇغان ۋە ‹ئىختىلاپ قىلىش ئەڭ يامان ئىشتۇر› دېگەن».[1]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ نامازدا ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ ئىقتىدا قىلغۇچى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مۇستەھەبلەرنى قىلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ رەكئەتلەر ئارىسىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشنى مۇستەھەب دەپ قارايدىغان ئىقتىدا قىلغۇچى بىلەن بۇنى توغرا كۆرمەيدىغان ئىمام ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلە ئىجتىھادلىق مەسىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ كۈچلۈك كۆزقاراش ئىمامغا ئەگىشىش بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ مۇستەھەبنى قىلىمەن دەپ ئىمامغا يېتىشەلمەي قېلىشىدىن ئىمامغا ئەگىشىشى ئەۋزەلدۇر».[2]

ھەقىقەت شۇكى، ۋاجىبنى قىلىش ئۈچۈن سۈننەتلەر تەرك قىلىنىدۇ. جىھاد ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەيندۇر. ئەگەر سۈننەتلەرنى ئورۇنلاش بۇ ۋاجىبنى كېچىكتۈرۈشكە ياكى تەرك قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالسا، سۈننەتلەر تەرك قىلىنىدۇ.

مەن بۇ ئەسلەتمىنى ئۇستاز، ئالىم ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ يىگىرمە نەچچە

---

[1] «مجموع الفتاوى» 22- توم 407- بەت.

[2] «مجموع الفتاوى» 22- توم 452- بەت.

يىل ئىلگىرى كابۇل چېگراسىدا رىباتتا تۇرغان شاگىرتلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئۇستاز مۇنداق دېگەن: «تەۋسىيەم شۇكى، سىلەر ئافغانىستان خەلقى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىڭلار. بۇ بىزنىڭ بۇ يولغا تۇنجى قەدەم تاشلىغاندىن بۇيان سىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەسىيىتىمىز، بۇ دىنىمىزنىڭ بىر قىسمى. مەن سىلەرنىڭ مالىكىي مەزھەبكە ئەگەشكۈچى ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. لېكىن، سىلەر ئافغانىستانلىقلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئىكەنسىلەر ھەنەفىي مەزھىبى بويىچە ناماز ئوقۇشۇڭلار لازىم. بۇ شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئىمام ئەھمەد، مالىك ۋە شەيخ ئەلبانى قاتارلىقلارنىڭ پەتىۋاسىدۇر. ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ: <ئەگەر ئىمام ھەنەفىي مەزھىبىدە بولسا، نامازنىڭ ئۇ مەزھەبكە مۇخالىپ كېلىدىغان شەكىللىرىنى تەرك ئېتىش ۋاجىب> دېگەن. ئۇ بۇنىڭدىن مۇستەھەبلىكىنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ يەنە بىر ئورۇندا شۇنداق دېگەن».

# 42 ـ ئەسلەتمە

## مۇجاھىدنىڭ ئەملى

ھەممىگە قادىر الله ئۆزىنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ سەرپ قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقى، تۆلىگەن بەدەللىرى ۋە بەرگەن قۇربانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ھېچكىمگە بەرمىگەن شەرەپ ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭغانلاردىن باشقا ھېچكىم يېتەلمەيدىغان مەرتىۋىلەرنى بەردى. الله بۇنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾** «ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىقتا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»[1]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار دۈشمەنلىرىنى قورقۇتىدىغان بىرەر ئورۇنغا چۈشسە ۋە ئۇلار ئۈستىدىن زەپەر قۇچسا، الله ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان (يەنى ئۇلار ئويلاپ باقمىغان ۋە مەقسەت قىلمىغان)، بەلكى ئۇلارنىڭ شۇ ئەمەللىرىدىن بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەرگىمۇ سالىھ ئەمەلنىڭ ئەجرى مۇكاپاتىنى بېرىدۇ».[2]

دېمەك، مۇجاھىدنىڭ دۈشمەننى خار قىلىدىغان ۋە قەلبىگە غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچ سالىدىغان ھەرقانداق بىر ئورنى الله ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇر. ئەگەر نىيەت خالىسلا بولىدىكەن، الله ئۇنىڭغا تولۇق ئەجىر بېرىدۇ. خۇددى «غازات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ» دېگەن ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى، ئويغاق ۋاقتى، چاقچاق قىلغان، سۈكۈت قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسى

[1] سۈرە تەۋبە 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير القرآن العظيم» 4 ـ توم 234 ـ بەت.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەجىر بولىدۇ. مۇجاھىدتىن باشقا ھېچبىر كىشى ئۇ پەزىلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. چارچاپ قالماي كېچىسى دائىم قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭ ئەجرىگە باراۋەر بولالمايدۇ. ھېچكىم ئەجىر ۋە تىرىشچانلىقتا ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «الله يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لا تستطيعونه!» «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سوئال سورىغان كىشى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «لا تستطيعونه!» «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «مثل المجاهد في سبيل اللَّه كمثل الصائم القائم القانت بآيات اللَّه لا يفتر من صيام، ولا صلاة، حتى يرجع المجاهد في سبيل اللَّه» «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلغان، الله يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى.[1]

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ «التمهيد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ــ جىھادنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ھەدىستۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ جىھادنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان ناماز ۋە روزىغا تەمسىل قىلدى، مۇجاھىدنى بولسا بۇ ئەمەللەردىن ھېچ ۋاقىت بوشىشىپ قالمايدىغان كىشىگە ئوخشاتتى. ھالبۇكى، ئۇ بەزىدە ئۇلاغقا مىنىپ، بەزىدە مېڭىپ، بەزىدە ئۇخلاپ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ھەمراھى بىلەن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پاراڭلىشىپ، يەپ-ئىچىپ، لەززەتلىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى قىلغاچ ئېلىپ بارىدىغان تۇرۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ناماز ئوقۇغان، بوشىشىپ قالماي روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش بولىدىغان جىھاد ئىبادىتىدىن ئەۋزەل قايسى ئىبادەت بار؟ بۇ نېمىدېگەن زور پەزىلەت-ھە! الله بىزنى پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلسۇن». [1]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الغزو غزوان فأما من ابتغى وجه اللّٰه، وأطاع الإمام، وأنفق الكريمة، وياسر الشريك، واجتنب الفساد فإن نومه ونبهه أجر كله؛ وأما من غزا فخرا ورياء وسمعة، وعصى الإمام، وأفسد في الأرض، فإنه لم يرجع بالكفاف» «غازات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بىر كىشى الله رازىلىقىنى كۆزلەپ غازاتقا چىقسا، قوماندانىغا ئىتائەت قىلسا، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلسا، سەپداشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەرسە ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ساقلانسا، ئۇنىڭ ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالىتىنىڭ ھەممىسى ئەجىردۇر؛ يەنە بىرى، ئەگەر بىر كىشى پەخىرلىنىش، باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ۋە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە غازاتقا چىقىپ، قوماندانىغا ئاسىيلىق قىلسا ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلسا، بۇنداق كىشى ئەجىرسىز قۇرۇق قول قايتىدۇ». [2]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدنىڭ ئۇخلىغان، ئويغانغان، جىم تۇرغان، ئىشقىلىپ ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان ھەرقانداق ئەمىلىگە ساۋاب يېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەردائىم جىھاد ئەمىلى ئۈستىدە بولۇپ، جىھاد ئەمىلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دۈشمەننى غەزەپلەندۈرىدۇ، قورقۇتىدۇ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ. دېمەك، مۇجاھىد جىھاد ئەمەلىيەتلىرىنى ئورۇنداش جەريانىدا

---

[1] «التمهيد لما في الموطأ من المعاني والأسانيد لابن عبد الله بن محمد بن عبد البر» 18- توم 302- بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مەيلى چارچىسۇن ۋە ياكى ئاچ قالسۇن بۇنىڭ ھەممىسى ئەجرى كاتتا بولغان ئەمەللەردۇر. شۇڭلاشقا، ئۇ پەزىلەتلەر مۇجاھىدتىن باشقا كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ». [1]

بۇ پەزىلەتتىن ئارتۇق يەنە قانداق پەزىلەت بولسۇن؟! بۇ ھۆرمەتتىن ئارتۇق يەنە نېمە ھۆرمەت بولسۇن؟! الله بىلەن قەسەمكى، پادىشاھلار بىز مۇجاھىدلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېئمەتلەرنى بىلگەن بولسا، شۇ نېئمەتلەرنى بىزدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىزگە قارشى قىلىچ ـ نەيزە بىلەن ئۇرۇش ئاچقان بولاتتى. لېكىن بۇ الله نىڭ پەزلى بولۇپ، ئۇنى بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ. الله تىن ئۆز پەزلىنى يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشىنى ۋە بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله يولىدا رىباتتا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىد تەلىمگاھقا بېرىش ۋە ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇشنى كۈتكەن ھالەتلەردە ئۇزۇن ۋاقىت بىر ئورۇندا تۇرۇشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىگە ئېغىر كېلىدىغان، سەۋر قىلىش قىيىن ئىش بولسىمۇ، ئەمما بۇ ― كاپىرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان، ھەسسىلەپ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلىدىغان ئورۇندۇر. مۇجاھىدنىڭ بۇ خىل ھالەتتە سابىت تۇرۇشى ئۈممەتكە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ ھەمدە ئۈممەت ئىچىدە جىھاد ۋە شەھىدلىك روھىنى تىرىلدۇرىدۇ. الله نىڭ دۈشمەنلىرى ئۇ يەردە ئۇلارغا جەڭ ئېچىش ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر بارلىقىنى بىلىدۇ. بۇ الله نىڭ پەزلىدۇر.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ دوستىنىڭ الله نىڭ دۈشمىنىنى خار قىلىشى ۋە ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشىدىنمۇ الله قا سۆيۈملۈك

---

[1] «المفهم لما أشكل من تلخيص كتاب مسلم للشيخ الفقيه الإمام، العالم العامل، المحدث الحافظ، بقية السلف، أبو العباس أحمد بن الشيخ المرحوم الفقيه أبي حفص عمر بن إبراهيم الحافظ، الأنصاري القرطبي» 12 ـ توم 27 ـ بەت

بولغان ھېچبىر ئەمەل يوق. قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەر بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً﴾ <كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ>[1]. الله رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىر الله نىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى خار قىلىدىغان خار قىلغۇچى دەپ ئاتالدى. الله ئۆز دوستىنىڭ دۈشمىنىنى خار قىلىشنى ۋە غەزىپىنى كەلتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ <بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا-مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ>»[2].

رەھىمەھۇللاھ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ دۈشمىنىنى خار قىلىش ئارقىلىق اللهقا ئىبادەت قىلغان كىشى سىددىقلىقتىن تولۇق بىر ئۇلۇشنى ئالغان بولىدۇ. بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە بولغان مۇھەببىتى، رەببى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشى قانچىلىك بولسا، ئۇنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى خار قىلىشتىن ئالىدىغان ئۇلۇشىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا كاپىرلارنى خارلىق ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى سەپ (يەنى مۇسۇلمانلار سېپى بىلەن كاپىرلار سېپى) ئۇچراشقاندا

---

[1] سۈرە نىسا 100- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 120- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەغرۇرانە مېڭىش ماختالغان».[1]

ئى رەببىمىزنىڭ ئەپۇسىنى ئۈمىد قىلغۇچى قېرىندىشىم! كاتتا ياخشىلىقتىن خۇش-بېشارەت ئېلىڭ ۋە الله تۇرغۇزۇپ قويغان شۇ ئورنىڭىزدا سەۋر قىلىڭ. الله نىڭ سىزنى دىنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن دەۋرگىچە ھايات قويۇپ، دىنىنىڭ يوقۇلۇپ كەتكەن بەلگىلىرىنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىش ۋە جىھاد ئىبادىتىنى تىرىلدۈرۈشكە سىزنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن الله قا ھەمدە ئېيتىڭ.

۞ ۞ ۞

---

[1] «مدارج السالكين» 1- توم 241- بەت.

# 43 ـ ئەسلەتمە

## چېگرا ئەھلىدىن[①] سوراڭلار

الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇجاھىد بەندىلىرىنى ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداش، جىھاد ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق شەرەپلەندۈرۈپ، ئۇلارنى باشقىلاردا بولمىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿والذين جَاهَدُواْ فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ الله لَمَعَ المحسنين﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[②].

ئىبنى جەۋزى رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: [«بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلغان، بىزنى رازى قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنى ئۆزىمىزنىڭ يولىغا يېتەكلەيمىز، ئۇلارنى توغرا يول تېپىشقا مۇۋەپپەق قىلىمىز». بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنى: «ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىمىز، الله تائالا ھەقىقەتەن ياردەم بېرىش ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلغۇچى بەندىلىرى بىلەن بىرگىدۇر» دەپ تەپسىرلىگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئايەتتىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلاردىن مۇۋەھھىدلار مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگەن. باشقا ئالىملار: «بۇنىڭدىن مۇجاھىدلار مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگەن. ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ﴿لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ <ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز> دېگەن مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن كىشى ئۇ مەسىلىدە چېگرا ئەھلىدىن سورىسۇن>»].[③]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «سەن كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، چېگرا ئەھلى بىلەن

---

[①] مۇئەللىپ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان چېگرا ئەھلى — ئىسلام زېمىنلىرىنى قوغداپ رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[②] سۈرە ئەنكەبۇت 69ـ ئايەت.

[③] «زاد المسير في علم التفسير» 3ـ توم 414ـ بەت.

بىرگە بولغىن. چۈنكى، اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ <ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز>. زەھھاك بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان بەندىلەرنى ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدىغان يوللارغا يېتەكلەيمىز>». [1]

اللہ تائالا ئالىملارغا ئاتا قىلغان بۇ ئايەت ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ پەقەت چېگرا ئەھلىگىلا مەركەزلىشىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. بۇ — ئۇلارنىڭ اللہ يولىدا دۇنيا ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى ۋە شەھۋەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ تۇرىدىغان جىھاد مەيدانلىرىدا جەڭ بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللہ نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن خالىس جىھاد قىلغان ۋە بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەن، باش ئەگمىگەن، ئۈمىدسىزلەنمىگەن، پېتىنلەرگە سەۋر قىلغان ھالدا جىھادنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان بۇ كىشىلەرنى اللہ ھەرگىزمۇ ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويمايدۇ، ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، قىلغان جىھادىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، اللہ ئۇلارنىڭ بارچە ئەمەللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان جىھادى تۈپەيلى ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ رەببىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتىدۇ (ھەقكە يېتەكلەيدۇ). قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ۋە سەۋرچانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ». [2]

چېگرا ئەھلىدىكى ئۆلىمالار — ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلىملىك ۋە فەقىھ كىشىلىرى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، دىن ياكى دۇنياغا ئالاقىدار بولغان

---

[1] «الجامع لأحكام القرآن» 13- توم 365- بەت.

[2] «في ظلال القرآن» 5- توم 2752- بەت.

مەسىلىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن تاشقىرى ئەمەس. مانا بۇ سەلەفلەرنىڭ: «كىشىلەر بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇ مەسىلە ھەققىدە چېگرا ئەھلىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: [جىھاد ئىلىم ئىشكىلىرىنى قورشاپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم ھىدايەت تۇتقۇسىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى، الله تائالانىڭ ﴿والذين جَاهَدُواْ فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»[1] دېگەن سۆزىدۇر. الله تائالا ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ھىدايەت تېپىش يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئىككى ئىمام (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل) ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالسا، چېگرا ئەھلىنىڭ ئۇ ھەقتە نېمە دەيدىغانلىقىغا قارىسۇن. چۈنكى، ئۇلار ھەق ئەھلىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿والذين جَاهَدُواْ فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ <بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز>». جىھاد مەيدانى ئىخلاس ۋە زاھىدلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئورۇن بولۇپ، بىز بۇ ھەقىقەتنى شۆھرەت قازىنىش، مال-دۇنياغا ئېرىشىش ۋە تەرەپبازلىقتا ئوخشاش دۇنيا ئارزۇلىرى ئارىلاشمىغان، پەقەت الله يولىدا خالىس جىھاد قىلىدىغان سەمىمىي مۇجاھىدلارنىڭ پاك قەلبلىرىدىن تاپالايمىز».[2]

شۇنى بىلىڭكى، (الله ماڭا ۋە سىزگە ئىلىم ئاتا قىلسۇن) ھاكىمىيەت تەۋھىدىگە، جىھادقا ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدا يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەردە جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ئالىملاردىن پەتىۋا سورالمايدۇ. پەقەت

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «مجموع الفتاوى» 28- توم 442- بەت.

جىھاد مەيدانىدىكى ئالىملار جىھادقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى ھاياتلىق مەئىشەتلىرى ۋە دۇنيا شەھۋەتلىرىگە سۆرەپ كىرىدىغان يۈكلەردىن خالاس بولغان، ئۆز نەپسى-خاھىشلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سەمىمىي ۋە ھەقكە ئەڭ يېقىن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. زالىملارنىڭ قەھرى-غەزەپلىرى ۋە يالىڭاچلانغان قىلىچلىرى سەۋەبلىك ھەقنى بايان قىلىشتىن قورقۇپ قالمايدۇ.

گەرچە جىھاد مەيدانلىرىغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، زالىملار ئالدىدا ھەقنى بايان قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالمايدىغان ھەرقانداق بىر ئالىم مانا بۇ ئىلاھىي ھىدايەتتىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالىدۇ ۋە ئىسلام چېگرالىرىنى قوغدىغان كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ھەق ئۈستىدىكى مۇستەھكەم مەيدانى ۋە يازغان كىتابلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام ئۈممىتىدە جىھادىي ئويغىنىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. جانابىي الله تىن بىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمىز. الله تائالادىن بىزگە ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «دىن مۇئمىنلەرنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەت پرىنسىپى بولۇپ، ئۇنى پەقەت دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان كىشىلەرلا چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئەقىدىسىنى ئۆز ئەمەللىرىگە تەتبىقلاش ئارقىلىق دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇش چوڭقۇرلىشىدۇ، ئىلاھىي ھېكمەتلەرنىڭ سىرى يېشىلىدۇ، چۈشەنچىلەر مۇكەممەللىشىدۇ».[1]

ئەمما، جىھادتىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇجاھىدلارغا قارىغاندا ئىلىمنى تەتبىقلايدىغان ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ

---

[1] «في ظلال القرآن» 3- توم 1734- بەت.

كەملىكى تۈپەيلىدىن چۈشەنچىسى تېيىز ۋە تونۇشلىرى يېتەرسىز بولغاچقا، دىن ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلاردىن ئىلىم ئېلىشقا موھتاجدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن جىھادقا بىرگە چىققان ۋە ھەربىر جىھاد چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان كىشىلەرنىڭ دىنىدىكى فەقىھلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

نەپسى ـ خاھىشىغا قۇل بولۇپ، ھايات شەھۋەتلىرىگە بېرىلگەن، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل بىلگەن، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەت تەمەسىدە ھوقۇقدارلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان ئەخلاقسىز كىشىلەر ھېچقاچان باشلىقلىرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ پەتىۋا بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھوقۇقدارلارنى رازى قىلىپ، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشىشنى ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشتىن مۇھىم بىلىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىدىغان ھەرقانداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ بەرگەن پەتىۋالىرىدا، نەقىل قىلغان ھۆكۈملىرىدە ۋە بۇلارنى ئىجرا قىلىشتا بولسۇن ھەقتىن تېيىشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، الله نىڭ ھۆكۈملىرى كۆپىنچە ھاللاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە شەھۋەتلىرىگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ غەرەزلىرىگە قارشى كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەقسەتلىرىنى ھەقكە بويۇن ئەگمەسلىك ۋە ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ».[1]

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ سۇلتانلار بىلەن كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىتىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن سۇلتانلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىمىغان، ئۇلارنىڭ سورۇنىغا كېلىپ ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان ۋە سەمىمىي نەسىھەت قىلسا ئۇلاردىن نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەردىن بىرەرنى ئۇچراتسامچۇ؟! ئى

[1] «الفوائد» 1 ـ توم 100 ـ بەت.

خەتتابى! الله بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ دەۋرىڭدە مۇشۇنداق ئىشلار بولغان ئىكەن، ئەگەر سەن ھازىرقى دەۋردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرگەن بولساڭ، قانچىلىك ھەيران بولغان بولاتتىڭ-ھە؟». [1]

بۇ ئەسلەتمىنىڭ ئاخىرىدا شەيخ ئەيمەن زاۋاھىرىنىڭ تەخمىنەن ئون ئىككى يىل بۇرۇن قېرىنداشلىرىغا قىلغان ۋەسىيتىنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمىز. شەيخ ئۆزىنىڭ «شفاء صدور المؤمنين» ناملىق قىممەتلىك كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «<بىز مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە جىھادتىن خەۋىرى يوق ۋە جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان، مۇسۇلمانلارنى جىھادتىن توسۇش ئۈچۈن مۇرتەد تاغۇتلاردىن مائاش ئالىدىغان مەنسەپپەرەس ئالىملارنىڭ سۆزىگە ئەمەس، بەلكى مۇجاھىد ئىلىم-ئەھلىلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا تەرغىب قىلىمىز>. مۇجاھىد ئالىم شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: <جىھاد ئىشلىرىدا تەجرىبىسى بار ھەق ئىگىلىرىنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنىشى ۋاجىب. دىنىنى يۈزەكى چۈشىنىدىغان پەنني ئالىملار ۋە رېئاللىقتىن خەۋىرى يوق دىنىي ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ>[2]».

❁ ❁ ❁

---

[1] «االعزلة» 1- توم 92- بەت.

[2] «الفتاوى الكبرى» 5- توم 539- بەت.

## 44 ـ ئەسلەتمە

## الله يولىدا (پۇل ـ مال) چىقىم قىلىش ھەققىدە

الله يولىدا پۇل ـ مال چىقىم قىلىش ۋە جىھاد ئۇچۇن پۇل سەرپلەش الله تائالا قىزىقتۇرغان ۋە بۇنىڭغا بۇيرۇغان كاتتا ئەمەلدۇر. چۈنكى، پۇل ـ مال جىھادنىڭ ئېنېرگىيىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مال بىلەن جىھاد قىلىشنى جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالغان. بۇ ـــ پۇل ـ مال سەرپلەشنىڭ جىھادتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. الله تائالا جىھادتىن قېلىپ قالغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما پۇلدار كىشىلەرنىڭ جىھادقا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا ھېچبىر ئۆزرە قالدۇرمىغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جاهدوا المشركين بأموالكم وأنفسكم وألسنتكم» «مۇشرىكلارغا قارشى ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار ئارقىلىق جىھاد قىلىڭلار».[1]

سەنئانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس جان ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. جانلىرى ئارقىلىق جىھاد قىلىش ـــ ئۆزى بىۋاسىتە چىقىپ كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مال بىلەن جىھاد قىلىش بولسا قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورىغا ئوخشاش جىھاد لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپلەشنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمدىكى بىر قانچە ئايەتتە كۆرسىتىلگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ**﴾ <جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار>».[2]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] «سبل السلام شرح بلوغ المرام» 6 ـ توم 120 ـ بەت.

اﷲ يولىدا مال چىقىم قىلىشتىن بېخىللىق قىلىش ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىقتۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «اﷲ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى اﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[1]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە جىھاد يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بولۇپمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ شەۋكىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئورۇنلارغا مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە جىھاد ئۈچۈن پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلماي بېخىللىق قىلىشنىڭ ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بولسا اﷲ يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ <ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى اﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ>».[2]

شۇڭا قادىر بولالىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان جىھادقا ۋە مۇجاھىدلارغا بېخىللىق قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، پۇل ـ ماللىرىنى اﷲ يولىدا سەرپ قىلىش قادىر بولالىغان كىشىگە ۋاجىبتۇر. اﷲ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا كىشى ئۆزىنىڭ جېنىغا بېخىللىق قىلىسىمۇ، اﷲ ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە جىھاد مالغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق، بەزى ۋاقىتتا مالغا بولغان ئېھتىياج ئادەمگە بولغان ئېھتىياجدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. اﷲ قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، اﷲ يولىدا پۇل ـ مال سەرپلىمەكچى بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد مەيدانلىرى كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىن كىشى مال

[1] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.

[2] «تفسير القرآن العظيم» 1 ـ توم 530 ـ بەت.

ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، پەقەت الله نىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن الله يولىدا پۇل ـ مال چىقىم قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

الله ھىجرەت ۋە جىھاد نېئمىتى ئاتا قىلغان پۇلدار مۇجاھىدلار الله يولىدا خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى، دىنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىكى نەرسىلەرنى سەرپ قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالماسلىقى لازىم. بۇ مۇبارەك جىھادتا سېخىيلىق بىلەن مال سەرپ قىلغان، بولۇپمۇ مەككە فەتھىسىدىن بۇرۇن پۇل ـ مال چىقىم قىلغان ۋە ئۇرۇش قىلغان كىشى ھەقىقىي نىجات تاپقان كىشىدۇر. قول ئىلكىدە بار ھەربىر كىشى ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئەجرى يېتىپ تۇرىدىغان الله يولىدىكى سەدىقىسى بولۇشقا ئىنتىلىشى لازىم.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ «الله يولىدا ئات باغلىغان كىشى ھەققىدە» دەپ بىر باب تۈزگەن ۋە تۆۋەندىكى ھەدىسنى كەلتۈرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من احتبس فرسا في سبيل اللّٰه، إيمانا باللّٰه ، وتصديقا بوعده، فإن شبعه، وريه وروثه، وبوله في ميزانه يوم القيامة» «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ ئات باقسا، ئۇ ئاتنىڭ يەپ ـ ئىچكىنى، تېزەكلىگىنى ۋە سىيگەنلىرىدىن تارتىپ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىدا بولىدۇ».[1]

ھاپىز ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇھەللەب ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دېگەن: <بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ئات باغلاشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ۋە جىھادقا پايدىسى تېگىدىغان ئاتتىن باشقىمۇ جانلىق ياكى جانسىز نەرسىلەرنى جىھادقا ئىشلىتىش

[1] بۇخارى توپلىغان.

مەقسىتىدە تەييارلاپ قويۇشىنىڭ تېخىمۇ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقىشقا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئاتنىڭ تېزەكلىرى» دېگەن سۆزىدە تېزەكلەرنىڭ تارازىغا قويۇلىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى تېزەكنىڭ ساۋابى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىستىن، بىر ئىشنى نىيەت قىلغان كىشى شۇ ئىشنى ئەمەلىي قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋە ھاجەت چۈشكەندە نىجىس نەرسىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھېچ گۇناھ ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ>. ئىبنى ئەبۇ ھەمزە مۇنداق دېگەن: <بۇ ھەدىستە كەلتۈرۈلگەن ياخشىلىقلارنىڭ الله نىڭ تارازىسىدا ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلاردىن ياخشى ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقى، يامان ئەمەللەرنىڭ قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى تارازا مىزانىغىمۇ قويۇلمايدىغانلىقى بىلىنىدۇ>».①

ئىبنى ماجە تەمىم دارىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «من ارتبط فرسا في سبيل الله، ثم عالج علفه بيده، كان له بكل حبة حسنة» «كىمكى الله يولىدا (يەنى جىھادقا ئاتاپ) ئات بېقىپ، ئاتقا ئۆز قولى بىلەن يەم-خەشەك قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىگە (ئات يېگەن) ھەربىر تال دان باراۋىرىدە بىر ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ئەجرى بولىدۇ».②

ئى قېرىندىشىم! سەرپ قىلىنىدىغان نەرسىڭىزنى ئاز كۆرۈپ، پۇل-مال چىقىم قىلىشتىن توختاپ قالماڭ. چۈنكى، سىز سەرپ قىلغان نەرسە الله نىڭ ھۇزۇرىدا ھەسسىمۇ ھەسسە كۆپەيتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلا يُنْفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلا كَبِيرَةً وَلا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾** «ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان

① «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 6- توم 57- بەت.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ»[1].

ئەلۇسى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يەنى ئۇلار خورما چاغلىق ياكى قامچىنىڭ تانىسى چاغلىق كىچىك نەرسىنى چىقىم قىلسۇن ۋە ياكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن قوشۇننى جابدۇپ قويغاندەك كۆپ نەرسىلەرنى سەرپ قىلسۇن، ئۇلارغا ئەجىر يېزىلىپ تۇرىدۇ»[2].

دۇنيادا تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىككى تۈرلۈك ئىشتىن باشقا ئىشلاردا ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا حسد إلا في اثنتين: رجل آتاه اللَّه مالا، فسلطه على هلكته في الحق، ورجل آتاه اللَّه حكمة، فهو يقضي بها ويعلمها» «پەقەت ئىككى خىل خىسلەتكە ئىگە كىشىگىلا ھەسەت قىلىشقا (يەنى بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئۆزىدىمۇ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلىشقا) بولىدۇ: بىرى، الله مال ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، الله ئىلىم ئاتا قىلغان، ئاندىن شۇ ئىلىمى بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى»[3].

الله ئاتا قىلغان مال-دۇنيالارنى الله رازى بولىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلغان كىشىگە مۇبارەك بولسۇن. ئەگەر مال ئىگىلىرى ئەقىل يۈرگۈزۈپ باقىدىغان بولسا ئىدى، ھېچبىر خىراجەتنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالغا باراۋەر كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

بارچە ياخشى ئەمەللەر ئۇنىڭ نېئمىتى بىلەن تاماملىنىدىغان الله قا ھەمدىلەر بولسۇن. بۇ ئەسلەتمە، ھىجرەت ۋە جىھاد زېمىنى بولغان

---

[1] سۈرە تەۋبە 121- ئايەت.

[2] «روح المعاني في تفسير القرآن العظيم والسبع المثاني لشهاب الدين محمود الألوسي» 6- توم 45- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم تۈپلىغان.

ئافغانىستاندا، ﷲ نىڭ ئازابىنىڭ ئەھلى سەلىبلەرگە تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ھالەتتە ھىجرىيە 1432 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى تاماملاندى (ﷲ قا ھەمدىلەر بولسۇن!).

2025 ـ فېۋرال

# مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئەسلەتمىلەر




ئابدۇللاھ ئەززام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «رىباتتا سەۋر قىلىش تۈرمىدە سەۋر قىلىشتىنمۇ قىيىندۇر. چۈنكى، تۈرمىدە ئامالسىز ۋە مەجبۇرى ھالەتتە سەۋر قىلىدۇ. ئەمما، جەڭ مەيدانىدا سەۋر قىلىش كىشىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولۇپ، خالىسا سەۋر قىلىدۇ، خالىسا كېتىپ قالىدۇ».